ۋىللا كاتېر (ئامېرىكا)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئارزۇگۈل سابىت

# بوزدا ئېچىلغان گۈل



بېيجىڭ • مىللەتلەر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
啊，拓荒者/(美)卡特著；阿孜古力译.—北京
民族出版社，2004.4
ISBN 7—105—06125—1

Ⅰ.啊… Ⅱ①卡…②阿… Ⅲ.长篇小说—美国—现代—
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.Ⅰ712.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2004）第 025034 号

责任编辑：牙库甫
责任校对：热西提.瓦依提
出版发行：民族出版社　　电话：010 — 64290862
网　　址：http://WWW.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编 100013
印　　刷：艺辉印刷有限公司
经　　销：各地新华书店
版　　次：2004 年 5 月第一版　　2004 年 5 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 1/32
印　　张：9.25
印　　数：0001-- 3000 册
定　　价：12.00 元

# قسقىچە مەزمۇنى

«بوزدا ئېچىلغان گۈل» ئامېرىكا ئايال يازغۇچىسى ۋىللا كاتېرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى. ئەسەر ھەرقايسى جەھەتلەردىكى يۇكسەك مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان.

ئەسەردە سۆزلەنگىنى ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدا ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ كەلگەن ھېكايە، قەدىمىي ئەمما يېڭى، ئاددىي ئەمما ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ: بىر توپ ئەر - ئايال، قېرى - ياش يۇرتلىرىنى تاشلاپ چىقىپ، بىر ئىپتىدائىي دالىغا قۇرۇق كېلىپ ماكانلىشىدۇ. بۇ يەردە ئىگىلىك تىكلەش خۇددى چولاق كەتمەندە تاغ يارغاندەك جاپالىق ئىش ئىدى. بەزىلەر ئىرادىسى سۇنۇپ، يېرىم يولدا يىقىلىدۇ؛ بەزىلەر كۆزى قورقۇپ باشتىلا چېكىنىدۇ. غەلىبە ئاخىر ئاشۇ ماڭغان يولىدىن قايتمايدىغان، ئىرادىسى كۈچلۈك، ئەقىل - پاراسەتتە باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. توسۇن تايدەك ياۋايى تەبىئەت دۇنياسى ئاخىر بويسۇنىدۇ، ئۆز ۋاقتىدىكى قاقاس دالا مۇنبەت تۇپراققا ئايلىنىدۇ. كىشىلەر ئاخىر بىر جۈپ ئىشچان قولى بىلەن گۈزەل ئۆي - ماكان، باياشات تۇرمۇش بەرپا

قىلىدۇ. كىشىلەر ھاياتلىق يولىدىكى بۇ ئېلىشىشتا ھەرقايسى جەھەتلەردىن پىشىپ يېتىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس سېھرىي كۈچى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ ھەربىر قۇرىدىن بىر خىل ئاددىي، ساپ، يوشۇرۇن، ئەمما ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بۇ گۈزەللىك تۇپراققا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتتىن كەلگەن.

# مۇندەرىجە


يايلاق باھارى .................................. 2

بىرىنچى قىسىم چۆل .......................... 3

ئىككىنچى قىسىم قوشنا زېمىن .................... 71

ئۈچىنچى قىسىم قىش ئەسلىمىسى .................. 177

تۆتىنچى قىسىم ئاق ئۈجمە دەرىخى ................ 198

بەشىنچى قىسىم ئالېكساندرا ...................... 257

نەقەدەر كەڭ تۇپراق،
زىرائەتلەر ئۈنگۈدا گۈزەللىك بەرگەن!

— مىسكېۋىچ

سارا ئورن جوۋېت خاتىرىسىگە :

ئۈنىڭ كۆركەم ھەم نەپىس ئەمگىكىگە مەڭگۇ يوقالماس مۇكەممەل دۇنيا يوشۇرۇنغان.

# يايلاق باھارى

گۈگۈم، تۈزلەڭلىك،
قاراڭغۇ، مۇنبەت، ئۈنسىز - ساداسىز؛
چەكسىز دالا، ساپان ئىزلىرى
شۇنچە چوڭقۇر ھەمدە رەھىمسىز؛
بولۇق بۇغدايزار، تەلۋە ئوت - چۆپلەر،
جاپاكەش ئاتلار، ھارغىن كىشىلەر؛
پايانسىز يولدا يوق ئادەمزات،
كەچكى قۇياش ئۆچەي دېگەن چوغ،
بار يەنە ئەبەدىي سۈلماس كائىنات.
بالقىيدۇ بۇلاردىن ياپيېشىل باھار،
چوغسىمان قىزىلگۈل چاچقاندەك پۇراق،
قۇشقاچلار ئېيتقاندەك ناخشىنى ياڭراق،
يۇلتۇزلار تارتقاندەك نۇرىنى ھەرۋاق.
ئەي ئاشىقانە باھار،
ئەي تەخىرسىز باھار،
ئەي شوخ ھېسسىياتلىق باھار،
ناخشا ئېيتقىن توختىماي،
كەلسۇن ناخشىلار ئۈنسىز لەۋلەردىن،
كەلسۇن ناخشىلار گىرىمسەن كۆكتىن.

# بىرىنچى قىسىم چۆل

## 1

ئوتتۇز يىل ئىلگىرى، يانۋارنىڭ بىر كۈنى، ئىبىراسىكا ئېگىزلىكىدە شىۋىرغان ھۇۋلىماقتا. خانىۋەر بازىرى گويا توختىتىپ قويۇلغان تەنھا قېيىقتەك شىۋىرغان ئىچىدە جان تالاشماقتا. قار ئۇچقۇنلىرى قاراڭغۇ، پاكار ئۆيلەرنى پىرقىرىماقتا. پەستە كۇل رەڭ ئوتلاق، ئۈستىدە كۇل رەڭ ئاسمان. ئۆيلەر تىك يەرلەرگە قالايمىقان سېلىنغان، بەزىلىرى بىر كېچىدىلا باشقا يەردىن يۆتكەپ كېلىنگەندەك، بەزىلىرى پايانسىز دالىدا كۆجۈم بولۇپ كېتىۋاتقاندا چېچىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ، بىرەر ئۆيمۇ ئادەمگە ئەزەلدىن مۇشۇ يەردە باردەك تۇيغۇ بەرمەيدۇ. شىۋىرغان ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدىنلا ئەمەس، ئاستىدىنمۇ ئۇشقىيتىپ ئۆتىدۇ. ھارۋىلار چوڭقۇر ئىز سالغان كوچا توڭلاپ كەتكەن، بۇ ئاساسلىق كوچا. بۇ كوچا بازارنىڭ شىمالىدىكى قىزىل رەڭلىك كۆرۈمسىز پويىز ئىستانسىسى ۋە ئاشلىق ئامبىرىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرەپتىكى ياغاچ ماتېرىياللىرى مەيدانى ۋە ئات سۇغىرىش كۆلىگە تۇتىشىدۇ. كوچىنىڭ ئىككى بېشىدا بولۇشىغىلا ياسىۋالغان رەتسىز ياغاچ ئۆيلەر — تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، ئىككى بانكا، دورىخانا، يەم-خەشەك دۇكىنى، قاۋاقخانا ۋە پوچتىخانى-

راتتى، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئۇنىڭغا دىققەت قىلمايتتى.
ئۇ بىرەر ئادەمدىن ياردەم سوراشقا، بىرەر دۇكاندارنى
چاقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، چاپىنىنىڭ ئۇزۇن يېڭ-
نى تۇتقىنىچە، يېنىدىكى ئىستولبىنىڭ چوققىسىغا قاراپ
تۇراتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئېسەدىگىنىچە: «ئاسلىنىم،
ھەي ئىسلانچىقىم، توڭلاپ ئۆلىدىغان بويىدى (بولدى)!» دەپ
قوياتتى. ئىستولبىنىڭ چوققىسىدا بىر كۆل رەڭ ئاسلان
مىياڭلىغىنىچە تىترەپ تۇراتتى. بالىنىڭ ھەدىسى بالىنى
بىر دۇكانغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ دوختۇرنىڭ يېنىغا كەت-
كەنىدى. ھەدىسى يوق چاغدا بىر ئىت ئاسلاننى قوغلاپ
ئىستولبىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىۋەتتى. بىچارە ئاسلان ئە-
زەلدىن ئۇنداق ئېگىز يەرگە چىقىپ باقمىغاچقا، قىمىر-
لاشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئى-
گىسىمۇ ئامال قىلالماي تىتىلداپ تۇراتتى. ئۇ سەھرا
بالىسى ئىدى، بۇ يەر ئۇنىڭغا ناتونۇش، غەلىتە تۇيۇلات-
تى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى كىيىمنى قاتۇرۇپ كىيىۋالغان
بىلەن، باغرى قاتتىق ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنى ئەركىن
ھېس قىلالمىدى، ياتسىرىدى، باشقىلارنىڭ مازاق قىلى-
شىدىن قورقۇپ، ئۆزىنى يوشۇرىدىغان جاي تاپالمىدى.
لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنداق يېرىم، كىملەر-
نىڭدۇ مازاق قىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئۇ ئا-
خىر ئۈمىد نۇرىنى كۆرگەندەك بولدى: ئۇنىڭ ھەدىسى
كېلىۋاتاتتى. ئۇ قوپال ئايىغىنى سۆرىگىنىچە ھەدىسىنىڭ
ئالدىغا يۈگۈردى.

ھەدىسى ئېگىز بوي، قاۋۇل قىز، ئۆزىنىڭ نەگە بارى-
دىغانلىقى، نېمە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆڭلىدە سان

ـلار بار. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاختاي ياتقۇزۇل-
غان پىيادىلەر يولىدىكى ئاپئاق قار ئادەملەرنىڭ ئايىغى
ئاستىدا بۇلغىنىپ بولغان. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى-
دە دۇكاندارلار تاماقلىرىنى يەپ قايتىپ كەلگەن، قىرائۇ
تۇتۇپ كەتكەن دېرىزىلەر ئارقىسىدا خېرىدار كۈتۈپ ئول-
تۇرىدۇ. باللار مەكتەپتە، كوچىدا قوپال رەختلەردىن كى-
يىم كىيگەن، قولاقچىلىرىنى بولۇشىغا چۈكۈرۈپ كىيى-
ۋالغان ھەرەڭ - سەرەڭ سەھرالىقلاردىن باشقا ئادەم يوق.
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بازارغا خوتۇنلىرىنىمۇ ئېلىپ كەل-
گەن، بېشىغا قىزىل ياكى گۈللۈك ياغلىق ئارتىۋالغان
ئاياللارنىڭ بىر دۇكاندىن چىقىپ، يەنە بىر دۇكانغا كى-
رىپ كېتىۋاتقانلىقى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدۇ. يول
بويىدىكى تۈۋرۈكلەرگە ھارۋىغا قوشۇلغان ئاتلار باغلان-
غان، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كىگىزلەر يېپىپ قويۇلغان بول-
سىمۇ، سوغۇقتا يەنىلا تىترەپ تۇرىدۇ. پويىز ئىستانسى-
سى ئەتراپى تىپتىنچ، چۈنكى كېيىنكى نۆۋەتلىك پويىز
كېچىدە كېلىدۇ.

بىر دۇكاننىڭ ئالدىدىكى پىيادىلەر يولىدا بىر ئوغۇل
بالا يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ بەش ياشلاردا بار، ئۈزىگە
ئوبدانلا چوڭ كېلىپ قالغان قارا چاپان كىيگەن، بىر قا-
راشقا پەتەك بوۋايغىلا ئوخشايتتى. ئۇچىسىدىكى فىلانېل
ئىشتان تولا يۇيۇلغانلىقتىن قىسقىرىپ كەتكەن، پۇچقاق
بىلەن مىس تۈمشۇقلۇق قوپال ئايىغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاي-
پىقىنىڭ بىرمۇنچە يېرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قولاقچىسى-
نى چۈشۈرۈپ كىيىۋالغان، بۇرنى ۋە يۇمىلاق يۈزى سو-
غۇقتا قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇ-

ـلان بىر نەچچە قېتىم مىياڭلاپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ قو-
يۇپ تۇرىۋەردى. ئالېكساندىرا ئامالسىز قايتىپ كەلدى، —
بولمىدى، ئۇستىگە چىقىپ بىرەرى ھەيدىمىسە چۈشىدى-
غاندەك قىلمايدۇ. لىندستروم ئائىلىسىنىڭ پەيتونىنى با-
زاردا كۆرگەنىدىم، بېرىپ كارلنى ئىزدەپ باقاي، ئۇ بىر
ئامال قىلار. بىراق يىغاڭنى توختات، بولمىسا بارمايمەن.
شارپاڭ قېنى؟ دۇكاندا قالدىمۇ؟ بوپتۇ، مۇشۇ يەردە مى-
ـدىرلىماي تۇرۇپ تۇر، بويىنىڭغا مۇنۇنى ئوراپ قوياي.

قىز قوڭۇر ياغلىقىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا ئوراپ
قويدى. دۇكاندىن چىقىپ قاۋاقخانا تەرەپكە كېتىۋاتقان
كىيىملىرى جۇل - جۇل، پاكار بىر ئادەم مېڭىشتىن
توختاپ، قىز ياغلىقىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن كۆرۈنۈپ
قالغان قويۇق، پارقىراق چاچلارغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.
قىز توم ئىككى تال چېچىنى گېرمان پوسۇنىدا ئۇستىگە
تۇرمەكلىۋالغانىدى. ئۇ ئادەم تاماكىنى ئاغزىدىن ئېلىپ،
قېلىن پەلەي كىيگەن بارماقلىرى ئارىسىغا قىستى.

— پاھ، قىزچاق، نېمىدېگەن ئېسىل چاچ بۇ! —
ئۇ ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك ۋارقىرىۋەتتى، لېكىن كۆڭ-
ـلىدە يامانلىق يوق ئىدى. قىز يونان ئايال قەھرىمانلىرى-
ـنىڭ سۈرى بىلەن ئۇنىڭغا دەھشەتلىك ئالايدى، لېۋىنى
چىشلىدى. ئەمەلىيەتتە مۇنچىلىك قاتتىقلىق قىلىپ كې-
ـتىش كەتمەيتتى. پاكار بوي سەييارە مال ساتقۇچى چۆ-
چۈپ كەتتى، قولىدىكى تاماكىمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى،
نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان سوغۇق شامالغا قارىماي قاۋاق-
ـخانىغا جۆنىدى. ئۇ كۆتكۆچىنىڭ قولىدىن رومكىنى ئې-
ـلىۋاتقاندىمۇ قولى تىترەپ تۇراتتى. ئۇ ئىلگىرىمۇ

بار ئادەمدەك، قەدەم ئېلىشلىرى تېز ھەم قەتئىي. ئۇ ئۇ-
چىسىغا ئەرەنچە ئۇزۇن چاپان كىيگەن (چاپان ئۇنىڭ ئۇ-
چىسىدا قىلچە چانمىغان، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئۇچۇنلا تى-
كىلگەندەك، ئادەمگە راھەت تۇيغۇ بېرەتتى؛ تېخى ئۇنى
ياش ئەسكەرلەردەك سالاپەتكە ئىگە قىلغانىدى)، بېشىدا
ئۇزۇن مويلۇق قۇلاقچا، بوينىغا قېلىن ياغلىقنى چىڭ
ئورىۋالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى جىددىي، ئەمما خىيالچان
كۆرۈنىدۇ، تىنىق، زەڭگەر كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىل-
گەن، كۆڭلى نېمىدىنىدۇر غەش بولسا كېرەك، نەگە قارا-
ۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. قىز ئۇ كىچىك بالىغا
باشتا دىققەت قىلمىدى، بالا چاپىنىدىن تارتقاندىلا، جايىدا
توختاپ بالىغا ئېگىلىشتى، مەڭزىدىكى ياشلىرىنى سۈرت-
تى.
— نېمە بولدى، ئامى؟ دۇكاندىن چىقماي ئولتۇرۇپ
تۇر دېسەم، نېمىشقا سىرتقا چىقىۋالدىڭ؟
— ئاسلان، ھەدە، مېنىڭ ئاسلىنىم! بىر ئادەم ئۇنى
دۇكاندىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەنىدى، بىر ئىت ئۇنى قوغ-
لاپ ئىستولبىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىۋەتتى، — ئامى ئۇ-
زۇن يېڭى ئىچىدىن بارمىقىنى چىقىرىپ، ئىستولبا ئۈس-
تىدە تىترەپ تۇرغان ئاسلاننى كۆرسەتتى.
— ھەي ئامى، ئاسلاننى ئېلىۋالمايلى، بىزگە بىر-
مۇنچە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدۇ، دەپ شۇنچە گەپ
قىلسامۇ ئۇنىمىدىڭ. مانا ئەمدى خوپ بولدىمۇ؟ سې-
نىڭ گېپىڭگە ماقۇل دېگەن گۇناھ مەندە، — قىز ئىستول-
بىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، قوللىرىنى يۇقىرىغا سوزۇپ ۋار -
قىرىدى، — ئاسلانچاق، قايتىپ چۈشكىن، — بىراق ئاس-

يۈگۈردى. ئۇ ئون بەش ياشقا كىرگەن، بويى ئېگىز، تېنى ۋىجىك، ئاجىز ئىدى. ئۇ سايماننى ئېلىپ كەلگەندە، ئالېكساندرا ئۇنىڭدىن پەلتوسىنى نەگە تاشلاپ قويغانلىقىنى سورىدى.

— مىلىچمال دۇكىنىغا سېلىپ قويدۇم، پەلتو بىلەن ئىستولبا ئۈستىگە چىققىلى بولمايدۇ - دە. ئامى، يىقىلىپ چۈشسەم تۇتۇۋال جۇمۇ! — ئۇ ئىستولبىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ ۋارقىرىدى. ئالېكساندرا ئەنسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، يەر قاتتىق توڭلاپ كەتكەنىدى. ئاسلان مىدىر قىلماي تۇراتتى. كارل ئامالسىز ئىستولبىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ، ئىستولبىغا چاپلىشىپ تۇرغان ئاسلاننى تەستە ئاجرىتىپ ئېلىپ چۈشتى، ئاسلاننى كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتقان ئىگىسىگە تۇتقۇزدى.

— بولدى، ئەمدى ئاسلىنىڭنى ئېلىپ دۇكانغا كىرىپ بىردەم ئىسسىنىۋال، ئامى، — ئۇ بالىغا ئىشكنى ئېچىپ بەردى، — توختاپ تۇرۇڭا، ئالېكساندرا، مەن سىلەرنىڭ هارۋاڭلارنى ئۆيۈمگە بارغۇچە هەيدەپ بېرەي، بولامدۇ؟ بارغانسېرى سوغۇق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. دوختۇر بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

— كۆرۈشتۇم، ئەتە باراي دەيدۇ. بىراق، دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، دادامنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەن، ساقىيالمايدىغان ئوخشايدۇ، — قىزنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشقا كۆچ توپلاۋاتقاندەك، هەرقانچە ئازابلىق بولسىمۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەقدىرنىڭ يىپىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندەك، چۆلدەرەپ قالغان كوچىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

قىزلارغا ئانچە ـ مۇنچە چاقچاق قىلىپ بۇرنىغا يېگەن، لېكىن بۇگۈنكىدەك ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغاندى. ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ پەسكەش ھېس قىلدى، خۇددى بوزەك قىلىشقا ئۇچرىغاندەك ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلاندى.

ئۇ بىر سەييارە مال ساتقۇچى، ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىدىغان بۇ بازاردا ئۆيمۇ ئۆي دوقۇرۇپ يۈرىدۇ، سوغۇق، قار ـ شىۋىرغانغا قارىماي، پاسكىنا تاماكا چېكىش ۋاگونىدا ئولتۇرۇپ نە ـ نەلەرگە بارىدۇ. بىرەر قىز كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالسا، يىگىتلىكى تۇتۇپ، ئانچە ـ مۇنچە چاقچاق قىلىپمۇ قويىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ ـ دە.

سەييارە مال ساتقۇچى ھاراق ئىچىپ ئۆزىنى تەڭشەۋاتقاندا، ئالېكساندرا مىلىچمال دۇكىنىغا ئالدىراپ ماڭدى. كارل لىندستروم بىر بولسا شۇ يەردە ئىدى. كارل دېگەندەك شۇ يەردە بولۇپ چىقتى، ئۇ رەڭلىك «مەشىق رەسىملەر» ژۇرنىلىنى ۋاراقلاپ تۇراتتى. بۇ مىلىچمال دۇكىنىنىڭ خوجايىنى خانىۋېر بازىرىدىكى فارفور قاچا ـ قۇچىلارغا رەڭ بېرىدىغان ئاياللارغا سېتىپ بەرگەن ژۇرنال ئىدى. ئالېكساندرا كارلغا كېلىش سەۋەبىنى ئېيتتى. ئاندىن يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كوچا دوقمۇشىغا كەلدى، ئامى تېخىچە ئىستولبا يېنىدا ئولتۇراتتى.

— ئۈستىگە چىقىپ تۇتۇپ چۈشمىسەم بولمىغۇدەك، ئالېكساندرا. بېكەتتە ئىستولبىغا چىقىدىغان سايمان بولۇشى مۇمكىن، مەن بېرىپ كېلەي، — كارل قوللىرىنى يانچۇققا سېلىپ، شىمالدىن ئۇرۇۋاتقان شامال ئىچىدە بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ

قىزچاقنىڭ تېرىسى قارامتۇل، قونچاقنىڭكىگە ئوخشايدىغان چاچلىرى ۋە دۈگىلەك كۆزلىرى سارغۇچ، لەۋلىرىدىن قان تېمىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھەممە ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلەتتى، ئۇ كۆزلەر ئالتۇن رۇدىسىدەك سارغۇچ نۇر چېچىپ تۇراتتى، بەزى قاراڭغۇراق يەرلەردە خۇددى كولورادو شتاتىنىڭ «يولۋاس كۆزى» دەپ ئاتىلىدىغان رۇدىسىدەك نۇر چاچاتتى.

يەرلىك سەھرالىق باللار پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە يېپىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كۆڭلەك كىيەتتى. لېكىن شەھەرلىك باللار ئەينى چاغدا «كاتېر گرېنئاۋى[1]» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل پاسوندىكى كىيىملەرنى كىيەتتى. قىزچاقنىڭ ئېتىكىگە قاتمۇقات پۈرمە چىقىرىپ توقۇلغان قىزىل يۇڭ كۆڭلىكى يەرگە تېگىپ دېگۈدەك تۇراتتى. بۇ ياسىنىشىغا كەڭ گىرۋەكلىك شلەپىسى قوشۇلۇپ، ئۇنى نازاكەتلىك ياش چوكانغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇ بوينىغا ئاق رەڭلىك يۇڭ شارپا ئورىۋالغانىدى. ئامى ھەۋەس بىلەن شارپىنى تۇتۇپ باقتى، ماكرى قىزغىنىدىغان ئىشنى قىلمىدى. ئامىنى بۇ چىرايلىق ھەمراھىنىڭ يېنىدىن تارتىپ كېتىشكە ئالېكساندرانىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى، ئۇلارنىڭ ئاسلان بىلەن ئوينىشىغا قاراپ تۇردى. بىر چاغدا توۋېسكى پەيدا بولۇپ، جىيەننى ئەتراپىدىكىلەرگە كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئېلىۋالدى. توۋېسكىينىڭ

① كاتېر گرېنئاۋى (كاتېرىن گرېنئاۋى، 1846—1901) ئەنگلىيىنىڭ قىستۇرما رەسىم رەسسامى، باللار كىتابلىرىغا قىستۇرما رەسىم سىزىش بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ سىزمىسىغا ئاساسەن لايىھەلەنگەن باللار كىيىملىرى ئەينى چاغدا ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدە يۈكسەك شۆھرەت قازانغان.

كۆچلۈك شامال ئۇنىڭ پەلتوسىنىڭ پەشلىرىنى ئۇچۇ-رۇپ، يوتىسىغا ئۇراتتى.

كارل ئۇندىمىدى، لېكىن قىز ئۇنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. كارلمۇ تىكەندەك يالغۇز ئى-دى، تېنى ئاجىز، قاپقارا كۆزلىرىنى خىيال بېسىۋالغان، ھەرقانداق ھەرىكىتى ئاستا، سىلىق ئىدى. كېسەلمەن ئادەمدەك، چىرايىدا قان دىدارى يوق ئىدى، لەۋلىرى قىز بالىنىڭ لەۋلىرىدەك نېپىز، سەزگۈر ئىدى. سەل پەسكە ساڭگىلىغان جاۋغايلىرىدىن ئازاب ۋە ئىشەنچسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئىككى دوست جاندىن ئۆتىدىغان سو-غۇقتا بىر - بىرىگە قارىشىپ خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرۇشتى. ئىككىسى گويا يولدىن ئادىشىپ قالغان، تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئېسەنگىرەپ تۇرۇپ قالىدىغان يولۇچىلارغا ئوخشاپ قال-غانىدى.

— مەن بېرىپ ھارۋاڭلارنى قاتاي، — دېدى كارل ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ.

ئالېكساندرا دۇكانغا كىرىپ، قىلغان سودىلىقلىرىنى يىغىشتۇردى. ئاندىن سوغۇقتا ئۇزۇن يول ماڭىدىغان بول-غاچقا، بىردەم ئىسسىنىۋېلىش ئۇچۇن ئوت يېنىغا كەل-دى.

ئالېكساندرا ئامىنى كىيىم - كېچەك، گىلەم ساتىدى-غان تەرەپنىڭ پەلەمپىيدىن تاپتى. ئۇ بوخېمىيىلىك قىز-چاق ماكرى توۋېسكي بىلەن ئويناۋاتاتتى. قىزچاق قول-ياغلىقىنى ئاسلاننىڭ بېشىغا ياغلىق قىلىپ تېڭىۋاتاتتى. ماكرى باشقا يۇرتلۇق، ئۇ ئاپىسى بىلەن بىللە ئومافادىن بۇ يەرگە تاغىسى جوئې توۋېسكىينى يوقلاپ كەلگەن.

چىرايلىق بىر ئوغۇل بالا بىلەن تونۇشۇپ قالغان، كەمپۇ-
تىمدىن ئۇنىڭغا ئازراق بېرەي، — ئۇ ئامى تەرەپكە لەرزان
قەدەم بىلەن ماڭدى، قىزىشىپ كەتكەن چوقۇنغۇچىلىرى
ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئەمدى ئۇلار ئامىنى ئارىغا ئېلىۋې-
لىپ، ئۇنىڭ چېچىغا تېگىشكە باشلىدى، ئامى خىجىل
بولۇپ، ھەدىسىنىڭ ئېتەكلىرى ئارىسىغا ئۆزىنى بوشۇر-
دى. بۇ قىلىقنى ھەدىسى ئەيىبلەپ كەتتى.

سەھرادىن كەلگەنلەر قايتىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈش-
تى. ئاياللار سودىلىقلىرىنى يىغىشتۇردى، ياغلىقلىرىنى
ياخشىلاپ تېڭىشتى. ئەرلەر ئاشقان ئاز - تولا پۇللىرىغا
تاماكا، كەمپۈت ئېلىشتى. ئۇلار يېڭى ئالغان ئۆتۈك،
پەلەي ۋە كۆڭلەكلەرنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىشەتتى.
ئېگىز بوي ئۈچ بوخېمىيىلىك قوۋزاقدارچىن پۇراپ تۇرى-
دىغان ئىسپىرتنى ئىچىش بىلەن ئالدىراش ئىدى، ئۇلار
بۇنى ئىچىۋالسا مۇزلىماسمىش. ئۇلار ئىسپىرتنى ھەربىر
يۇتقاندا لېۋىنى چىشلەپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ بار ئاۋازىنى
قويۇۋېتىپ ۋارقىراپ سۆزلەشلىرى ئەتراپتىكى ھەممە ئا-
ۋازنى بېسىپ چۈشەتتى. قىزىپ كەتكەن دۇكان ئۇلارنىڭ
ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، تاماكا، تېرە ۋە كىرسىنىنىڭ پۇراق-
لىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى.

كارل دۇكانغا كىرىپ پەلتوسىنى كىيدى، ئاندىن
مىستىن تۇتقۇچ ئورنىتىلغان كىچىك بىر ياغاچ قۇتىنى
ئالدى.

— ئەمدى ماڭايلى، — دېدى ئۇ، — ئاتنى سۇغى-
رىپ، قورسىقىنى تويغۇزدۇم، ھارۋىنىمۇ قوشۇپ قوي-
دۇم، — ئۇ ئامىنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا چىقىرىپ، تىزلى-

باللىرىنىڭ ھەممىسى ئوغۇل ئىدى، شۇڭا بۇ قىزغا بۆ-
لەكچە ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى ئەتراپى-
نى ئورىۋېلىپ، قىزچاقنا ئامراقلىقى كېلىپ چىقىشات-
تى، قىزچاق بولسا ئۇلارنىڭ چىقىشىشلىرىغا خاپا بول-
مايتتى. قىزچاق ئۇلارغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنىدى،
چۈنكى بۇ ئەتراپتىكىلەر مۇنداق ئوماق، مۇنداق ياخشى
تەربىيە كۆرگەن قىزنى كەمدىن - كەم كۆرەتتى. ئۇلار
قىزچاقنا ئۆزلىرى ئارىسىدىن كۆڭلى تارتقان بىرىنى تال-
لىۋېلىشنى ئېيتتى، بەزىلىرى ئۇنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن
تاتلىق - تۈرۈم دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆرسىتىشتى.
قىزچاق ئاغزىدىن تاماكا ۋە ھاراقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرى-
دىغان، يۈزىنى ساقال باسقان چىرايلارغا شوخلۇق بىلەن
بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئاندىن نازۇك بارمىقى
بىلەن توۋېسكىينىڭ ساقال باسقان ئېڭىكىنى سىلاپ تۇ-
رۇپ:

— مانا بۇ مېنىڭ سۆيگىنىم، — دېدى.

بوخېمىيىلىكلەر پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. تو-
ۋېسكىي جىيەنىنى بار كۈچى بىلەن قۇچاقلىدى.

— بولدى قىلىڭ، تاغا! بەك قىستىۋەتتىڭىز! — دەپ
ۋارقىراپ كەتتى ماكرى.

توۋېسكىينىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ ھەر بىرى ماكرىغا بىر
بولاقتىن كەمپۈت بەردى. ئۇ سەھرا كەمپۈتىنى ئانچە
ياخشى كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، ئۇلارنى نۆۋەت بىلەن بىر
قېتىمدىن سۆيۈپ قويدى. قانداق بولدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ
ئېسىگە ئامى كېلىپ قالدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭ، تاغا، — دېدى ئۇ، — مەن بايا

رىدۇ، لېكىن ئادەمنى ئۆزىگە ھەقىقىي تارتىپ تۇرىدىغىنى يەنىلا تۇپراقنىڭ ئۆزى. بۇ تۇپراق گۈڭگالىق ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتقان قاقاسلىقتا جان تالىشىۋاتقان كىچىككىنە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئۆز چاڭگىلىدا تىز گىنلەپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئەنە شۇ چەكسىز كەتكەن بوز تۇپراققا قارىسىلا، يىگىتنىڭ جاۋغىيىدا ئازابلىق ئالامەتلەر پەيدا بولاتتى، چۈنكى ئۇ ئادەملەرنىڭ شۇنچىلىك ئاجىزلىقىنى ھېس قىلغان، ئادەملەر بۇ تۇپراققا ھېچقانچە ئىز سالالمايۋاتاتتى، تۇپراق بولسا ئۆزىنى باشقىلارنىڭ پارالەندە قىلىشىنى خالىمايتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇدھىش كۈچىنى، تەبىئىي گۈزەللىكىنى، ئايىغى چىقماس مۆڭلىرىنى ساقلاپ قالماقچى.

ھارۋا تولۇقلاپ كەتكەن ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا سىلكىنىپ كېتىپ بارىدۇ، ئىككى دوست ئادەتتىكىدىن كەم سۆز، قەھرىتان سوغۇق ئۇلارنىڭ يۈرىكىگىمۇ ئۆتۈپ كەتكەندەك ئىدى.

— روئي بىلەن ئوسكار بىرۇغا ئوتۇنغا كەتتىمۇ؟ — سورىدى كارل.

— ھەئە، ئۇلارنى ئەۋەتكىنىمگە پۇشايمان قىلىپ قالدىم. بىراق ئوتۇن سەللا ئازلاپ قالسا ئاپام ئولتۇرالماي قالىدۇ، — ئالېكساندىرا گەپتىن توختاپ، پېشانىسىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى ئارقىسىغا قايرىدى، — ئەگەر دادامغا ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا قانداق قىلىشىمنى بىلمەيمەن. كارل، بۇنى ئويلاشتىنىمۇ قورقىمەن. بەزىدە شۇنداقمۇ ئويلاپ قالىمەن، ھەممىمىز دادام بىلەن بىللە كەتسەك، چۆپلەر تېخىمۇ ئېگىز ئۆسسە، ھەممە نەرسە-

رىنى شال پاخىلى بىلەن يېپىپ قويدى. دۇكان ئىسسىق بولغاچقا، بالىنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ قالغانىدى، شۇنداق-تىمۇ ئاسلاننى مەھكەم قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى.

— سەن بەك ياخشى ئىكەنسەن، كارل، شۇنچە ئې-گىز ئىستولىغا چىقىپ ئاسلىنىمنى ئەچۈشۈپ بەردىڭ. مەنمۇ چوڭ بولغاندا ئىستولىلارغا چىقىپ كىچىك بالى-لارنىڭ ئاسلانلىرىنى ئەچۈشۈپ بېرىمەن، — دېدى ئامى ئۇيقۇلۇق ئىچىدە جۆيلىگەندەك. ھارۋا بىرىنچى دۆڭدىن ئۆتۈپ بولمايلا، ئامى بىلەن ئاسلان تاتلىق ئۇيقۇغا كەت-تى.

قىشنىڭ كۈنى بىر تۇتام دېگەن گەپ بار. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت بولۇشىغىلا ئاسمانىنىڭ رەڭگى ئۆ-چۈشكە باشلىدى. ئۇلار غەربىي جەنۇبقا قاراپ كېتىۋاتات-تى، قوغۇشۇن رەڭگىنى ئالغان ئاسمانىنىڭ شۇنچىكىم ئاقىرىپ تۇرغان يەرلىرىدىن سۇس شولا چۈشۈپ تۇراتتى. چىرايلىرىدىن مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرغان ئىككى ياش باش-لىرىنى بۇرىدى، شولا ئۇلارغا چۈشتى: شولا قىزنىڭ كۆزىگە چۈشتى، قىز گويا ئىستىقبالىغا چەكسىز ئازاب ئىچىدە قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى؛ شولا يىگىتنىڭ ئو-را كۆزلىرىگە چۈشتى، يىگىت بولسا ئۆتمۈشىگە نەزەر تاشلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بازار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا غا-يىب بولدى، خۇددى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان-دەك، كۆتۈرۈلۈپ چىققان يايلاق ئارقىسىدا قالدى. سو-غۇق سەھرا ئۇلارنى قوينىغا ئالدى. كەنتتە ئادەملەر ئاز، ئۆيلەر تارقاق ئىدى. بەزىدە بىرەر كونا تۈگمەن ئۇپۇقتا كۆرۈنۈپ قالدۇ. ئويمانلىقتا بىر تام ئۆي كۆرۈنۈپ تۇ-

— تاپتىم. ئۇ ئارقىڭىزدىكى سامانىنىڭ ئاستىدا. بىر قۇتا كۆتۈرۈپ يۈرگىنىمگە دىققەت قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئەتى-گەندە دورىخانىنىڭ كىچىك ئۆيىدە سىناپ باقتىم. شۇن-داق ياخشى قامالاشتى، ئاجايىپ ياخشى كۆرۈنۈشلەر بار.

— قانداق كۆرۈنۈشلەر؟

— ھە، گېرمانىيىنىڭ ئۇۋچىلىقتا دائىر كۆرۈنۈش-لىرى، روبىنسون توغرۇلۇق، يەنە ئادەم يەيدىغان قىزى-قارلىق كۆرۈنۈشلەر بار. مەن ئاندېرسېن چۆچەكلىرىدىن بىر نەچچە پارچە رەسىم تاللىماقچى.

ئالېكساندرانىڭ كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك قىلاتتى. تۇرمۇش ئۇلارنى بالدۇرلا چوڭ ئادەمگە ئوخشى-تىپ قويغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلاردا بالىلارغا خاس خۇسۇسى-يەتلەر ئاز ئەمەس ئىدى.

— ئۇنى چوقۇم ئېلىپ بېرىڭ، كارل، ئۇنى ھازىرلا كۆرگۈم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ. دادام ئۇنى كۆرسە چوقۇم خۇشال بولىدۇ. رەسىملىرى رەڭلىكمۇ؟ ئۇنداقتا دادام چوقۇم ياقتۇرىدۇ. بازاردىن بىر كالېندار ئەكېلىپ بەر-سەم، ئۇ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمدى مۇ-شۇ يەردە چۈشۈپ قالامسىز؟ يولدا ھەمراھ بولسا نېمىدې-گەن ياخشى.

كارل ھارۋىنى توختىتىپ، تازا خاتىرجەم بولالمايۋات-قاندەك، قاراڭغۇ ئاسمانغا قارىدى.

— بەك قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئاتقۇ يولنى ئۆزى تېپىپ ماڭىدۇ، شۇنداقتىمۇ چىراغنىياندۇرۇپ قوياي.

ئۇ بوجىنى ئالېكساندراغا بەردى، ئاندىن ئارقا تەرەپ-كە ئۆتۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، پەلتوسىنى دالدا قىلىپ

نى يېيىپ كەتسە.
كارل ئۈندىمىدى. بۇ چاغدا ئۇلار نورۋېگىيە قەبرىس-
تانلىقىغا كېلىپ قالغانىدى، قەبرىستانلىقنى قىزغۇچ
ئوتلار بېسىپ كەتكەن، ھەممە نەرسىنى، ھەتتا سىم تور-
نىمۇ يېپىۋالغانىدى. كارل قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يارام-
سىزدەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەيت-
تى.
— ئەلۋەتتە، — ئالېكساندرا گېپىنى داۋاملاشتۇر-
دى، ئاۋازى بايىقىدىن جانلىق ئىدى، — بىزنىڭ ئۆيدىكى
ئوغۇللار ساغلام، ئىشچان، لېكىن بىز بۇرۇندىن ھەرقان-
داق ئىشتا دادىمىزغا يۆلىنىپ ئۆگىنىپ قاپتۇقكەن، شۇ-
ڭا، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ياشىشىمىزنى بىلمەيمەن،
ھەتتا ماڭا ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغاندەكمۇ بىلىنىدۇ.
— دادىڭىز ئۆز ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلەمدۇ؟
— بىلىدىغاندەك قىلىدۇ. ھەر كۈنى يېتىۋېلىپ بار-
ماقلىرىنى پۈكۈپ بىر نېمىلەرنى ھېسابلايدۇ، بىزگە قال-
دۇرۇپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى ھېسابلاۋاتسا كېرەك.
مەن باققان توخۇلار قىشچە تۇغۇشتىن توختاپ قالمىدى،
تۇخۇمنى ئاز - تولا پۇل قىلىۋالدۇق، بۇمۇ دادامغا خېلى
تەسەللى بولدى. ئۇنى بىردەم بولسىمۇ غەمدىن يىراق
قىلساق دەپ ئويلايمىز. بىراق ھازىر ئۇنىڭ بىلەن بىللە
بولىدىغان ۋاقتىمىز كۆپ قالمىدى.
— ئىككى كۈندىن كېيىن كەچتە سېھىرلىك چىراغ-
نى ئېلىپ باراي، دادىڭىز ئۇنى ياقتۇرامدىكىنتاڭ؟
ئالېكساندرا يىگىتكە بۇرۇلدى:
— ۋاھ، كارل! ئۇنى تاپتىڭىزمۇ؟

تەڭنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە چاتقال ۋە تې-
رەكلەر ئۆسۈپ كەتكەندى. بۇ ئۆستەڭ قىرغاقتىكى يېزا
ئىگىلىك مەيدانىغا بىر بەلگە بولۇپ قالغان. يېڭى قۇرۇل-
غان بىر كەنتنىڭ ئادەمنى ئېزىقتۇرۇپ قويىدىغان نۇرغۇن
تەرەپلىرى بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئېچىنى ئەڭ سىقىدىغىنى،
بۇ يەرگە ھېچقانداق يول بەلگىلىرى ئورنىتىلمىغان.
«چېگرا سىزىقى» ئۈستىدىكى ئۆيلەر ناھايىتى كىچىك،
ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاساسەن ئويمان يەرلەرگە سېلىنغان،
يېنىغا بارمىغۇچە كۆرمەيسىز. ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى
تام ئۆيلەر، قارىسىڭىز سىز نەگىلا بارسىڭىز قېچىپ
قۇتۇلالمايدىغان تۇپراقنىڭ يەنە بىر خىل شەكلىدىن باشقا
نەرسە ئەمەس. يول دەۋاتقىنىمىز ئەمەلىيەتتە چۆپلۈكلەر
ئارىسىدا تەستە ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان ئەگرى - بۈگرى
چىغىر يوللار، ئېتىزلارنىمۇ پەرق ئېتىش تەس. سوقىلار-
مۇ يەردە تۇزۇك ئىز قالدۇرالمىغان، زامان - زامانلار
ئىلگىرىكى ھايۋانلارنىڭ تاش ئۈستىدە قالغان تىرناق ئىزى-
دەك كۆرۈنىدۇ، ئادەمگە ئىنسانىيەت كۆرىشىنىڭ ئىز - تام-
غىسى ئەمەس، كۆچكەن مۇزلارنىڭ ئىزناسىدەك تۇيغۇ
بېرىدۇ.

جون بوگسېن بۇ يەرگە بوز يەر ئاچقىلى كەلگەن.
يەر بىلەن ئېلىشىۋاتقىنىغا ئون بىر يىل بولدى، يەنىلا
ھېچقانچە ئىز سالالمىدى، يەرنىڭ ياۋايىلىقىنى بويسۇن-
دۇرالمىدى. يەرنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپلا غەلىتە مىجەزى
قوزغىلىپ قالىدۇ، قاچان قوزغىلىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈ-
چۈن قوزغىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ تۇپراق-
نىڭ ئۈستىدە ئاپەت يۇلتۇزى ئېسىلىپ تۇرىدۇ، ئاپەت

تۇرۇپ چىراغنى تەستە ياندۇردى. چىراغنى ئالېكساندرا-
نىڭ ئالدىغا قويۇپ، كۆزىنى چېقىپ كەتمەسلىكى ئۈ-
چۈن، بىر تەرىپىنى توسۇپ قويدى.

— ئەمدى قۇتامنى ئېلىۋالاي، ھە، بۇ يەردە ئىكەن.
كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، ئالېكساندرا، ئىشلار-
دىن بەك غەم قىلىپ كەتمەڭ، — كارل ھارۋىدىن سەكرەپ
چۈشۈپ، لىندستروم قورۇسىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

— ۋۇ . . . ۋۇ . . . — كارل ئارقىسىغا قاراپ ۋارقى-
رىدى، بىر دۆڭدىن ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. شامال
ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك: «ۋۇ . . . ۋۇ . . .» قىلىپ
ھۇۋلايتتى. ئالېكساندرا ھارۋىنى ئۆزى ھەيدەپ يۈرۈپ
كەتتى. ھارۋىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى شامال يۇتۇپ
كەتكەندى، ئالېكساندرانىڭ ئىككى پۇتى ئوتتۇرىسىغا
قىستۇرۇلغان چىراغ يۆتكىلىشچان ئۆز ھالىتىدە ئىلگى-
رىلەپ، زۇلمەت باسقان كەنتكە ئىچكىرىلەپ كىرىپ
كېتىۋاتاتتى.

2

سوغۇق قۇترىغان چۆلدە بىر دۆڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرا-
دۇ، ئۈستىدە پاكار بىر ياغاچ ئۆي بار، ئۆلۈم گىردابىغا
بېرىپ قالغان جون بوگسېن مۇشۇ ئۆيدە تۇرىدۇ. بوگ-
سېننىڭ ئۆيىنى تاپماق ئاسان، چۈنكى ئۇ نورۋېگىيە
ئۆستەڭىنىڭ بويىدا. ئۇ تېيىز ھەم لاي ئۆستەڭ، بەزىدە
سۈيى بار، بەزىدە سۈيى تارتىلىپ قالىدۇ، ئەگرى - بۈگ-
رى ئويمانلىق ئىچىدە يىراقلارغا سوزۇلۇپ بارىدۇ. ئۆس-

يۇرگەندى.
بوگسىن «چېگرا سىزىقى»غا كەلگەن دەسلەپكى بەش يىلدا ئۆزىگە بىرمۇنچە قەرز ئارتتۇالدى، كېيىنكى ئالتە يىلى قەرز تۆلەش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قەرز - قورۇزلىرىنى قايتۇرۇپ بولغاندا، دەسلەپ ئىش باشلىغان چاغدىكى هالىتىگە كېلىپ قالدى، يەردىن باشقا هېچنېمە- سى قالمىدى. ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن يىراققا سوزۇلغان ساق ئالتە يۇز قىرىق ئاكر يەر ئۇنىڭغا قاراشلىق. ئۇنىڭغا ئەسلى بۆلۈپ بېرىلگەن جايلىق ۋە ئورمانلىق يەر ئۇچ يۇز يىگىرمە ئاكر ئىدى، كېيىن ئىنىسىنىڭ يەنە شۇنچىلىك يېرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئىنىسى يەر بىلەن بولغان بۇ كۇرەشتە ئاق بايراق چىقارغانىدى. ئۇ چىكاگوغا بېرىپ خېلى ئۇبدان بىر بولكىخانىدا ئىشلىدى، كېيىن شۇېتسىد- يىگە كېتىپ، بىر تەنتەربىيە كۇلۇبىدا خېلى داڭق چىقار- دى. بوگسىن ئىنىسىنىڭ يېرىگە هازىرغىچە قول تەگ- كۇزمىدى، پەقەت ئۇنىڭدىن چارۋىچىلىق مەيدانى ئورنىدا پايدىلىنىپ تۇردى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى هاۋا ياخشى چاغ- لاردا ئۇ يەرگە بېرىپ مال باقاتتى.
بوگسىن يەنىلا كونا قاراشتا ئىدى، تۇپراقتا گۇناھ يوق، دەپ قارايتتى. لېكىن بۇ تۇپراق ھەقىقەتەن بىر سىر ئىدى. ئۇ گويا كۆندۇرۇلمىگەن توسۇن تاي ئىدى، ھەم- مىنى ئايىغى ئاستىدا ۋەيران قىلىۋاتاتتى، ئۇنى قانداق كۆندۇرۇش، ئۇنىڭغا قانداق يۇگەن سېلىشنى هېچكىم بىلمەيۋاتاتتى. بوگسىن، ئادەملەر يەرنىڭ ئېپىنى ئالالماي- ۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى، ئالېكساندرا بىلەن دائىم مۇشۇ مەسىلە ئۇستىدە كاللا قاتۇراتتى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ قوش-

ئىلاھى ئادەملەر بىلەن قېرىشىپلا كېلىۋاتىدۇ. دوختۇر
كەتكەندىن كېيىن، بىمار ئورنىدا يېتىپ دېرىزىدىن سىرت-
قا قارىغىنىچە ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ
ئالېكساندرا شەھەرگە كىرىپ چىققانىنىڭ ئەتىسى ئىدى.
ئۇلارنىڭ ئىشىكىدىن چىقسىلا قاقاسلىق، چېكىگە كۆز
يەتمەيدىغان قوغۇشۇن رەڭ تۇپراق كۆزگە تاشلىنىپ تۇرى-
دۇ. بۇ يەردىن ئۇپۇقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەربىر
تاغ، ھەربىر ئازگال، ھەربىر جىلغا بوگسېنغا بەش قول-
دەك تونۇش. ئۆيىنىڭ جەنۇب تەرىپى ئۇ سوقا سېلىپ
قويغان ئېتىز؛ شەرق تەرىپىدە تام سوقۇپ سېلىنغان ئات،
كالا ئېغىللىرى، كۆل بار، ئۇنىڭ ئۇپىقى ئوتلاق.
بوگسېن بېشىغا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلارنى بىر -
بىرلەپ ئەسلەپ ئۆتتى. بىر يىلى ئۇنىڭ كالىلىرى بىر
قېتىملىق قاتتىق شىۋىرغاندا پۈتۈنلەي ئۆلۈپ كەتتى. كې-
لەر يىلى ئۇنىڭ سوقىغا قېتىپ يۈرگەن ئېتى ئوتلاقتا بىر
ئازگالغا پۈتىنى تىقىپ سۇندۇرۇۋالدى، ئۇ ئامالسىز ئۇنى
ئېتىۋەتتى. يەنە بىر يىلى يازدا ئۇنىڭ چوشقىلىرى خولېرا
بىلەن قىرىلىپ كەتتى، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ كېلى-
ۋاتقان بىر ئارغىماق ئېتىنى يىلان چېقىپ ئۆلتۈردى.
ئۇنىڭ تىرىقچىلىقلىرى ھوسۇل بەرمىدى. كېيىن روئې
بىلەن ئامىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ئوغلى ئۆلۈپ
كەتتى، ئۇلارنى داۋالىتىش ۋە ئۆلۈمنى ئۇزىتىشقا بىر-
مۇنچە پۇل خەجلىدى. مانا ئەمدى تىرىشىپ - تىرمىشىپ
قەرزلىرىدىن ئەمدىلەتىن قۇتۇلۇپ تۇرۇۋىدى، ئەجەل ئىلا-
ھى ئۇنىڭ بېشىغا سايە تاشلاۋاتىدۇ. ئۇ تېخى ئەمدىلا
قىرىق ئالتە ياشقا كىرگەن، ئۆلۈمنى خىيالىغا كەلتۈرمەي

قانچىلىك چىقىم كېتىدىغانلىقىنى دەپ بېرەلەيدۇ، شۇن-
داق قاراپلا، ماللارنىڭ ئېغىرلىقىنى دادىسىغا قارىغاندا
توغرا مۆلچەرلىيەلەيدۇ. روئې بىلەن ئوسكار ناھايىتى تى-
رىشچان، لېكىن بوگسېن ئۇلارغا دىت بىلەن ئىش قى-
لىشنى ھېچ ئۆگىتەلمىدى.
دادىسى ئالېكساندرانى ئۇنىڭ بوۋىسىغا ئوخشىتات-
تى. ئۇنىڭ باشقىلارنى دادىسىغا سېلىشتۇرغىنى ئەقىل-
لىق دېگىنى ئىدى. بوگسېننىڭ دادىسى كېمە سودىسى
بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۆزى جانلىق، ئازراق مال ـ دۇنيا-
سىمۇ بار ئىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغاندا ئىككىنچى قېتىم
توي قىلدى. لېكىن ئۇ ئايال پەزىلىتى ناچار چىقىپ قال-
دى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭدىن خېلىلا ياش ئىدى. ئايال ئۇنى
ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا ئىچىگە تارتىپ كەتتى.
بۇ كېمە سودىگىرى ئۆچۈن ئېيتقاندا، بۇ نادانلارچە باغ-
لانغان نىكاھ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى بار، قېرىلىققا تەن بەر-
مەيدىغان چوڭلار نېرى ـ بېرىسىنى ئويلىماي قىلىپ قو-
يىدىغان ئەخمىقانە ئىش بولغانىدى. ئۇ كەتكەن بىر تۈز
ئادەم ئىدى، ئاشۇ بۆزۈق خوتۇن ئۇنى قىڭغىر يولغا باش-
لاپ كەتتى. ئۇ ھايانكەشلىك سودىسى بىلەن شۇغۇللى-
نىپ، ئۆزىنىڭلا ئەمەس، نامرات دېڭىزچىلار ئامانەتكە
بېرىپ قويغان پۇللارنىمۇ سېلىپ بەردى، ئاخىرىدا نو-
مۇس ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى، بالىلىرىغا ھېچنېمە قالدۇرال-
مىدى. لېكىن، لىللا گەپنى قىلساق، ئۇ دېڭىزدا تۇغۇل-
غان، قولىدا ھېچقانداق مەبلەغ يوق شارائىتتا، ئۆزىنىڭ
قابىلىيىتى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكىگە تايىنىپ، كىچىك
بولسىمۇ پەخىرلىنىشكە ئەرزىگۈدەك ئىگىلىك تىكلىدى،

نىلىرىنىڭ يەر توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرى ئۇنىڭكىدىنمۇ ئاز. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يەرگە كېلىپ يەرگە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى، تېرىقچىلىق دېگەنگە قولىنى تىقىپ باقمىغان، ئۆز يۇرتىدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تىككۈچى-لىك، قولۇپ ياساش، كەپشەرچىلىك قىلىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. بوگسېننىڭ ئۆزىمۇ كېمە-سازلىق زاۋۇتىدا ئىشلىگەن.

بوگسېن بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ چىقتى. ئۇ ئاشخانا يېنىدىكى ئۆيدە ياتاتتى. كۈن-دۈزى ئالېكساندرا بولكا پىشۇرۇۋاتقان، قاچا - قۇچا يۇيۇۋاتقان ياكى كىيىملەرگە دەزمال سېلىۋاتقاندا، بوگ-سېن ئورنىدا يېتىپ تورۇستىكى ئۆزى كېسىپ كەلگەن بەل ياغاچلارغا ياكى سىرتتىكى كاللىلارغا قاراپ كېتەتتى. كاللىلارنى قايتا - قايتا سانايتتى، تايىنچىلارغا ئەتىيازغىچە قانچىلىك ئەت قونۇدىغانلىقىنى پەرەز قىلاتتى، ۋاقتىنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزەتتى، تورۇپ - تورۇپلا قىزىنى يېنىغا چاقىرىپ، مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتى. ئالېك-ساندرا ئون ئىككى ياشقا كىرگەندىلا دادىسىغا ئەسقې-تىشقا باشلىدى. ئۇ چوڭ بولغانسېرى، بوگسېن ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە بىر ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىش كۈچىگە بەكرەك تايىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىشچان ئىدى، لېكىن ئۇ ئوغۇللىرى بىلەن بىردەم پاراڭلاشسىلا گېپى بىر يەردىن چىقماي خاپا بولۇپ قالاتتى. دائىم گې-زىت كۆرۈپ، نەرخ - ھاۋانى بىلىپ تۇرىدىغان، قولۇم - قوشنىلارنىڭ سەۋەنلىكلىرى ئىچىدىن تەجرىبە توپلاپ تۇرىدىغىنى يەنىلا ئالېكساندرا. بىر تايىنچىنى بورداشقا

قىزنىڭ ئېگىز گەۋدىسى بوسۇغىدا پەيدا بولدى. قىز چىراغقا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ياشلىق باھار ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى نېمىدېگەن تەبىئىي - ھە! لېكىن ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ دېگەن ھالەتتىمۇ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئۇ ئاقىۋەتنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى، ئەمدى باشقىدىن باشلاشنى خالىمايدۇ. ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ نەگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى، نېمىگە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئالېكساندرا ئۇنى ياستۇققا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى، قەدىمكى بىر شۋېتسىيىچە ئىسىمدا ئۇنى چاقىردى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا دوكقا تاماق ئېلىپ بارغاندا، دادىسىنى شۇنداق چاقىراتتى.

— ئوغۇللارنى چاقىرىپ كىرىڭ، قىزىم، ئۇلارغا گېپىم بار.

— ئۇلار ئاتلارغا چۆپ سېلىۋاتىدۇ، دادا. ئۇلار بىرۇدىن تېخى بايىلا قايتىپ كەلدى. چاقىرىمەنمۇ؟

— بولدى، ئۆزلىرىمۇ كىرىپ قالار، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ، — ئالېكساندرا، قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ، ئەمدى پۈتۈن ئېغىرچىلىق سىزنىڭ زىممىڭىزگە چۈشىدۇ.

— مەن ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە تىرىشىمەن، دادا.

— ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ، ئوتتو تاغىسىدەك كېتىپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن، مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەرنى ساقلاپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، دادا. بۇ يەردىن ھەرگىز ۋاز

ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىر ئەركەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.
بوگسىن قىزى ئالېكساندرادا دادىسىنىڭ روناق تاپقان چاغلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى، مۇستەھكەم ئىرادە، مەسىلىلەرنى توغرىدىن توغرا ئويلايدىغان ئىستىلىنى بايقىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى بىرەر ئوغلىدا كۆرۈشنى خالايتتى، لېكىن ئەمەلىيەت ئادەمنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولىۋەرمەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىن كۆڭلىدىن رازى، قىزلىرىنىڭ ئىچىدىن بولسىمۇ ئۇنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدىغان، ئۇ مىڭ بىر جاپادا قولغا كەلتۈرگەن تۇپراقنى گۈللەپ ـ ياشنىتىدىغان بىرى چىقتى.
گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىدى. بىمار خوتۇنىنىڭ ئاشخانىدا سەرەڭگە چېقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، ئاڭغىچە ئىشىك يوچۇقىدىن تولىمۇ يىراقتىن كۆرۈنۈۋاتقاندەك بىر شولا كۆرۈندى. ئۇ ئازاب ئىچىدە ئۆرۈلۈپ يېتىپ، شامدەك ئاقىرىپ كەتكەن قوللىرىغا قارىدى. بۇ قوللار نېمە جاپالارنى كۆرمىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورۇن بوشىتىدىغان ۋاقتى كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ خىيال كاللىسىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. لېكىن ئۇ ھازىر يەرنىڭ چوڭقۇر قېتىغا، سوقىلارمۇ چىشىنى پاتۇرالمايدىغان يەرگە بېرىپ ئارام ئېلىشقا چىن كۆڭلىدىن رازى. ئۇ نۇرغۇن خاتالىقلارغا يول قويدى، ئەمدى ئەڭ قىيىن مەسىلىنى باشقا بىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ كەتمەكچى. بۇ قول قىزى ئالېكساندرانىڭ قاۋۇل قوللىرى ئىدى.
— قىزىم، — ئۇ زەئىپ ئاۋازدا ۋارقىرىدى، — قىزىم! — ئۇ جىددىي ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى، ئاڭغىچە

ڭا، بىر - بىرىگىلارنىڭ ھالىغا يېتىپ ئىناق ئۆتۈشۈلار. ئالېكساندرا بۇ ئائىلىنى ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ.

ئوسكار ئادەتتە ئەڭ ئاخىرىدا ئېغىز ئاچاتتى، لېكىن بۇ قېتىم بىرىنچى بولۇپ جاۋاب بەردى. نېمىلا بولسۇن، ئۇ ئوغۇللارنىڭ چوڭى - دە.

— گېپىڭ ئورۇنلۇق، دادا، سەن دېمىگەن ھالەتتىمۇ، بىز شۇنداق قىلاتتۇق. بىز بۇ يەرنى چوقۇم بىرلىكتە ياخشى باشقۇرۇپ كېتىمىز.

— سىلەر ھەدەڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ياخشى ئۈگىسى، ئاپاڭلارنىڭ ياخشى بالىسى بولالايسىلەر، شۇندىلا مەن خاتىرجەم بولىمەن. ئالېكساندرا ئەمدى ئېتىزدا ئىشلەپ يۈرمىسۇن، بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، پەقەت يېتىشەلمىسەڭلار بىرەر ئادەم يالللىساڭلار بولىدۇ. ئالېكساندرا تۇخۇم ۋە ماي سېتىپ تاپقان پۇل ئادەم يالللاشقا كېتىدىغان پۇلدىن كۆپ. بۇ تەرىپىنى بالدۇرراق سېزەلمىگەن گۇناھ مەندە. ھەر يىلى ئىمكان بار كۆپرەك يەر ئېچىڭلار، ئوت - چۆپنى كۆپرەك يىغىۋېلىڭلار. ھەرقانچە ئالدىراش بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ، ئاپاڭلارنىڭ ھويلا - ئارام ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىڭلار. ئۇ سىلەرگە ياخشى ئانا بولۇپ كەلدى. ئۇ ھازىرغىچە يۇرتىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتىدۇ.

بالىلار ئاشخانىغا قايتىپ چىقتى. ئوغۇللار شىرەنى چۆرىدەپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى. قىزىرىپ كەتكەن

كەچمەيمىز.

ئاشخانا تەرەپتىن ئېغىر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئالېكساندرا ئىشىك تۆۋىگە بېرىپ ئىنىلىرىنى چاقىردى. بەستىلىك ئىككى يىگىت، بىرى ئون يەتتە ياشتا، يەنە بىرى ئون توققۇز ياشتا، دادىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كارىۋات يېنىدا تۇردى. ئۆي ئىچى ناھايىتى قاراڭغۇ، ئۇلارنى كۆرەلمىسىمۇ، دادىسى ئۇلارغا سىنچىلاپ قارايتتى. ئۇ كۆڭلىدە ئويلىدى، ئۇ خاتالاشمايدۇ، ئىككى بالىدا قىلچە ئۆزگىرىش يوق، بېشى سوزۇنچاق، غوللىرى كەڭرەكى ئۇسكار، چوڭى شۇ. كىچىكى جانلىق، لېكىن تەمكىنى يوق.

— بالىلىرىم، — دەپ گەپ باشلىدى دادىسى زورۇقۇپ، — مەن سىلەرگە بۇ يەرنى ساقلاپ قېلىڭلار دېمەكچى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەدەڭلار سىلەرگە باش بولىدۇ. مەن يېتىپ قالغاندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن سۆزلەشتىم، مېنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى ئۇ بىلىدۇ. مەن بالىلىرىمنىڭ ئىناق - ئىجىل ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن. بىر ئائىلە بولغانىكەن، ئۇنىڭغا باش بولىدىغان بىر ئادەم بولۇشى كېرەك. ئالېكساندرا بالىلارنىڭ چوڭى، يەنە كېلىپ، مېنىڭ نېمىلەرنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى ئۇ بىلىدۇ. ئۇ ئىشلارنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭدەك كۆپ خاتالىققا يول قويمايدۇ. سىلەر توي قىلىپ، ئۆز ئائىلىڭلارغا جاھان تۇتماقچى بولغاندا، يەرنى قانۇن بويىچە ئادىل بۆلۈشۈۋېلىڭلار. لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا بېشىڭلارغا تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەر كېلىشى مۇمكىن. شۇ-

«ئەگەر ئاپامنى بىر قاقاس ئارالغا ئاپىرىپ تاشلىۋەت-
سە، — دەيتتى ئالېكساندرا، — ئۇ يەنىلا خۇدانىڭ شەپ-
قىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ، ئاندىن باغ - ۋاران بەرپا
قىلىپ، بىر ئامال قىلىپ مۇراببا ياسايدۇ.» بوگسېن خا-
نىمنىڭ مۇراببا ياساش كېسىلى بار دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇ
شۇ سېمىزلىكى بىلەن دائىم نورۋېگىيە ئۈستىگى بويىدى-
كى چاتقاللىقتا بېرىپ، خۇددى ياۋايى ھايۋانلار ئوزۇق
ئىزدىگەندەك، ياۋا ئۈزۈم، قارىئۆرۈك تېرىپ كېلىدۇ. ئۇ
چۆپلەر ئارىسىغا ئۆسۈپ قالغان ياۋا گىلاسقا لىمون شۆ-
پۈكىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر خىل سارغۇچ مۇراببا ياساي-
دۇ؛ باغدىكى پەمىدۇرلاردىن پەمىدۇر قىيامى تەييارلايدۇ.
ئۇ ھەتتا سېسىق كۆك پۇرچاقتا مۇراببا ياسايمەن دەپمۇ
خېلى ئېتىشىپ باققان. بولۇق ئۆسۈپ كەتكەن كۆك پۇر-
چاقلارنى كۆرسە: «ھەي ئىسىت!» دەپ كېتەتتى. ئۇ مۇ-
راببا ياسايدىغان نەرسە تاپالمىغاندا، كۆكتات چىلايتتى،
بۇنىڭغا كېتىدىغان شېكەرگىلا بىرمۇنچە پۇل خەجلەيت-
تى. ئۇ بوگسېننىڭ ئۆزىنى بۇ سەھرايى قىيامەتكە ئەكې-
لىۋالغانلىقىدىن باشتىن - ئاخىر نارازى ئىدى، لېكىن
كەلگەن ئىكەن، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قايتىدىن ئىزغا
سېلىشقا تىرىشاتتى. پەقەت ئۆيدە گۆش، كونسېرۋا،
يەنە دەزمال سېلىنغان كىرلىكلەر بولسىلا، ئۆزىنى دۇنيادا
راھەت ھېس قىلاتتى. قوشنىلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى چې-
چىلاڭغۇلۇقى ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى، لېكىن ئەتراپ-
تىكى ئاياللار بولسا ئۇنى ھاكاۋۇر دەپ قارايتتى. بىر
كۈنى بوگسېن خانىم نورۋېگىيە ئۈستىڭگە كېتىۋېتىپ،
يول ئۈستىدە لې خانىمنى يوقلاپ ئۆتمەكچى بولدى.

كۆزلىرىنى يوشۇرۇپ، تاماق ئۈستىدە قاچىدىن بېشىنى كۆتۈرمىدى. سوغۇقتا بىر كۈن قاتتىق ئىشلىگەن، شىرەدە ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان تاماقلار تىزىلىپ تۇرسىمۇ، گېلىدىن تۈزۈك بىر نەرسە ئۆتمىدى.

توي ئىشىدا بوگسىننىڭ تەلىپى ئۈستۈن بولمىغان، لېكىن ئۇ ياخشى بىر خوتۇن ئېلىۋالغانىدى. بوگسېن خانىم ئاق پېشماق، سېمىز ئايال، ئوغلى ئوسكارغا ئوخشاش مۇلايىم، ساددا، لېكىن ئادەمگە بىر خىل ئازادىلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئازادىلىكنى خالايدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇن بىر يىلدىن بېرى، ئۇ پاكىزلىق، ئازادىلىكنى ساقلاش تەس بولغان شارائىتتىمۇ، ئۆينى پاكىز، رەتلىك تۇتۇش ئۈچۈن ئاجايىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بوگسېن خانىمنىڭ ئادەت كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. بۇ ئائىلىنىڭ روھىي جەھەتتە ۋەيران بولۇپ كەتمەسلىكى، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىكىدە ئۇنىڭ يېڭى شارائىتتا كونا تۇرمۇش قانۇنىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېگىلمەي ـ سۇنماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى مۇھىم رول ئوينىغان. ئالايلى، بوگسېن ئائىلىسىنىڭ ئولتۇرۇۋاتقىنى ياغاچ ئۆي، بۇ بوگسېن خانىمنىڭ تام ئۆيدە ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىدىن بولغان. ئۇ يۇرتنىڭ بېلىقىغا بەك ئامراق، شۇڭا ھەر يىلى يازدا ئىككى ئوغلىنى جەنۇبتىكى دەرياغا ئىككى قېتىم ئەۋەتىپ، ئامۇرسوم بېلىقى تۇتقۇزۇپ كېلىدۇ. باللار كىچىك ۋاقتىدا، ئۇ باللىرىنى قونچاق ـ پونچاقلىرى بىلەنلا ھارۋىغا سېلىپ، ھارۋىنى ئۆزى ھەيدەپ بېلىق تۇتقىلى باراتتى.

هارۋىغا چىقتى ۋە ئامىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، — ئافېنىڭ كۆلىنى بىر كۆرۈپ كەلگۈم بار ئىدى، كەنتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان كۆل يوق دېيىشىدىغۇ. سەن ئافېنىڭ يېنىغا مۇنداق كۆڭلەك كىيىپ بېرىشتىن قورقمامسەن، ئامى؟ ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا سالدۇرۇۋالارمىكىن.

— ئەگەر سىلەر چوڭلار بولمىغان بولساڭلار، مەن ھەرگىزمۇ بارمىغان بولاتتىم، — دېدى ئامى چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ، — سەن ئۇنىڭ ھۆركىرىگىنىنى ئاڭلىغانمۇ، كارل؟ بەزىدە ئۇ ھۆركىرىگىنىچە كەنت ئىچىدە نېرى - بېرى يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەك، چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ ئۆز جېنىنى ئېلىشىدىن قورقىدىكەن. ئاپام ئۇنى، بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن دەۋاتاتتى.

روئې كارلغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئامى، ئەگەر كېچىسى ئۆزۈڭ يالغۇز ئوتلاقتا كېتىۋاتقاندا، ئۇ ئالدىڭغا ئۇچراپ قالسا قانداق قىلىسەن؟

ئامى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئىككىلىنىپرەك دېدى:

— بورسۇقنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىۋالارمەن شۇ.

— ئەگەر بورسۇقنىڭ ئۇۋىسى بولمىسىچۇ؟ — روئې قىستاپ سورىدى، — بۇرۇلۇپلا قاچامسەن؟

— ياق، مەن قورقۇپ كەتسەم قاچالمايمەن، — دېدى ئامى بارمىقىنى مىجىپ تۇرۇپ مەيۈس ھالدا، — شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ، خۇدادىن پاناھلىق تىلىشىم مۇمكىن.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. ئوسكار قامچىسىنى

لېكىن ئۇ خانىم سامان ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالدى. ئۇ: «بوگسېن خانىمنىڭ يالىڭاياغ ھالىتىمنى كۆرۈپ قېلىشىدىن نومۇس قىلدىم» دېگۈدەكمىش.

3

بوگسېننىڭ تۆگەپ كەتكىنىگە ئالتە ئاي بولغان مەزگىل، ئىيۇلنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، كارل لىندستروم ئائىلىسىنىڭ ئاشخانىسى ئالدىدا بىر پارچە رەسىمگە تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز دۇڭ تەرەپتىن ھارۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. كارل بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، بوگسېن ئائىلىسىنىڭ ھارۋىسى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇلار ئويناپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى. ھارۋىدا ئىككى قاتار ئورۇن بار، ئوسكار بىلەن روئى يەكشەنبە كۈنلا كىيىدىغان چاپان بىلەن شلەپە كىيگەن، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇراتتى، ئامى بىلەن ئالېكساندرا ئارقا قاتاردا ئولتۇراتتى. دادىسىنىڭ بۆرۆلكىسىنى ئۆزگەرتىپ تىكىپ بەرگەن ئىشتان، كەڭ ياقىسىغا پۆرمە تۇتۇلغان قىزغۇچ كۆڭلەك كىيگەن، چىرايلىرىدىن رازىمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئوسكار ھارۋىنى توختىتىپ، كارلدىن ئەھۋال سورىدى. كارل شلەپىسىنى ئېلىپ، ئېتىزنى كېسىپلا ئۇلار تەرەپكە يۈگۈردى.

— بىز بىلەن بىللە بارامسەن؟ — دېدى روئى، — بىز سارالڭ ئافىنىڭ يېنىغا سەگەنچۈك سېتىۋالغىلى ماڭدۇق.

— باراي، — كارل ھاسىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ

كەن، خۇددى غالجىر تەگكەندەك كۆرگەن يەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئاخىر بىر دۆڭگە چىققاندا، پۇتى ئازگالغا كىرىپ قېلىپ چىقىرالمىدى، ھە دەپ ھۆركىرىگىلى تۇردى. ئافي ئاق سومكىسىنى كۆتۈرۈپ يېرىشغىلا، ئىنەك جىمىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىنەكنىڭ مۈڭگۈزىنى ھەرىدەپ چۇشۇرۇۋېتىپ، ماي سۈركەپ قويدى.

ئامى ھەدىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، ئىنەكنىڭ تارتقان ئاغرىق ئازابى ئۇنىڭ چىرايىغا چىقىپ كەتكەندى.

— شۇنىڭ بىلەن ئاغرىقى توختاپتىمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— توختاپتۇ، — دېدى ئالېكساندرا ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، — ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنى يەنە سېغىپ سۈتىنى ئىچىۋەردى.

ئافېنىڭ تۇرالغۇسىغا بارىدىغان يول ناھايىتى ناچار ئىدى. ئۇ كەتتىنىڭ سىرتىدا ئولتۇراتتى، ئۇ يەردە رۇسلاردىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئۇندەك ئائىلە خۇددى لاپاستەك ئۆزۈن بىر ئۆينى ئايرىم ـ ئايرىم بۆلۈپ ئولتۇراقلاشقانىدى. ئافېدىن نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىۋالغانلىقىنى سورىسا: «قوشنىلار قانچە ئاز بولسا، ئېزىقىش شۇنچە ئاز بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرەتتى. لېكىن كەسپىي مال دوختۇر تۇرۇپ، يوللىرى ناچار مۇنداق چەت يەرگە چىقىۋېلىش توغرا ئەمەس ئىدى. بوگسېن ئائىلىسىنىڭ ھارۋىسى ئېگىز ـ پەس يوللاردا چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى. بەزىدە كۆللەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. سۈزۈك سۇ ئىچىدە ئالتۇن رەڭ گۈللەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ياۋا ئۆر-

ئات ئۇستىدە ئوينىتتى.

— ئۇ ساڭا چېقىلمايدۇ، ئامى، — دېدى كارل ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ، — بىر قېتىم بىزنىڭ بىيە يېشىل قوناق يەۋېلىپ قورسىقى ناغرىدەك كۆپۈپ كەتكەندە، ئۇ داۋالاپ ساقايتقان. ئۇ خۇددى ئاسلاننى پەپىلىگەندەك، بىينى يېنىك پەپىلىدى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىرىنى چۈشىنەلمىدىم، چۈنكى ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقىنى ئىنگلىز تىلى ئىدى. لېكىن ئۇ بىينى توختىماي پەپىلەپ، نېمىلەرنىدۇ دەيتتى، خۇددى ئاغرىق ئازابىنى ئۆزى تارتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كېيىن ئۇ: «بولدى، سىڭلىم، ئەمدى راھەتلىنىپ، ياخشى بولۇپ قالغانسەن؟» دېدى.

روئي بىلەن ئۇسكارمۇ كۈلۈپ كەتتى، ئامىمۇ خۇشال بولۇپ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، ھەدىسىگە قارىدى.

— مېنىڭچە ئۇنىڭ مال دوختۇرلۇق دېگەندىن خەۋىرى يوق، — دېدى ئۇسكار مەنسىتمەسلىك بىلەن، — بىرەرىنىڭ ئېتى ئاغرىپ قالسا، ئۇ ئاۋۋال دورىنى ئۆزى يەۋېلىپ، ئاندىن ئاتقا قاراپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇيدۇ.

ئالېكساندرا گەپكە ئارىلاشتى:

— بۇ كىراۋ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تاپقان گېپى. ئۇلارنىڭ ئېتىنى يەنىلا شۇ ساقايتتىغۇ. راست، ئۇ بەزىدە كاللىسىدىن كېتىپ قالىدۇ. لېكىن كاللىسى ساق ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشساڭ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايسەن. ئۇنىڭ ھايۋانلار توغرۇلۇق ئوبدانلا بىلىمى بار. ئۇنىڭ بۇ كۈۋسىتلارنىڭ ئىنىكىنىڭ مۈڭگۈزىنى قانداق كېسىپ چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈمغۇ. ئۇ ئىنەكنىڭ مۈڭگۈزى قايرىلىپ كېتىپتە-

ئۆسۈملۈكلەر ھاياتىي كۆچىنى ساقلاپ تۇراتتى.
— قارا، ئامى، ئافېنىڭ كۆلى ئەنە! — ئالېكساندرا
تېيىز جىلغىدا پارقىراپ تۇرغان سۇنى كۆرسەتتى. كۆل-
نىڭ بىر بېشىغا ئۇزۇن توپا دامبا ياسالغان، ئۈستىگە
يېشىل سۆگەت تىكىلگەنىدى. دامبىنىڭ ئۈستى تەرىپىدى-
كى دۆڭگە بىر ئىشىك ـ دېرىزە چىقىرىلغانىدى. ئەگەر
تۆت پارچە ئەينەكتىن قۇياش نۇرىنىڭ ئەكسى قايتمىغان
بولسا، ئۇ يەردە ئىشىك ـ دېرىزە بارلىقىنىمۇ پەرق ئەت-
كىلى بولمايتتى. كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ
بارى مۇشۇ. بۇ يەردە مال قوتىنى، قۇدۇق دېگەندەك نەر-
سىلەر يوق، چۆپلەر ئارىسىدىن بىرەر يالغۇز ئاياغ يولنى-
مۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر توپا ئارىسىدىن چىقىپ
تۇرغان داتلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن كانايىنى كۆرمىسىڭىز،
ئافېنىڭ ئۆگزىسى ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپمۇ، ئۆزى-
ڭىزنىڭ ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان يەرگە يېقىنلىشىپ قال-
غانلىقىڭىزنى سەزمەيسىز. ئافي بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىلى
ئۈچ يىل بولدى، لېكىن ئۇ تەبىئەتكە كۆپ بولسا ئىلگى-
رى بۇ يەردە تۇرغان بۆرىلەرچىلىكلا ئىز سالالىدى.

بالىلارنىڭ ھارۋىسى دۆڭگە چىققاندا، ئافي ئىشىكى
ئالدىدا ئولتۇرۇپ، نورۋېگىيە يېزىقىدىكى «ئىنجىل»نى
ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ كۆرۈنۈشى غەلىتە بوۋاي ئىدى، بەستى-
لىك گەۋدىسى ئاستىدا قىسقا خامۇت پۇتلىرى ئاران كۆ-
رۈنۈپ تۇراتتى. پاخپىيىپ كەتكەن ئاپئاق چاچلىرى خۇد-
دى ئاتنىڭ يايلىسىدەك، قان تېمىپ تۇرغان ئىككى مەڭ-
زىگە چۈشۈپ تۇراتتى، بۇ ھالىتى ئۇنى تېخىمۇ قېرى
كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ پۇتىغا ئاياغ كىيمىگەن، ئەمما

دەكلەر قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ ئۇچۇپ چىقاتتى.
روئې ياۋا ئۆردەكلەرگە ئامالسىز قاراپ قالاتتى.
— خەپ، مىلتىقنى ئالغاچ كەلگەن بولسامچۇ، ئا ـ لېكساندرا، — دېدى ئۇ ئىچى ئېچىشىپ، — هارۋىدىكى شال پاخىلىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويسام تۇرۇۋېرەتتى.
— ئۇ چاغدا ئافېنىڭ ئالدىدا يالغان ئېيتىپ قۇتۇلا ـ لايتتىڭمۇ. ئافېنى ئۆلۈك قۇشلارنى پۇراپلا بىلىۋالالايدۇ، دەپ ئاڭلىغان. ئەگەر ئۇ ئۇقۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن ھېچ ـ نېمىگە ئېرىشەلمەيمىز، سەگەنچۈك ئالىدىغان ئىشىمىز ـ مۇ يوق بولىدۇ. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر پاراڭلاشقۇم بار. ئەگەر ئۇنى خاپا قىلىپ قويساق، ھېچقانداق گەپ قۇلىقى ـ غا كىرمەيدۇ. ئۇ بىر ئىشلارغا چېچىلىسىلا كاللىسىدىن كېتىپ قالىدۇ.
روئې دىمىغىنى قېقىپ قويدى.
— ئۇنىڭ تۇزۇك گەپ قىلغىنىنى كىم ئاڭلاپتىكەن! ئۇنىڭ ئالدىجوقا گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغاندىن، ئۆردەك گۆشى يېگەن ئەۋزەل ئەمەسمۇ.
— ياق، روئې، — دېدى ئامى چۆچۈپ، — ئۇنىڭ چىشىغا تەگمە. ئۇ ئېلىشىپ قالسا ھۆركىرەيدۇ!
ھەممەيلەن يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. ئوسكار هارۋىنى بىر يار تەرەپكە تارتتى. كۆل ۋە قىزغۇچ ئوتلار ئارقىدا قالغانىدى. ئافې تۇرۇۋاتقان ئەتراپنىڭ چۆپلىرى قىسقا، كۆل رەڭ ئىدى، جىلغىلىرىمۇ بوگسېن ئائىلىسى تەرەپ ـ تىكى جىلغىلاردىن چوڭقۇر ئىدى، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە دۆڭلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ياۋا گۈللەر يوقالغان، جىلغىلارنىڭ ئاستىلىرىدىلا ئاز ـ تولا قىسىم قېيسەر

تورغاي، بۆدۇنىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى، تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، ئافىنىڭ بۇ گېپىنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىسىز.

بۇ يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىدا بەخت نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كىتابنى يېپىپ تىزىغا قويۇپ، بىر ۋاراقنى بارمىقى ئارىسىدا قىستۇرۇپ تۇرۇپ يادقا ئوقۇۋاتاتتى:

يەھۋە بۇلاق كۆزلىرىنى تاغ جىلغىلىرىدا ئېچىپ، سۇلارنى تاغلار ئارا يامراتتى.
دالىدىكى هايۋانلار سۇغا ئېرىشتى، قۇلانلار تەشنالىقىغا قاندى.
دەل ـ دەرەخلەر ياشىرىپ مېۋىگە تولدى، لىۋاننىڭ ئارچىسى كۆكەردى.
ئۇ دەرەخلەرنى يەھۋە تىككەن.
قۇشلار ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇۋا سالىدۇ. ئاق شەمشاد تۇرنىلارغا ماكان بولىدۇ.
ئېگىز تاغلار تاغ ئۆچكىسىنىڭ ماكانى؛ تاغ جىنسى قۇملارنىڭ پاناهگاهى.

ئافي «ئىنجىل» نى قايتا ئېچىشقا ئۈلگۈرمەيلا، هارۋىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ هارۋا تەرەپكە يۈگۈردى.

— قورال چىقارماڭلار، قورال چىقارماڭلار! — ئۇ قوللىرىنى سەۋدايىلارچە پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى.

— بىزدە قورال يوق، ئافي، قورال يوق، — ۋارقىرى-

ئۇچىسىغا پاكىز ئالدى ئوچۇق كۆڭلەك كىيگەنىدى. ئۇ ئەزەلدىن چىركاۋغا بارمىسىمۇ، ھەر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە پاكىز كۆڭلىكىنى كىيىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا دىنىي قارىشى بار ئىدى، يەرلىك دىنىي جەمئىيەت بىلەن قىلچە سىغىشالمايتتى. ئۇ ھەپتە - ھەپتىلەپ ئادەملەرگە كۆرۈنمەيتتى، ئۆيىدە بىر كالىندار بار، ھەر كۈنى بىر ۋاراق يىرتىپ تۇرغاچقا، ھەپتىلەردە ئازغىنىسىپ قالمايتتى. ئۇ خامان تېپىدىغان مەزگىلدە باشقىلارغا ئانچە - مۇنچە ئىشلەپ بېرەتتى، ئالدىغا ئىزدەپ كەلسە، ماللىرىنى داۋالاپ قوياتتى. ئۆيدىكى چاغلاردا چۈشىقتا سەگەنچۈك توقاتتى ياكى «ئىنجىل» يادلايتتى.

ئاپى ئۆزى خالاپ تاللىۋالغان تەركىدۇنيالىق تۇرمۇشىدىن رازى ئىدى. ئۇ ئادەملەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەرلەردىن، ئاشقان - تاشقان تاماق، قاچا - قۇچا پارچىلىرى دېگەندەك ئەخلەتلەردىن بىزار ئىدى، رەتلىك پاكىز دالىنى ئەۋزەل كۆرەتتى. ئۇ دائىم، بورسۇقنىڭ ئۇۋىسى ئادەملەرنىڭ ئۆيىدىن پاكىز، ئەگەر ئۆيۈمدە ئايال خوجىدار تۇرغۇزغان بولسام، ئۇنى «بورسۇق خانىم» دەپ ئاتىغان بولاتتىم، دەيتتى. «بۇ يەردە ‹ئىنجىل› دىكى سۆزلەرنىڭ ھەقىقىيلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ بۇ قاقاس دالىغا قانچىلىك مۇھەببىتى بارلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ گەمىسى ئالدىدا تۇرۇپ كەڭ كەتكەن دالىغا، جىلۋە قىلىپ تۇرغان ئاسمانغا، ئوتتەك قۇياش نۇرى ئاستىدا ئاقىرىپ، قورۇلۇپ كەتكەن ياۋا ئوتلارغا قارىسىڭىز، چەكسىز جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سايرىشىۋاتقان بوز

ئېسىگە كېلىپ، قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇردى:
— ھە، ھە! يوغان بىر ئاق قۇش كەلگەن، قاناتلىرى ئۇزۇن، پۇتلىرى قىزغۇچ. ۋاي خۇدايىم، ئۇنىڭ ئاۋازى بەك جاراڭلىق ئىكەن! ئۇ چۈشتىن كېيىن كەلدى، قاراڭغۇ چۈشكۈچە كۆلنىڭ ئۈستىدە سايراپ ئۇچۇپ يۈردى. ئۇ بىرەر ئوخشىمىزلىقتا ئۇچرىغاندەك كۆرۈنەتتى، لېكىن مەن بۇنى چۈشەنمىدىم. بەلكىم باشقا بىر دېڭىزغا ئۇچۇپ كەتكۈسى بولسا كېرەك. يولنىڭ قانچىلىك يىراقلىقىنى بىلەلمەي، مەڭگۈ ئۇچۇپ بارالماسلىقىدىن قورقۇۋاتامدىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم. مەن ئۇنداق مىسكىن قۇشنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، كېچىچە نالە قىلىپ چىقتى. ئۇ مېنىڭ دېرىزەمدىكى يورۇقنى كۆرۈپ ئۇزىنى ئۇردى، مېنىڭ ئۆيۈمنى كېمە دەپ قالدىمىكىن. ئۇ بەك ياۋايى ئىكەن. ئەتىسى ئەتىگەن كۈن چىققاندا، يېمەكلىك كۆتۈرۈپ يېنىغا بارسام، ئۇ ئۇچۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ قالدى، — ئۇ قويۇق چاچلىرىنى سىلاپ قويدى، — بۇ يەرگە دائىم غەلىتىلا قۇشلار كېلىپ قالىدۇ، ناھايىتى يىراقلاردىن كەلسە كېرەك. ئۇلار ماڭا ھەمراھ بولسا شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىمەن. سىلەر يىگىتلەرنى ياۋا قۇشلارنى ئاتمايدۇ دەپ ئويلايمەن، شۇنداقمۇ؟

روئي بىلەن ئوسكار چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ قويدى. ئافي چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بېشىنى چايقاپ قويدى:

— بىلىمەن، سىلەر ياشلارنىڭ ھېچنېمە بىلەن كارىڭلار يوق. لېكىن بۇ ياۋايى قۇشلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ قۇشلىرى. خۇددى بىز ماللىرىمىزغا قارىغاندەك،

دى ئالېكساندرا ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ.
ئافي قوللىرىنى چۇشۇرۇپ، سۇس زەڭگەر كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىككىنىچە دوستانە كۇلۇمسىرىدى.
— ئەگەر سەگەنچۇك بولسا، بىرنى ئالايلى دەپ كەلگەن، — دېدى ئالېكساندرا كېلىش مەقسىتىنى چۇشەندۇرۇپ، — ئاندىن مېنىڭ بۇ ئۇكام سىزنىڭ ھېلىقى ئۇستىدىن قۇشلار كەتمەيدىغان كۆلىڭىزنى كۆرۈپ باقماقچى ئىدى.
ئافي سارائلارچە كۇلۇپ قويۇپ، ئاتلارنىڭ بۇرنىنى، ئېغىزدۇرۇقىنىڭ ئارقىسىنى سىلاشقا باشلىدى.
— ھازىر كۆلدە قۇشلار كۆپ ئەمەس. بۇگۇن ئەتىگەن بىر نەچچە ئۆردەك، يەنە بىر نەچچە لايخورەك سۇ ئىچكىلى كەلگەن. لېكىن ئالدىنقى ھەپتە بىر تۇرنا كېلىپ، بىر كېچە تۇنەپ ئەتىسى كەچتە كەتتى. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم. چۇنكى بۇ تۇرنىلار كېلىدىغان پەسىل ئەمەستە. ئادەتتە كۇزدە كېلەتتى. يەنە بىرى، قارىغۇ چۇشۇشى بىلەنلا، بۇ كۆلدىن ھەر خىل غەلىتە ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.
ئالېكساندرا ئۇنىڭ گەپلىرىنى كارلغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. كارل نېمىنىدۇ خىيال قىلىپ تۇرۇپ كەتتى.
— ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭا، ئالېكساندرا، بىر قېتىم بۇ يەرگە بىر دېڭىز چايكىسى كەپتۇ، دەپ ئاڭلىغاندىم، راستمىكىن.
ئالېكساندرا بۇ گەپنى ئۇنىڭغا تولىمۇ تەستە ئۇقتۇردى.
ئافي باشتا گاڭگىراپ تۇرۇپ كەتتى، كېيىن بىردىنلا

— مۇشۇنىڭدا ئۇخلايمەن، بالام. سەگەنچۈكتە ئۇخلىسا بەك راھەت. قىشتا ئۇستۇمگە بۇ تېرىنى يېپىن-ۋالىمەن. مەن ئىشلىگەن يەردىكى كارىۋاتلار بۇ سەگەن-چۈكتەك راھەت ئەمەس.

بۇ چاغدا، ئامىنىڭ يۇرىكىدىكى قورقۇنچلار پۈتۈن-لەي تۈگىدى. ئۇ گەمىنى ئەڭ ئېسىل ئۆي ئىكەن دەپ ئويلاپ قالدى. بۇ گەمىنىڭمۇ، ئافىنىڭمۇ ئادەمنىڭ ئام-راقلىقى كەلگۈدەك ئاجايىپ يەرلىرى بار ئىدى.

— ئۇ قۇشلار سىزنىڭ ئۆزلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ قۇشلار شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەر-گە كۆپ كېلەمدۇ؟

ئافي يەردە تىزلىنىپ ئولتۇردى.

— بىلەمسەن، بالام، ئۇلار ناھايىتى يىراقلاردىن ئۇ-چۇپ كېلىدۇ، ھېرىپ كېتىدۇ. ئۇلار كۆكتىن قارىسا، بىزنىڭ كەنت قاپقاراڭغۇ، تولىمۇ تىنچ كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋېلىش، يۇيۇنۇۋېلىش، ئاندىن يولىنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلار نېرى قا-راپ، بېرى قاراپ، خۇددى قارا تۇپراقتا بىر پارچە ئەينەك-نى پاتۇرۇپ قويغاندەك بىر يورۇقلۇقنى يىراقتىن كۆرى-دۇ. بۇ دەل مېنىڭ كۆلۈم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يەرگە قونىدۇ، ھېچقانداق پاراكەندە قىلىشقا ئۇچرىماي-دۇ. بەزىدە ئۇلارغا ئازراق قوناق چېچىپ بېرىمەن. ئۇلار بۇ ئىشلارنى باشقا قۇشلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ، ئىككىنچى يىلى تېخىمۇ كۆپ قۇش كېلىدۇ. خۇددى يەردە بىزنىڭ يولىمىز بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭمۇ ئاسماندا ئۇچىدىغان يو-لى بولىدۇ.

خۇدا ئۇلارنى دائىم كۆزىتىپ، سانىنى ئېلىپ تۇرىدۇ. «ئىنجىل» دا خىرىستوس ئىيسا شۇنداق دېگەن.

— بولدى قىلىڭ، ئافې، — دېدى روئې، — كۆلدىڭىزدە ئاتلارنى سۇغىرىۋالساق بولامدۇ؟ يەنە قورسىقىغا ئازراق چۆپ بەرسەك. بۇ يەرگە كېلىدىغان يول بەك ناچار ئىكەن.

— راست دەيسىلەر، يول بەك ناچار، — بوۋاي ئاتنى ھارۋىدىن چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇيەر - بۇ يەرنى تارتىشتۇرغىلى تۇردى، — يول بەك ناچار، شۇنداقمۇ، قىزچاق؟ بۇ تورۇق ئاتنىڭ تاپچىقى بارمۇ؟

ئوسكار بوۋاينى ھارۋا يېنىدىن تارتتى:

— بۇ ئىشلارنى ئۆزىمىز قىلايلى، ئافې. بۇ ئاتلاردىن كېسەل تېپىپ يۈرمەڭ يەنە. سىز ئالېكساندراغا سەگەنچۈكلىرىڭىزنى كۆرسىتىڭ.

ئافې ئالېكساندرا بىلەن ئامىنى گەمىسىگە باشلاپ كىردى. گەمە بىر ئېغىزلا، تاملىرى تەكشى سۇۋالغان، ئاپئاق ئاقارتىلغان، ئاستىغا ياغاچ ياتقۇزۇلغانىدى. تاماق ئېتىدىغان بىر ئوچاق، ئۈستىگە كىلىيونكا سېلىنغان بىر شىرە، ئىككى ئورۇندۇق، بىر سائەت، كالېندار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. دېرىزە تەكچىسىدە يەنە بىرنەچچە پارچە كىتاب تۇراتتى. ئۆيدىكى بار نەرسە مۇشۇ. ئۆي ئىچى چىنىدەك پاكىز ئىدى.

— قەيەردە ئۇخلايسىز، ئافې؟ — سورىدى ئامى ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن.

ئافې تامدىكى ئىلغۇچتىن بىر سەگەنچۈكنى چۈشۈردى، ئىچىدە بىر پارچە سۇ كالىسىنىڭ تېرىسى تۇراتتى.

روپ، — بۇگۈن ئاساسلىقى سەگەنچۈك سېتىۋېلىش ئۇ-
چۈن ئەمەس، سىز بىلەن پاراڭلاشقىلى كەلگەن.
— شۇنداقمۇ؟ — بوۋاي پايپاق كىيمىگەن پۇتىنى
يەرگە سۇركەپ قويدى.
— بىزنىڭ خېلى كۆپ چوشقىمىز بار، ئافې، باش-
قىلار ماڭا ئەتىيازدا سېتىۋېتىشنى نەسىھەت قىلغانىدى،
ساتقۇم كەلمىدى. بىراق هازىر نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ
چوشقىلىرى ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بىرئاز ئەنسىرەپ
قالدىم. قانداق قىلسام بولار؟
ئافېنىڭ خۇنى يوق كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلاندى.
— سىز چوشقىلارغا يۇندا دېگەندەك نەرسىلەرنى
بېرىسىز، شۇنداقمۇ؟ ئەلۋەتتە، يەنە قېتىقمۇ بار! هە،
ئاندىن ئۇلارنى سېسىق هەم پاسكىنا قوتاندا باقىسىز.
سىزگە ئېيتسام، سىڭلىم، بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ چوشقىلى-
رىنىڭ هالىغا ۋاي. ئۇلار ئىنجىلدىكى چوشقىلاردەك پاس-
كىنا بولۇپ كەتتى. ئەگەر توخۇنىمۇ شۇنداق باقسىڭىز،
قانداق بولۇپ كېتەر؟ كۆممىقوناق ئېتىزىڭلار باردۇ؟ هە
شۇ يەرگە بىر لاپاس ياساپ، چوشقىنى ئۇنىڭ ئىچىدە
بېقىڭلار. يىگىتلەر ئۇلارغا سۇزۈك سۇلارنى ئەكېلىپ
بەرسۇن. قىش كىرگۈچە شۇ يەردە باقساڭلار بولىدۇ.
ئات - كالىلارغا ئوخشاش، ئۇلارغىمۇ بۇغداي ۋە پاكىز
يېمەكلىكلەرنى بېرىڭلار. چوشقا پاسكىنىچىلىقنى ياخ-
شى كۆرمەيدۇ.
يىگىتلەر ئۇنىڭ گەپلىرىنى سىرتتا ئاڭلاپ ئولتۇرات-
تى.
— ئورنىڭدىن تۇر، — دېدى روئې ئاكىسىنى نو -

ئامى تىزىنى سىلىغىنىچە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئافې، ئاڭلىسام باشلامچى بولۇپ ئۇچۇپ كېلىدىغان ياۋا ئۆردەك ھېرىپ قالغاندا ئەڭ ئارقىغا چۈشۈۋالىدىكەن، ئاندىن ئارقىدىكى ياۋا ئۆردەك ئالدىغا ئۆتىدىكەن، بۇ راستمۇ؟

— توغرا، ھەممىدىن جاپا تارتىدىغانلىرى باشلامچى بولۇپ ئۇچىدىغانلىرى. چۈنكى ئۇلار شامالنى يېرىپ ئۇچىدۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا ئۇزۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، يېرىم سائەتچە چىدار، ئاندىن سەپنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈۋالىدۇ. ئارقا تەرەپتىن بىرى ئالدىغا ئۆتۈپ باشلامچى بولۇپ ئۇچىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق توختىماي ئالمىشىپ تۇرىدۇ، لېكىن قاتتىق مەشىق كۆرگەن ئەسكەرلەردەك، سەپنى ھەرگىز قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ.

يىگىتلەر كۆل بويىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئالېكساندرا سەگەنچۈكنى تاللاپ بولغانىدى. ئۇلار گەمىگە كىرىشكە پېتىنالماي، سىرتتىكى دەرەخ سايىسىدا ئولتۇردى. ئالېكساندرا بىلەن ئافې گەمە ئىچىدە قۇشلار ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش كۆچۈرۈش ئۇسۇلى، ئافېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەزەلدىن گۆش يېمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتاتتى.

ئالېكساندرا قوللىرىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، بىر ياغاچ ئورۇندۇقتا، ئافې ئۇنىڭ پۇتى يېنىدا، يەردىلا ئولتۇراتتى.

— ئافې، — دېدى ئالېكساندرا كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن كىلىيونكا ئۈستىگە بىر نېمىلەرنى سىزىپ تۇ -

چۈشكەندە كۆلگە چۆمۈلگىلى بېرىشنى تاپىلاپ خوشلاش-
تى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئالېكساندرا قاچا - قۇچىلارنى
يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئاشخانا ئىشىكىدە ئولتۇردى.
ئاپىسى ئاشخانىدا خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى. بۇ يازنىڭ تىنچ
بىر كېچىسى ئىدى. قۇرغاق چۆپلەرنىڭ مەززىلىك ھىدى
ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. چارۋىچىلىق مەيدانى تەرەپ-
تىن كۆلكە ۋە سۇنىڭ ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى. ئاي قاقاس
ئوتلاقنىڭ يىراق چېتىدىن كۆتۈرۈلگەندە، كۆل يۈزى
خۇددى ئالتۇن ھەل بېرىلگەندەك پارقىراپ كەتتى. ئالېك-
ساندرا بالىلارنىڭ كۆل بويىدا يالىڭاچ يۈگۈرەپ يۈرگەن-
لىرىنى ياكى سۇغا سەكرەۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيتتى. ئۇ
پارقىراپ تۇرغان كۆل يۈزىگە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قا-
راپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نەزىرى ئاخىر مال ئېغىلىنىڭ جە-
نۇب تەرىپىدىكى كۆممىقوناقلىقىقا ئاغدۇرۇلدى. ئۇ
چوشقا قوتىنىنى ئاشۇ يەرگە سېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

4

جون بوگسېن تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن، دەسلەپكى
ئۈچ يىلدا ئۇلارنىڭ ئائىلىسى گۈللەپ ياشنىدى. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن جاپالىق يىللار باشلاندى. «چېگرا سىزىقى»
دىكى ھەر بىر ئادەم ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى.
ئۇدا ئۈچ يىل قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، يەر تۈزۈك
ھوسۇل بەرمىدى. بۇ ياۋايى يەرنىڭ ئۆزىگە چېقىلىشقا
جۈرئەت قىلغان ئېرىقچىلارغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قارشى-

قوپ، — ئاتلارنىڭمۇ قورسىقى تويدى، ئەمدى ھارۋىنى قېتىپ بۇ يەردىن كېتىۋالايلى. ئۇ ئالېكساندرانىڭ كاللىسىنى ئەخمىقانە خىياللار بىلەن توشقۇزۇۋېتىدىغان بولدى. ئەمدى ئۇ بىزنى چوشقا بىلەن بىر ئۆيدە ياتقۇزمىسا بولدىغۇ.

ئوسكار غودۇراپ ئورنىدىن تۇردى. كارل ئافېنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئىككى يىگىتنىڭ نېمىدىندۇر خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئۇلار ئىشنىڭ ئېغىرىدىن قاچمايتتى، لېكىن قانداقتۇر يېڭى تەجرىبە دېگەنلەردىن بىزار ئىدى، ئۇنداق ئىشلارغا ئارتۇقچە كۈچ سەرپ قىلغاننىڭ نەتىجىسىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. روئېنى ئالساق، ئۇ ئاكىسىغا قارىغاندا جانلىقراق بولسىمۇ، قوشنا - قولۇملىرىدىن ئۆزگىچە بىرەر ئىش قىلىپ بېقىشنى ياقتۇرمايتتى، ئالاھىدە بولۇۋالساق، باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچىكىگە قالىمىز، دەپ ئويلايتتى.

ئۇلار قايتماقچى بولۇپ يولغا چىققاندا، ئىككى يىگىت بايىقى خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئافې ۋە ئۇنىڭ قوشلىرىنى زاڭلىق قىلىشقا باشلىدى. ئالېكساندرا چوشقا بېقىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. يىگىتلەر ئۇنىڭ ئافېنىڭ گەپلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئافې ئۇلارغا بۇرۇنقىغا قارىغاندىمۇ كاللىسىدىن بەكرەك كېتىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئېتىزلىرى ئاق قالىدىغان بولدى، چۈنكى ئۇ ئېتىزغا ئاساسەن ئىشلىمەيتتى. ئالېكساندرا ئافې بىلەن بۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. يىگىتلەر كارلغا كەچلىك تامىقىنى يەپ، قاراڭغۇ

قۇچىدا يۈكسەك تەسەۋۋۇر كۈچى بولۇشى، ئۇنىڭ بىرەر نەرسىنى ئىجاد قىلىش پىلانىدىن ئالغان خۇشاللىقى شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن ئالغان خۇشاللىقتىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك.

ئاپەت بولغان ئىككىنچى يىلى، يازمۇ ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. سېنتەبىرنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئالېكساندرا جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېتىزغا تاتلىقياڭيۇ كولىغىلى باردى. جىمى جانلىقنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن بۇ ھاۋادا تاتلىقياڭيۇ ئوبدان ئوخشىغانىدى. كارل ئېتىزلىقتا ئۇنى ئىزدەپ بارغاندا، ئۇ كەتمەنگە يۆلەنگىنىچە خىيالغا پېتىپ تۇراتتى، شىلەپىسى يەرگە تاشلاپ قويۇلغانىدى. چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن يەردىن قۇرۇپ قالغان پېلەكنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئېتىزدىكى تەرخەمەك، كاۋا ۋە تۇرۇنجلار سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئېتىز قىرىغا توكلۇك مەرۋايىتگۈل ۋە بۆلجۈرگەنلەر ئۆسۈپ قالغانىدى. ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قاتار مالىنا ۋە ئۈششاق ئۈزۈم تېلى بار ئىدى. جانلىق تۇرغان بىرنەچچە تۈپ تىرناقگۈل بىلەن شىۋاق بوگسىن خانىمنىڭ كۈن پاتقاندىن كېيىن سۇغىرىپ قويغانلىقىنىڭ شاھىدى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ ئىدى. كارل ئالېكساندرادىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئېتىزلىقتىكى كىچىك يول بىلەن كېلىۋەردى. ئالېكساندرا ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمىدى، چىرايى يەنىلا شۇنداق جىددىي، مىدىر قىلماي تۇرۇۋەردى. ئۇ قىزىرىپ كەتكەن قويۇق چېچىنى چوققىسىغا تۈرمەكلىۋالغان، قۇياش نۇرىدا خۇددى كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھاۋا ئوبدانلا سالقىن تارتىپ قالغان،

لىق كۆرسىتىشى ئىدى. ئاپەت بولغان بىرىنچى يىلى يازدا، بوگسىن ئائىلىسىنىڭ ئەزىمەتلىرى ھەر ھالدا قەي-سەرلىك بىلەن ئىلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. قوناقتىن ھوسۇل بولمىغاچقا، ئەمگەك كۈچلىرى ناھايىتى ئەرزان ئىدى. روئي بىلەن ئوسكار ئىككى ئادەمنى ياللىۋېلىپ، كۆز يەتكۈسىز چوڭ يەرگە تېرىقچىلىق قىلدى، ئاخىرىغا بار-غاندا چاچقان ئۇرۇقىنىمۇ يىغىۋالالمىدى. پۈتۈن كەنتتى-كىلەرنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. قەرزگە بوغۇلۇپ كەت-كەن دېھقانلار يەردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. بە-زى دېھقانلار قەرزنى قايتۇرالمىسا، رەنىگە قويغان نەرسى-لىرى مۇسادىرە قىلىندى. بۇ ئىش پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى. كۆچمەنلەر بازاردىكى يول بويىدا ئولتۇرۇپ، بۇ يەر ئەسلىدىنلا ئادەم تۇرىدىغان يەر ئەمەس ئىدى، ئىشقىلىپ جان باققىلى بولىدىغانلا يەر بولسا، مەيلى جاھاننىڭ ئۇ چېتى بولسىمۇ كەتسەك بولغۇدەك، دېيىشەتتى. بوگسىن ئائىلىسىنىڭ يىگىتلىرى ئەينى چاغ-دىلا تاغىسى ئوتتوغا ئەگىشىپ چىكاگوغا بېرىپ بولك-خانىدا ئىشلىگەن بولسىمۇ، بۇ يەردىن كۆپ ياخشى يا-شىغان بولاتتى. كۆپ ساندىكى قوشنىلىرىغا ئوخشاش، ئۇلار ئەزەلدىن باشقىلار ئاچقان يولدا مېڭىپ ئۆگىنىپ قالغان، بىرەر يېڭى يەرگە بېرىپ يول ئاچىدىغان ئاۋان-گارتلاردىن ئەمەس ئىدى. مۇقىم كەسپى، بىرنەچچە كۈن-لۈك دەم ئېلىشى بولسا، ئىشىغا كاللا ئىشلىتىش كەتمى-سە، ئۇلار ئۇچۇن بەخت دېگەن مۇشۇ ئىدى. ئۇلار ئې-سىنى تېپىپ بولغۇچە بۇ قاقاس دالىغا ئەكېلىپ تاشلىۋې-تىلدى، بۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقى ئەمەس. بىر بوز يەر ئاچ-

قانچىلىك باھاغا كەلسە شۇنچىلىككە سېتىۋېتەيلى دەۋاتى-
مىز. ماللىرىمىزنى بىر تەرەپ قىلىپ بولدۇق. ئۆيدە
ئېلىپ كەتكۈدەكمۇ تۈزۈك نەرسە يوق. مەن بىر گېرمانى-
يىلىك ئويمىكاردىن ئويمىچىلىقنى ئۆگەنمەكچى، ئانى-
دىن چىكاگوغا بېرىپ خىزمەت ئىزدەيمەن.

ئالېكساندرانىڭ قولى پەسكە تاشلىنىپ، كۆزى ياشى-
تىن غۇۋالاشتى.

كارلنىڭ سەزگۈر لەۋلىرى تىترىدى، قولىدىكى يا-
غاچتا توپىنى جىجاپ تۈرۈپ سۆز باشلىدى:

— سىلەردىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ، ئالېك-
ساندرا، سىز بىز بىلەن نۇرغۇن جاپالارنى بىللە تارتقان،
دادامنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرىنى يېنىكلىتىپ بەرگەنى-
دىگىز. مانا ئەمدى بېشىڭىزغا ئەڭ ئېغىر كۈنلەر كەل-
گەندە، سىزنى تاشلاپ قاچماقچى بولۇۋاتىمىز. لېكىن
بىز بۇ يەردە تۇرساق، سىزگە ئېغىرچىلىقىمىز چۈشسە
چۈشىدۇكى، قىلچە پايدىمىز تەگمەيدۇ. دادام دېھقانچى-
لىقنىڭ ئەھلى ئەمەس، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز. مېنىڭ بۇ
ئىش بىلەن تېخىمۇ خوشۇم يوق، مۇنداق ئەھۋالدا، بىز
كۈندىن - كۈنگە كەينىمىزگە كېتىۋېرىدىكەنمىز.

— بۇ دېگىنىڭىز ئورۇنلۇق، كارل، بۇنى چۈشىنى-
مەن. بۇ يەردىكى كۈنلىرىڭىز بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى.
باشقا يەردە بولغان بولسىڭىز، نۇرغۇن ئىشلارنى تاڭ
ئاتقۇزالايتتىڭىز. سىز ئون توققۇز ياشقا كىرىپ قالدى-
ڭىز، سىزنى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىش نىيىتىم يوق، بۇرۇن-
دىنلا بۇ يەردىن كېتىشىڭىزنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن
سىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلىسام، سىز بۇ-

قۇياش نۇرى ئادەمگە راھەت بېغىشلايتتى. ئاسمان ئاجا-
يىپ سۈزۈك، بىرەر بۇركۇت ئۇچسا، ئۇنى ئاسماننىڭ
خېلى بىر يەرلىرىگە بارغۇچە كۆزدىن يىتتۇرۇپ قويمايتـ-
تىڭىز. كارلدەك چىرايىدىن قاچانلا قارىسا مىسكىنلىك
چىقىپ تۇرىدىغان يىگىت، ئېغىر ئاپەت بولغان بۇ ئىككى
يىلدا يۈرىكى ئېزىلىپ كەتكەن ئادەممۇ مۇنداق ئېسىل
ھاۋانى كۆرسە، بۇ يەرگە ئامراق بولۇپ قالاتتى. كارل
بۇ يەردىن بىر خىل ساغلام، ياشلىقنىڭ، ياۋايىلىقنىڭ
ھىدى تارقىلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى، بارلىق كۆ-
ڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇدى.

— ئالېكساندرا، — دېدى ئۇ قىزغا يېقىنلاشقاندا، —
سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، مالىنانىڭ يېنىدا ئولتۇ-
رۇپ پاراڭلىشايلى، — ئۇ تاتلىقياڭيۇ قاچىلانغان خالتىنى
كۆتۈردى، ئىككىسى قاتارلىشىپ ماڭدى، — سىلەرنىڭ
ئۆيدىكى يىگىتلەر شەھەرگە كىرىپ كەتتىمۇ؟ — ئۇ قۇ-
ياش نۇرىدا قىزىپ كەتكەن توپا ئۈستىدىلا ئولتۇردى، —
بىز ئاخىر بىر قارارغا كەلدۇق، ئالېكساندرا، بۇ يەردىن
كېتىدىغان بولدۇق.

ئالېكساندرا خۇددى ئۇنىڭدىن قورقۇۋاتقاندەك قارى-
دى:

— راستمۇ، كارل؟ بېكىتىپ بولدۇڭلار؟

— شۇنداق. ساينىت لوۋستىن دادامغا خەت كەلدى.
ئۇنىڭ بۇرۇنقى تاماكا زاۋۇتىدىكى خىزمىتىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈپ بېرىدىكەن. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۇ
يەرگە بېرىپ بولمىساق بولمايدىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ يېڭى
ئىشچى ئالىدىغان مەزگىلى ئىكەن. بىز ئۆيلىرىمىزنى

لىنى دادامغا ئۆگىتىپ قويدىڭىز. ئۇ چاغدا سىز كىچىكلا قىز ئىدىڭىز، لېكىن دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى بىچارە دادامغا قارىغاندا خېلىلا كۆپ بىلەتتىڭىز. شۇ چاغلاردا يۇرتۇمنى سېغىنىپ تۇگىشىپ كەتكەنلىرىم، ئىككىمىزنىڭ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىدىغان يولدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن پاراڭلاشقانلىرىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئىشقىلىپ، ئىككىمىزنىڭ نۇرغۇن ئىشلارغا بولغان قاراشلىرىمىز ئوخشاش چىقىپ قالاتتى.

— راست، راست شۇنداق ئىدى. ئىككىمىز ئوخشاش بىر نەرسىنى ياخشى كۆرەتتۇق، يەنە كېلىپ، بىرلىكتە ياخشى كۆرۈپ قالاتتۇق، بۇنى باشقىلار بىلمەيتتى. بىزنىڭ كۆڭۈللۈك ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولغان: مىلادئارچىسىنى بىللە ئىزدەيتتۇق، ئۆردەك تۇتۇشقا بىللە چىقاتتۇق، قارئۆرۈك ھارىقىنى ھەر يىلى بىللە ياسايتتۇق. ئىككىلىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن باشقا سىرداش دوستىمىز يوق ئىدى. بىراق ھازىر . . . — ئالېكساندرا ئېتىكى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — مەن مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ ئاخىر كېلىدىغانلىقىنى دائىم ئويلايتتىم. سىز باشقا يەرگە كەتسىڭىز، ئۇ يەردە نۇرغۇن دوستلارنى تۇتىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرالايدىغان خىزمەت تاپالايسىز. ئەمما، ماڭا خەت بولسىمۇ يېزىپ تۇرارسىز، كارل؟ بۇ مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم.

— ھاياتلا بولسام چوقۇم يېزىپ تۇرىمەن، — دېدى يىگىت تەقەززالىق بىلەن، — يەنە كېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن سىز ئۈچۈن ئىشلەيمەن، خۇددى ئۆزۈم ئۈچۈن ئىشلىگەندەك، ئالېكساندرا. مەن سىز ياقتۇرىدىغان ھەم مەن-

نى ھېس قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن، يۈرىكىمگە بىر قور-قۇنچ كىرىۋالىدۇ، — ئۇ مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتتى، بۇنى يوشۇرۇۋېمۇ ئولتۇرمىدى.

— بىراق، ئالېكساندرا، — دېدى كارل ئازابلانغان ھالدا، — روئىي بىلەن ئوسكارغا ئانچە - مۇنچە ياردەم قىلغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سىزگە تۈزۈك بىر ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم.

ئالېكساندرا كۈلۈمسىرەپ بېشىنى چايقىدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، سىزنىڭ مېنى چۈشەنگەنلىكىڭىز، ئۆكىلىرىمنى، ئاپامنى چۈشەنگەنلىكىڭىزنىڭ ئۆزىلا مەن ئۈچۈن چوڭ ياردەم قىلغانلىقىڭىز. مانا بۇنى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر ھەقىقىي ياردەم دەپ بىلىمەن. پەقەت سىزلا ماڭا ھەقىقىي ياردەم قىلدىڭىز، ئىلگىرى بېشىمغا كەلگەن خېلى - خېلى ئازابلارغىمۇ چىدىغانىدىم، لېكىن سىزدىن ئايرىلىش ئازابىغا قانداق چىدىشىمنى بىلمەيمەن.

— سىز بىلىسىز، — دېدى كارل يەرگە قاراپ، — بىز ئىزچىل سىزگە يۆلىنىپ كەلگەن، دادامىمۇ شۇ. مەن ئۇنى دائىم زاڭلىق قىلاتتىم. ھەر قېتىم بىرەر ئىشقا يولۇقسىلا، ئۇ: «بۇ ئىشنى بوگسېن ئائىلىسىدىكىلەر قانداق قىلىدىكىن، مەن بېرىپ ئالېكساندرادىن سوراپ باقاي» دەيتتى. ئاشۇ بىر ئىشنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. ئۇ بىزنىڭ يېڭى كەلگەن چاغلىرىمىز ئىدى، بىزنىڭ ئاتنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كەتتى. مەن يۈگۈرۈپ سىلەرنىڭ ئۆيگە باردىم، دادىڭىز يوق ئىكەن، سىز مەن بىلەن بىللە كېلىپ، ئاتنىڭ قورسىقىدىكى يەلنى ماڭغۇزۇشنىڭ ئۇسۇ-

تەرەپتىكى ئۇپۇق ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. بىراق پۈ-
تۈن مەھەللە ئادەمگە بىر خىل غۇۋا، كۆڭۈلسىز تۇيغۇ
بېرەتتى. غەربىي تاغ تەرەپتە بىر توپ قارا نەرسە مىدىرلا-
ۋاتاتتى، ئۇ لي ئائىلىسىنىڭ بالىلىرى ھەيدەپ كېلىۋاتقان
كالا پادىسى ئىدى. ئامى يۈگۈرۈپ بېرىپ، كالا ئېغىلى-
نىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۆڭگە
سېلىنغان ياغاچ ئۆينىڭ مورىسىدىن ئىس تۈرۈلۈپ چىقى-
ۋاتاتتى، كالىلار ھەدەپ مۆرىشەتتى. ئالېكساندرا بىلەن
كارل ياڭيۇلۇقنى بويلاپ ئاستا كېتىۋاتاتتى.
— كەلگۈسى يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا سەگەك بول-
مىسام بولمايدۇ، — دېدى ئالېكساندرا پەس ئاۋازدا، —
سىز كەلگەن ئۇن يىلدىن بېرى يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ
باقمىغانىدىم. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كۈنلەرنى قانداق ئۆت-
كۈزگەنلىكىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئەمدى ماڭا ھەمراھ بو-
لىدىغان ئامىدىن باشقا ئادەم قالمىدى. ئۇ ماڭا بەك يارى-
دۇ، كۆڭلى يۇمشاق.
شۇ كۈنى كەچتە، ئىككى يىگىت تاماققا چىرايىنى
ئاچمايلا كىرىپ ئولتۇردى. ئۇلار شەھەرگە كىرگەندە
چاپان كىيىۋالغان، لېكىن ھازىر ئۇچىسىدا يوللۇق كۆڭ-
لەك بىلەن ئاسما ئىشتانلا بار ئىدى. ئۇلار ئەر يېتىپ
قالدى، ئالېكساندرانىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار مۇ-
شۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۆز ئالدىغا ئادەم بولۇپ
يېتىشىۋاتاتتى. ئىككىسىنىڭ ئىچىدە روئې يەنىلا ۋى-
جىك، جانلىق، ئەقىللىق، لېكىن ئالدىراڭغۇ. ئۇنىڭ
زەڭگەر كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ، تېرىسى سىلىق ھەم
ئاپئاق (يازدا ئاپتاپتا بويىنلىرىغىچە قىزغۇچ تۇسكە كى-

ىدىن پەخىرلىنىدىغان بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن.
مەن بۇ يەردە يارىماس بولۇپ قالدىم، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئىشنى تەۋرىتەلەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىدۇ! — ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى.

— ئىنىلىرىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا روھى چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى - دە، — دېدى ئالېكساندرا ئۇھ تارتىپ، — بىراق، بۇنىڭسىزمۇ ئۇلار شەھەردىن روھى كۆتۈرۈلۈپ چىقمايدۇ. بۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇۋاتقانلار خېلى بار ئىكەن، ئۇلار ئىنىلىرىمغا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىپتىكەن، ئىنىلىرىمنىڭ كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس. ئۇلار مەندىن خاپىلىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، چۈنكى بۇ يەردىن كېتىش توغرۇلۇق ھەرقانداق گەپكە قۇلاق سالمىدىم. بەزىدە، بۇ يەرگە نېمانچە تارتىشىمەنوي، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن.

— ئەگەر خالىمىسىڭىز، بۇ ئىشنى ئۇلارغا ھازىرچە دېمەي تۇرساقمۇ بولىدۇ.

— بولدى، ئۇلار كەچتە قايتىپ كەلگەندە ئۆزۈملا دەيمەن. يامان خەۋەرنى يوشۇرۇۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مېنىڭكىدىنمۇ ئېغىر. روئېنىڭ ئۆيلىنىۋالغۇسى بار. بىچارە بالا، لېكىن ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالماي بولمايدۇ. ۋاي، كۆنمۇ پېتىپ كېتىپتۇ، كارل، ئەمدى قايتاي، ئاپام مېنىڭ ياڭيۇ ئەكېلىشىمنى ساقلاپ تۇرىدۇ. ھازىر كۈن پاتسىلا ھاۋا سوۋۇپ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئالېكساندرا ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. غەرب

ـدىراڭغۇ، ئىككى كۆنلۈك ئىشنى بىر كۈندە تۈگىتىشكە
ئالدىرايدۇ، قىلغان ئىشلىرىنىڭ بىرىنىڭ تايىنى يوق. ئۇ
بىر ئىشنى ئىدىتلىق قىلىمەن دەپ كىرىشىپ قالسا، باشـ
قا ئىشلارغا ئىشىنالمايدۇ، نەتىجىدە مۇھىم ئىشلار بىر
چەتتە تاشلىنىپ قالىدۇ. ئورما مەزگىلىدە، بۇغدايلار پىـ
ـشىپ ئۆتۈپ كەتكەن، ھەممە ئادەم ئىتىزدا ئالدىراش
يۈرسە، ئۇ غىمىدە يوق ئۆيىدە لاپاس ياساش، ھارۋا جابـ
ـدۇقلىرىنى ياساش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ ئولتۇرىدۇ.
ئاندىن ئىتىزغا بېرىپ ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ ئىشلىۋېتىپ،
بېلىنى كۆتۈرەلمەي بىرەر ھەپتە ياتىدۇ. بۇ ئىككى يىگىت
بۇ جەھەتتە بىر - بىرىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ، چىقىشىپ
ئۆتىدۇ. كىچىكىدىن تارتىپلا مەيلى نەگە بارسۇن، ياكى
شەھەرگە كىرسۇن، دائىم بىللە كىرىدۇ، ئايرىم ماڭغان
ۋاقتى يوق دېيەرلىك.
بۇگۈن كەچتە، ئۇلار كەچلىك تاماقنا ئولتۇرغاندا،
ئوسكار روئېغا پات - پات قاراپ قوياتتى، ئۇ روئېنىڭ
قانداقتۇ بىر گەپنى تېشىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى. روـ
ئي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، تەخسىگە قارىغىنىچە قوـ
شۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئاخىرىدا يەنىلا ئالېكـ
ساندرا گەپنى تېشىپ بەردى.
ئۇ يېڭىدىن كەلتۈرۈلگەن قاتلىمىنى شىرەگە قويۇۋېـ
تىپ، ئېغىز ئاچتى:
— لىندستروم ئائىلىسى ساينت لۇۋسقا قايتىدىغان
بوپتۇ. كارلىنىڭ دادىسى يەنە تاماكا زاۋۇتىغا قايتىپ ئىشـ
لەيدىكەن.
روئي بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي گەپ ئالدى:

رىپ قالىدۇ)، سارغۇچ يىرىك چاچلىرى قاچانلا قارىسا
پاخپىيىپ تۇرىدۇ. يەنە چوتكىدەك سارغۇچ بۇرۇتىمۇ بار،
ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ پەخىرلىنىدۇ. ئۇسكار بۇرۇت قويۇپ
دېسىمۇ ئامالسىز، ئۇنىڭ تۇك دىدارى يوق ئاپئاق مەڭ-
زى، ئاق رەڭلىك قېشى ئادەمگە بىر خىل چۆلدەرەپ
قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۇ بەستلىك، كۈچ - قۇۋۋىتى
تېشىپ تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ، ئادەم ھەيران قالغۇدەك
سەۋرچان. مۇنداق ئادەملەرنى جۇۋازغا قېتىپ قويسا،
گەپ قىلماي بىر كۈن ئايلىنىدۇ. ئۇ ھەرقانداق كۈچنى
ئايىمايدۇكى، كاللىسىنى ئىشلىتىشتىن قاچىدۇ، ئىش
قىلىشتا سىزىغان سىزىقتىن چىقمايدۇ، خۇددى پارازىت
قۇرتتەك، بىر ئىشنى بىر قېلىپتا قىلىۋېرىدۇ، يېڭىلىق
ئۇستىدە ئىزدەنمەيدۇ، ئاددىي جىسمانىي ئەمگەكتىن تەڭ-
دىشى يوق گۈزەل ئەخلاقنى ھېس قىلىدۇ، جاپالىق ئىش-
لەشكە ئامراق. ئەگەر بىر پارچە يەرگە ئىلگىرى قوناق
تېرىلغان بولسا، ئۇ يەرگە كېيىن بۇغداي تېرىش ئۇنىڭ
كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇ قوناقنى ھەر يىلى ئوخشاش بىر
كۈندە تېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ، پەسىلنىڭ ئىلگىرى -
كېيىن كەلگىنى بىلەن كارى يوق. ئۇ، قائىدە - قانۇنىيەت-
لەرگە مۇكەممەل ئەمەل قىلغاندىلا مەسئۇلىيەت ئارتىلىپ
قالمايدۇ، ھاۋا كىلىماتى ئۇ باشقا گەپ، دەپ قارايدۇ.
ۋاقتى كەلگەندە يەردىن ھوسۇل ئالالمىسا، ئېلىشىپ قال-
غان ئادەمدەك، زىرائەتنىڭ غولىغا بولۇشىغا ئۇرۇپ، دان
تۇتمىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق خۇدا ئالدىدا ئۆزىدە
ئەيىب يوقلۇقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

ئەمدى روئېغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئۆپكىسى يوق، ئال-

— بۇ مۇمكىن، لېكىن يەنىلا كۆپ پۇلغا يارىمايدۇ، — دېدى روئېي كۇلۇپ، — ئالېكساندرا، سەن قارىسىڭىلا بىر نېمىلەرنى دەۋاتىسەن. بىزنىڭ يېرىمىز ئەمدى ئالتە يىل بۇرۇنقىدەك ھوسۇل بەرمەيدۇ. بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار قاتتىق خاتالاشقان، ھازىر ئۇلار بۇ ئېگىزلىكنىڭ دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەر ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى، شۇڭا چارۋا بىلەن جان باقىمىز دەيدىغانلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى سىرتقا قېچىشقا باشلىدى. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، دېھقانچىلىققا ماس كەلمەيدۇ، شۇڭا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەممىسى كېتىۋاتىدۇ. شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان پېرتىسى ئادامىس بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ بارلىق يېرى ۋە نەرسىلىرىنى قوشۇپلا فۇللېرغا بېرىۋېتىپ، ئورنىغا 500 دوللار پۇل بىلەن چىكاگوغا بارىدىغان پويىز بېلىتى ئاپتۇ.

— قارا، يەنە شۇ فۇللېر! — دېدى ئالېكساندرا ۋارقىراپ، — ئاشۇ فۇللېر مېنى ئۆزىگە شېرىك قىلىۋالغان بولسىچۇ. ئۇ ئۆزىگە ماكان ھازىرلاۋېتىپتۇ! نامراتلار ئاشۇنداق بايلاردىن ئازراق نەرسە ئۆگەنگەن بولسا ياخشى بولاتتى! لېكىن بۇ يەردىن قېچىپ كېتىۋاتقانلارنى ھەقىقىي دېھقان دېگىلى بولمايدۇ، خۇددى بىچارە لىندستىرۇم ئەپەندىدەك. ياخشى مەزگىللەردىمۇ ئۇلارنىڭ ھالى شۇ ئىدى. دادام قەرزلىرىنى قايتۇرۇپ بولغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ بويىندا بىر تاغار قەرز بار ئىدى. مېنىڭچە، دادامنى دەپ بولسىمۇ بۇ يەردە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇ بۇ يەرنى ساقلاپ قېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان. ئۇ

— كۆرۈۋاتقانسەن، ئالېكساندرا، پۈتىدا ماغدۇرى بارلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ قەيسەرلىكىنى نامايان قىلىمىز دەپ بۇ يەردە تۇرۇۋەرگىنىمىزنىڭ پايدىسى يوق. كېتىشكە توغرا كەلگەندە كەتكەننىڭ ئۆزىمۇ بىر ئاقىلانىلىك.

— سېنىڭ قەيەرگە كەتكۈڭ بار، روئې؟

— قەيەر بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئىشقىلىپ گىياھ ئۆسىدىغان بىر يەر بولسىلا بولدى، — دېدى ئوسكار چىرايىنى ئاچماي.

— كرېس ئائېنسېن ھويلىسىنىڭ يېرىمىنى دەريا بويىدىكى يەرگە تېگىشىپتۇ، — دېدى روئې تەخسىدىكى ياڭيۇنى ئېلىۋېتىپ.

— ئۇنىڭ بىلەن بۇ سودىنى قىلغان كىم ئىكەن؟

— شەھەرلىك چارلېز فۇللېر.

— ئوي - مۇلۇك سودىسى قىلىدىغان ھېلىقى فۇللېرمۇ؟ قارا، روئې، يەنىلا فۇللېرنىڭ كاللىسى ئىشلەيدىكەن. ئۇ ھازىر نېرى - بېرى يۈگۈرۈپ، بۇ يەردىكى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىكى يەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىۋاتىدۇ. قاراپ تۇر، ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاتتىق بېيىپ كېتىدۇ.

— ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا باي، شۇڭا بۇ ئىشقا تەۋەككۈل قىلىۋاتقان گەپ.

— ئۇنداقتا بىر تەۋەككۈل قىلىپ باقساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئۇنىڭغا قارىغاندا بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى كۈنلەر تېخى ئۇزاق. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەرنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا چاچقان بارلىق نەرسىلەردىنمۇ پۇلغا يارلپ قالىدۇ.

كەلگەندە ئەھۋال قانداق ئىدى؟ راستىنلا ھازىرقىدەك نا-
چارمىدى؟ ئۇنداق ئەمەستۇ؟
— ھە، ھازىرقىدىن كۆپ ناچار ئىدى، — دېدى
بوگسېن خانىم ئېسەدەپ، — قورغاقچىلىق، بوغداي پې-
تى، مولدۇر، ھەممە نەرسە بار ئىدى! ئېتىزلار چاك -
چاك بولۇپ يېرىلىپ كېتەتتى، جىلغا بويىدا ئۇزۇملەر
يوق ئىدى. ئۇ چاغدا بىز ئۇچكوردىكى ياۋايى ئادەملەردەك
ياشايتتۇق.
ئوسكار ئورنىدىن تۇرۇپ تاق - تاق دەسسەپ چىقىپ
كەتتى، روئې ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئۇلار ئالېك-
ساندرانى قەستەن ئايىسنى قوترىتىپ بىز بىلەن قارشىلى-
شىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئەتىسى ئەتىگەن ئۇلار ئىك-
كىسى يەنىلا قاپاق ئاچمىدى، ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئاپى-
سى بىلەن ھەدىسىگە ھەمراھ بولۇپ چېركاۋغىمۇ بارمى-
دى، ئەتىگەنلىك تامىقنى يەپلا ئاشلىق ئامبىرىغا كىرىپ
كېتىپ، بىر كۈن قارىسىنى كۆرسەتمىدى. چۈشتىن كې-
يىن كارل كەلگەندە، ئالېكساندرا كۆزى بىلەن ئاشلىق
ئامبىرىنى شەرەتلىدى. كارل ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشى-
نىپ، ئىككى يىگىت بىلەن قارتا ئويناش ئۇچۇن ئاشلىق
ئامبىرىغا ماڭدى. ئۇلار يەكشەنبە كۈنى قارتا ئويناشنى
بىر خىل يامانلىق تىلەش دەپ قارايتتى، شۇڭا قورساق
كۆپۈكنى چىقىرىۋېلىش ئۇچۇن قەستەن ئويناۋاتاتتى.
ئالېكساندرا ئۆيدىن سىرتقا چىقمىدى. بوگسېن خا-
نىمنىڭ يەكشەنبە كۈنى چۈشتە بىردەم ئۇخلىۋالىدىغان
ئادىتى بار ئىدى. بۇنداق چاغدا ئالېكساندرا كىتاب ئو-
قۇيتتى، باشقا كۈنلىرى پەقەت گېزىت ئوقۇپلا قويات تى.

بۇ يەردە ھازىرقىدىنمۇ ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزگىنى ئېنىق. ئىلگىرىكى ئەھۋاللار قانداق ئىدى، ئاپا؟

بوگسىن خانىم مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى، ئائىلىدىكى مۇنداق تالاش - تارتىشلار ئۇنى ئازابلايتتى، چىشىنى چىشلەپ ھەممىنى تاشلاپ كەلگەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىتەتتى.

— بۇ ئىككى بالىنىڭ نېمىشقا شۇنچە كەتكۈسى كېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېچ چۈشەنمىدىم، — دېدى ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — مېنىڭ ئەمدى باشقا يەرگە يۆتكەلگۈم يوق. يەنە بىر ناتونۇش يەرگە بارساق، كۈنلىرىمىز ھازىرقىدىنمۇ تەسلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ھەممە ئىشنى باشتىن باشلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ يەردىن ھەرگىز يۆتكەلمەيمەن! ئەگەر ھەممىڭلار كېتىمەن دېسەڭلار، مەن يالغۇز بولسىمۇ بىرەر قوشنامنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتۈپ، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە داداڭلارنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ ياتارمەن. مەن داداڭلارنى بۇ ئوتلاقتا ئات - كالىلارنىڭ ئايىغىدا تاشلاپ كېتەلمەيمەن، — ئۇ تېخىمۇ ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئوغۇللار چىرايىنى ئاچماي ئولتۇراتتى. ئالېكساندىرا ئاپىسىنىڭ مۈرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ تەسەللى بەردى:

— ئۇنداق بولمايدۇ، ئاپا، سەن كېتىشنى خالىمىساڭ كەتمەيمىز. ئامېرىكا قانۇنى بويىچە بولغاندا، بۇ يەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ساڭا تەۋە بولىدۇ، سەن قوشۇلمىساڭ ئۇنى سېتىۋېتەلمەيمىز. بىز پەقەت سېنىڭ پىكرىڭنى ئاڭلاپ باقماقچى، سەن دادام بىلەن بۇ يەرگە

— ئامى، — دېدى ئالېكساندرا ھەممەيلەن شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، — سىرتلارنى ئاي-لىنىپ كېلىشنى خالامسەن؟ مەن سىرتلارنى بىر قۇر ئايلىنىپ كەلمەكچى، خالىساڭ مەن بىلەن بىللە بارغىن.

يىگىتلەر باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراشتى. ئۇلار ئالېكساندرانىڭ مۇنداق خىيالدى-رىدىن قورقاتتى، كارل بولسا بۇنىڭغا قىزىقاتتى.

— بەلكىم ئارتۇقچە جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋېلىۋاتى-قاندىمەن، — دېدى ئالېكساندرا گېپىنى داۋاملاشتۇ-رۇپ، — ھازىرغىچە باشقىچە بىر ئىش قىلىپ بېقىشقا قوشۇلماي كېلىۋاتىمەن. ئەتە ھارۋا بىلەن دەريا بويىدىكى كەنتكە بارماقچى. ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، زادى نېمىلەر بارلىقىنى كۆرۈپ كېلەي دەيمەن. ئەگەر ياخشى-راق بىر نەرسە ئۇچراپ قالسا، ئىككىڭلار بېرىپ سودى-لىشىپ كەلسەڭلار بولىدۇ.

— ئۇ يەردىكىلەر بىزنىڭ بۇ يەردىكى نەرسىلەرگە بىرەر نەرسىسىنى تېگىشمەيدۇ، — دېدى ئوسكار چىرايى-نى ئاچماي.

— مەن دەل مۇشۇنى ئۇقۇپ كەلمەكچى. بەلكىم ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش قاقشاپ ياشاۋاتقان بولۇشى مۇم-كىن. بۇ تاغدا تۇرۇپ قارىسا ئۇ تاغ ئېگىز كۆرۈنىدۇ ئەمەسمۇ؟ كارل، «ئاندېرسېن چۆچەكلىرى» دىكى ھېلى-قى گەپنى بىلىسىزغۇ: شۇېتسىيىلىكلەر دانىيىنىڭ بول-كىسىنى ياخشى كۆرىدىكەن، دانىيىلىكلەر بولسا شۇېت-سىيىنىڭ بولكىسىنى ياخشى كۆرىدىكەن. چۈنكى كى-شىلەر ئومۇمىيۈزلۈك چەت ئەلنىڭ بولكىسى ياخشى دەپ

لېكىن يەكشەنبە كۈنلىرى ۋە قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىنى كىتاب ئوقۇپ ئۆتكۈزەتتى. ئۇ بار بولغان ئازغىنا كىتابلارنى نەچچە قېتىم ئوقۇپ بولغانىدى، «فىتسيوف ھەققىدە رىۋايەت»[1] دېگەن كىتابنىڭ خېلى - خېلى يەرلىرىنى يادلاپ بېرەلەيتتى. يەنە ئازدۇر - كۆپتۇر كىتاب ئوقۇغان شۋېتسىيىلىكلەرگە ئوخشاش، لونگفېللوۋنىڭ[2] داستانلىرىنى، «ئالتۇن رەڭ رىۋايەت»، «ئىسپانىيىلىك ئوقۇغۇچى» دېگەن ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرەتتى. بۈگۈن ئۇ تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، تىزى ئۈستىدە شۋېتسىيە يېزىقىدىكى «ئىنجىل» ئېچىقلىق تۇراتتى، لېكىن ئۇنى ئوقۇمىغانىدى، ئوتلاقنىڭ ئايىغىدا كۆزدىن غايىب بولىدىغان يەر ئۆرىسى يولغا خىيالچان قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ بىر ئىشقا قاتتىق كاللا قاتۇرۇۋاتقان چاغدىكى ھالىتى ئىدى. ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئاستا، ھەقىقىي، قەتئىي ئىدى، لېكىن قىلچە زورۇقۇش يوق ئىدى.

پۈتۈن چۈشتىن كېيىن ياتاق ئۆيىنىڭ ئىچى جىمجىت، قۇياش نۇرىغا چۈمۈلۈپ تۇردى. ئامى ئاشخانا ئۆيىنىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا توشقان تۇتىدىغان قاپقان ياساۋاتاتتى. مېكىيانلار سايرىشاتتى، شامال ئىشىك ئالدىدىكى بۇغداي سامىنىنى يەلپۈيتتى.

كەچتە، كارل بىلەن ئىككى يىگىت كەچلىك تاماققا بىللە كىردى.

---

① ئىسلاندىيىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەسىرى، شىمالىي ياۋروپادا كەڭ تارقالغان.

② لونگفېللوۋ (1807—1882) ئامېرىكىنىڭ داڭلىق رومانتىك شائىرى، ياۋروپادا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە.

ھازىر بىر خىل ئۈچ قۇلاقلىق ئۇتنى تەجرىبە قىلىۋاتاتتى.
ئالېكساندرا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ ھارۋۇا
ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ئامىغا ئۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ بې-
رەتتى، پىلان تۈزەتتى. ئالتىنچى كۈنى ئۇلار دەريا بويى-
دىن ئايرىلىپ ئۆيگە قايتتى.

— ئۇ يەردە بىزگە كېرەكلىك نەرسىلەر يوق ئى-
كەن، ئامى. ئۇ يەردە بىرنەچچە ياخشى دېھقانچىلىق
مەيدانى بار ئىكەن، لېكىن ئۇلار شەھەرلىك پۇلدارلارنىڭ
قولىدا ئىكەن، ئۇنى سېتىۋالالمىغۇدەكمىز. يەرلىرىنىڭ
كۆپىنچىسى ئېگىز - پەس ئىكەن. ئادەملەر ئۇ يەردە
بىرنېمىلەر قىلىپ جېنىنى بېقىپ كېتەلەيدۇ، لېكىن چوڭ
ئىشلارنى قىلالمايدۇ. بىزنىڭ ئۇ يەرنىڭ تەرەققىيات
ئىستىقبالى زور. بىز ئۇ ئېگىزلىككە تولۇق ئىشەنچتە
بولۇشىمىز كېرەك، ئامى. مەن بۇ يەرنى تاشلاپ كەتمەس-
لىككە بۇرۇنقىغا قارىغاندىمۇ قەتئىي نىيەتكە كەلدىم.
سەن چوڭ بولغاندا مېنىڭ بۇ ئىشىم ئۈچۈن رەھمەت
ئېيتىسەن، — ئالېكساندرا ھارۋۇنىڭ سۇرئىتىنى تېزلەت-
تى. «چېگرا سىزىقى»غا چىقىدىغان ئۇزۇن تۆپىلىككە
ياماشقاندا، ئالېكساندرا شۇېتسىيىنىڭ قەدىمىي بىر قەسى-
دىسىگە غىڭشىشقا باشلىدى. ئامى ھەدىسىنىڭ نېمىگە
شۇنچە خۇشال بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى.
ئالېكساندرانىڭ چىرايى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتكەنىدى،
ئامى بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراشتىن خىجىل بولدى. بۇ تۇپ-
راق گېئولوگىك دەۋرنىڭ ئالدىدىكى بىر قېتىملىق كەل-
كۈندە پەيدا بولغاندىن بېرى، بۇ بەلكىم بىر ئادەمنىڭ
تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋە تەشنالىق ئىچىدە نە-

قارايدىكەن. نېمىلا بولسۇن، دەريا بويىدىكى يەرلەر توغ-رۇلۇق نۇرغۇن گەپ ئاڭلاپ كەتتىم، شۇڭا ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ كېلەي دەۋاتىمەن.

— دىققەت قىلغىن، — دېدى روئېي خاتىرجەم بولالماي، — نېمىلا دېسە ماقۇل دەۋەرمە، باشقىلار ئال-داپ كەتمىسۇن!

روئېي گولراق ئىدى، ئالدامچىلىقلىقى ئوپئوچۇق تۇرغان نەرسىلەرگىمۇ ئالدىنىپ قالاتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن روئېي گالىستۇكلىرىنى تا-قاپ، ئانني لې بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭدى. كارل بىلەن ئوسكار شاھمات ئويناشقا ئولتۇردى. ئالېكساندىرا «شىۋېتسارىيە ئائىلىسىدىكى روبىنسون» دېگەن ئەسەرنى ئا-پىسى بىلەن ئامىغا ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن كارللارمۇ شاھماتنى قويۇپ، ھېكايە ئاڭلاشقا ئولتۇردى. ئۇلار خۇددى كىچىك بالىلاردەك، دەرەخ كامىرىدا ياشاي-دىغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلە-رىگە قىزىقىپ قالغانىدى.

5

ئالېكساندىرا بىلەن ئامى دەريا بويىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا بەش كۈن تۇردى، ھارۋا بىلەن نۇرغۇن يەر-لەرنى ئارىلىدى. ئالېكساندىرا ئەرلەر بىلەن ئېتىز ئىشلى-رى توغرۇلۇق، ئاياللار بىلەن توخۇ، ئۆردەك بېقىش توغ-رۇلۇق پاراڭلاشتى. ئۇ بىر تېرىقچى يىگىت بىلەن ساق بىر كۈن پاراڭلاشتى. يىگىت سىرتتا ئوقۇپ كەلگەن،

سېتىۋالايلى. پۈتۈن ئىمكانىيىتىمىز بىلەن پۇل يىغىپ، بىر مو يەر بولسىمۇ ئارتۇق سېتىۋالايلى.

— جايلىق يېرىمىزنى رەنىگە قويىمىزمۇ؟ — روئې ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، سائەتنى ھە دەپ بۇردىغىلى تۇردى، — مەن قەرز قايتۇرىمىز دەپ ئات - ئېشەكتەك ئىشلەشنى خالىمايمەن. مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشمايمەن. بۇ بىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىنىڭ ئەمەسمۇ، ئالېكساندرا!؟

ئوسكار قان دىدارى يوق يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— رەنىگە قويغان يەرنى قانداق قايتۇرۇۋالىسەن؟

ئالېكساندرا ئۇ ئىككىسىگە قاراپ لېۋىنى چىشلىدى. ئۇنىڭ مۇنچىلىك جىددىيلەشكەنلىكىنى ئۇلار ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئاخىر ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— مۇنداق قىلىمىز: بىز ئالتە يىللىق مۆھلەت بىلەن پۇل قەرز ئالىمىز. بۇ پۇلغا لىندستروم ۋە كراۋلارنىڭ يەرلىرىنىڭ يېرىمىنى، يەنە سترابولارنىڭ تۆتتىن بىر قىسىم يېرىنى سېتىۋېلىشىمىز مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، 1 مىڭ 400 ئاكر يېرىمىز كۆپىيىدۇ دېگەن گەپ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئالتە يىل ئىچىدە قەرز تۆلىمەيمىز. ئۇ چاغقا بارغاندا، بىر ئاكر يېرىمىز ئوتتۇز دوللارغا يارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئەللىك دوللارغا يارايدۇ. بىز ھازىرچە ئوتتۇز دوللارغا يارايدۇ دەپ تۇرايلى. ئاندىن بىرەر كىچىكرەك باغنى سېتىۋەتسەك، 1 مىڭ 600 دوللار قەرزىمىزنى قايتۇرۇۋالىمىز. مېنىڭ غەم قىلىۋاتقىنىم، سالغان مەبلىغ-

زەر تاشلىشى بولسا كېرەك. بۇ تۇپراق ئۇنىڭغا شۇنچە-
لىك گۈزەل، شۇنچىلىك مۇنبەت، شۇنچىلىك كۈچلۈك
كۆرۈندى. ئۇ بۇ پايانسىز تۇپراققا كۆزلىرىدىن ياش چە-
قىپ خىرەلەشكۈچە تويماي قارىدى. «چېگرا سىزىقى»
ئىلاھى — ئۇنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن ئۇلۇغ، ئەر-
كىن ئىلاھ بەلكىم ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىگە ئەزەلدىن مۇن-
داق باش ئېگىپ باقمىغان بولغىيدى. ھەربىر دۆلەتنىڭ
تارىخى بىر ئەرنىڭ ياكى بىر ئايالنىڭ قەلبىدىن باشلانغان
بولىدۇ.

ئالېكساندرا ئۆيگە چۈشتىن كېيىن يېتىپ كەلدى.
كەچتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئىككى ئىنىسىغا سۆز-
لەپ بەردى.

— مېنىڭچە ئۆزۈڭلار بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار.
ئەمەلىيەتنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ كەلمىسەڭلار،
باشقا ھېچقانداق نەرسە سىلەرنى قايىل قىلالمايدۇ. دەريا
بويىدىكى كۆچمەنلەر بىزدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى
كەلگەن، شۇڭا بىزدىن ئىلگارىراق، ئېتىز ئىشلىرىغا بىز-
دىن پىششىقراق. ئۇ يەردىكى يەرلەر بۇ يەردىكىدىن ئۈچ
ھەسسە قىممەت ئىكەن، لېكىن بەش يىلغا قالماي، بىز-
نىڭ بۇ يەرلەرنىڭ باھاسى ئۇلارنىڭكىدىن بىر ھەسسە
ئاشىدۇ. ئۇ يەردىكى مۇنبەت يەرلەر پۇلدارلارنىڭ قولىدا
ئىكەن، ئۇلار يەنە توختىماي يەر سېتىۋېلىۋېتىپتۇ. ھازىر
بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز، كالىلار بىلەن كونا كۆممە-
قوناقلارنى سېتىپ پۇل قىلىپ، لىندستروملارنىڭ يېرىنى
سېتىۋېلىش. ئاندىن جايلىق يېرىمىزنىڭ يېرىمىنى رەنىگە
قويۇپ، پۇل قەرز ئېلىپ، پېتېر كراۋنىڭ يەرلىرىنىمۇ

ئوسكارنىڭ مۆرىسىگە قويدى.
— بىچارە بالا، سېنىڭ بۇ يەرگە ئىشلىشىڭ ھاجەتسىز. باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى سېتىۋېلىۋاتقان شەھەرلىكلەرمۇ ئۇ يەرلەرگە ئۆزلىرى ئىشلىمەيدۇ. بىر يەرگە يىغى كېلىپ ماكانلاشقاندا، ئاشۇلارغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بىز ئەخمەقلەردىن ئەمەس، ئەقىللىق ئادەملەردىن ئۆگىنەيلى. مەن سىلەرنىڭ باش كۆتۈرمەي ئىشلەپلا ئۈتۈپ كېتىشىڭلارنى ئەمەس، ئۆز ئالدىڭلارغا يول تۇتۇشۇڭلارنى، ئامىنى ئوقۇتۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.
روئي خۇددى بېشىنىڭ ئاجراپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، بېشىنى قاماللاپ تۇتتى.
— باشقىلار بىزنى ئېلىشىپ قاپتۇ دېيىشى تۇرغان گەپ. بىز چوقۇم ئېلىشىپ قالدۇق. بولمىسا باشقىلارمۇ شۇنداق قىلمامدۇ.
— ئەگەر ھەممە ئادەم شۇنداق قىلغان بولسا، بىزگە پۇرسەت قالمىغان بولاتتى. ماڭا قارا، روئي، مەن ئۈچ قۇلاق ئوتنى سىناق قىلىپ تەرگەن بىر ئەقىللىق يىگىت بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتىم. ئۇ، باشقىلار قىلمىغان ئىشنى قىلىش ئەڭ ئاقىلانە ئىش، دەيدۇ. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز نېمە ئۈچۈن قوشنىلارنىڭكىدىن ياخشى؟ چۈنكى، دادامنىڭ كاللىسى ئۇلارنىڭكىگە قارىغاندا بەكرەك ئىشلەيدۇ. بىز يۇرتىمىزدىمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىدۇق. بىز باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئىش قىلىشىمىز، يىراقنى كۆرۈشىمىز كېرەك. ماقۇل، ئاپا، شىرەنى ھازىرلا يىغىشتۇرۇۋېتىمەن.

مىزنىڭ ئىزىنى چىقىرىۋېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇسۇم ۋە باج. بىز بۇ پۇللارنى قايتۇرۇپ بولغۇچە تۇرمۇشتا خېلى قىينىلىمىز. لېكىن ئۇن يىلنى ئۆتكۈزۈۋالساق، بىز جان تالىشىپ ئاران كۈن ئېلىۋاتقان دېھقان ئەمەس، مۇستەقىل يەر ئىگىسىگە ئايلىنىمىز. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل، بۇ خۇددى بىز ھازىر مۇشۇ يەردە ئولتۇرغاندەك ھەقىقەت.

دادام شۇنچە يىللار زارىقىپ كۈتكەن پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەلدى.

روئىي توختىماي نېرى - بېرى ماڭاتتى.

— بىراق سەن يەر باھاسىنىڭ قەرزلەرنى قايتۇرۇۋالغۇدەك ئۆسىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ . . .

— تېخى بۇ يەر بىزنى باي قىلىۋېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — ئالېكساندرا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — مەن بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، روئىي. سىلەر مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىڭلار، بۇنىڭغا كۆزۈم يېتىپ تۇرىدۇ. سەن بۇ يەرلەرنى ئايلىنىپ كۆرسەڭ، بۇ پۇرسەتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

ئوسكار ئىككى قولىنى پۇتلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— لېكىن بىز مۇنچىلىك كۆپ يەرنى تېرىپ كېتەلمەيمىز، — دېدى ئۇ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا، — بۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلمايلى، مۇنچە كۆپ يەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىمىز دېسەك، چارچاپ ئۆلىمىز، — ئۇ ئۆھ تارتىپ قويۇپ، قاداق باسقان قولىنى شىرە ئۈستىگە قويدى.

ئالېكساندرانىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇ قولىنى

بىشىمىزغا كەلگەننى كۆرمەيمىزمۇ. لېكىن قەرزنى قاي-تۇرۇپ بولغۇچە خېلى تەرلەپ باقىمىز. روئي ئىككىمىز جېنىمىزنى ئالىقىنىمىزغا ئېلىپ قويۇپ ئىشلەۋاتىمىز، لېكىن ھالىمىز يەنىلا شۇ.

— بۇنى مەن ھەممىدىن بەكرەك بىلىمەن، ئوسكار. شۇڭا، جاپا تارتمايدىغانراق بىر يول تېپىشقا كاللا قاتۇرۇ-ۋاتىمەن. سىلەرگە پۈتۈن پۇلنى ئېتىزدىن تاپ دېمەكچى ئەمەسمەن.

— سېنىڭ مەقسىتىڭنى چۈشىنىۋاتىمەن. نەتىجى-سى ياخشى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن توختامغا قول قويى-دىغىنىمىز ئېنىق، بۇنىڭغا «مۇمكىن» ، «بەلكىم» دېگەن گەپلەر كەتمەيدۇ، — ئۇ چېلەكنى ئېلىپ، ئېغىر قەدەم-لەر بىلەن ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئالېكساندرا ياغلىقىنى ياخشىلاپ تاڭدى، تۈگمەن-نىڭ چاقپەلەك جازىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئاسماندا چا-راقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىدى. ئۇ يۇلتۇزلارغا قاراش-قا ئامراق، يۇلتۇزلارنىڭ نەقەدەر چوڭ، نەقەدەر يىراق، نەقەدەر قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىنى ئويلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. تەبىئەتنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى ئۈستى-دە ئويلانسىلا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ قوشۇلىدۇ، ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلىدۇ. شۇ كۈنى كېچىدە بۇ تۇپراققا نىسبەتەن ئۇنىڭدا يېڭى تونۇش پەيدا بولدى، ئۆزىنى تۇپ-راق بىلەن يېڭىچە بىر خىل مۇناسىۋەت ئورناتقاندەك ھېس قىلدى. ئىككى ئىنىسى بىلەن قىلىشقان گەپلەرمۇ ئۇنىڭ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن «چېگرا سىزىقى»غا قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدىكى ھېسسىياتىغا قىلچە تەسىر

ئالېكساندىرا ئورنىدىن تۇردى. يىگىتلەر مالغا قارىغۇ-
لى چىقىپ كېتىپ ئۇزۇنغىچە يوقاپ كەتتى. قايتىپ
كىرگەندىن كېيىن روئي ھە دەپ گارمون چالغىلى تۇردى،
ئوسكار دادىسىنىڭ ئۇستىلىدە بىرنېمىلەرنى سىزىپ ئول-
تۇردى. ئۇلار ئالېكساندىرانىڭ پىلانى توغرۇلۇق قايتا بىر
نېمە دېمىدى، لېكىن ئالېكساندىرا ئۇلارنىڭ ئاساسەن قو-
شۇلۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى،
ئوسكار سۇ ئەكىرگىلى چىقىپ كېتىپ ئۇزۇنغىچە قاي-
تىپ كىرمىدى. ئالېكساندىرا ياغلىقىنى تېڭىپ تۇگمەن
بېشىغا باردى. ئوسكار ئۇ يەردە بېشىنى چاڭگاللاپ ئول-
تۇراتتى. ئالېكساندىرا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بۇ ئىشقا كۆڭلۈڭ تارتمىغان بولسا، بولدى،
قىلمىغىن، — دېدى ئالېكساندىرا پەس ئاۋازدا. ئۇ خېلى
ساقلىغان بولسىمۇ، ئوسكار زۇۋان سۈرمىدى، — ئەگەر
خالىمىساڭ، بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالمايمەن. نېمىگە
شۇنچە بېشىڭ چۈشۈپ كەتتى؟

— مەن ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئاشۇ قەغەزگە قول
قويۇشتىن بەك قورقىمەن، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي، —
ئويلاپ باقسام، مەن ئېسىمنى بىلگەندىن بېرى قەرزدىن
قۇتۇلالماپتۇق.

— ئۇنداق بولسا قول قويمىغىن. شۇنچىلىك قورق-
ساڭ، بولدى، ساڭا قول قويغۇزمايمەن.

ئوسكار بېشىنى چايقىدى.

— ياق، مەن بۇنىڭ بىر پۇرسەت ئىكەنلىكىنى بى-
لىپ تۇرۇۋاتىمەن. مەن ئۇزۇن ئويلاندىم، بۇ ئىش ئېقىپ
قالىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. يەڭنى تۈرۈپ قويغاندىن كېيىن

# ئىككىنچى قىسىم قوشنا زېمىن

## 1

مانا جون بوگسېنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئون ئالتە يىل بولدى. هازىر ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ئو-رۇن ئالدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىكى ئاق رەڭلىك بەلگە ئېتىزلىقتا پارقىراپ تۇرىدۇ. بوگسېن قەب-رىسى ئىچىدىن چىقسا بۇ يەرنى تونۇيالمايدۇ. ئەينى يىلى باغرىنى يېرىپ، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ئارامگاھ تەييارلانغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل يەر هازىر يوق، نورۋېگىيە قەبرىستان-لىقىدىن قارىسىڭىز، چېكىگە كۆزىڭىز يەتمەيدىغان شاهمات تاختىسىدەك تاختا - تاختا ئېتىزلارنى كۆرىسىز. ئاقىرىپ تۇرغان يول بويىدا تېلېفون سىمى ۋىڭىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدۇ، يول ئايلانمىلىرى كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدىن سانىغاندا، كۆركەم سېلىنغان ئون نەچچە دېهقان ئۆيى كۆزگە كۆرۈ-نىدۇ. غايەت چوڭ قىزىل رەڭلىك ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئالتۇن رەڭ ئۆگزىسى يېشىل، قوڭۇر، سېرىق رەڭلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان يەر بىلەن كۆز قىسىشىپ تۇ-رىدۇ. پولاتتىن ئەپچىل ياسالغان چاقپەلەك شامالدا تەۋرى-نىپ تۇرىدۇ. . . شامال بۇ ئېگىز، جانلىق، باش ئەگمەس ئانا تۇپراقنى هەپتىلەپ توختىماي يەلپۈپ تۇرىدۇ.

كۆرسىتەلمىدى. ئۇ بۇ يەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قانچىلىك
مۇھىملىقىنى ئىلگىرى مۇنداق چوڭقۇر ھېس قىلىپ باق-
مىغان. ئېگىز چۆپلەر ئارىسىدىن كېلىۋاتقان ۋىچىر -
ۋىچىر ئاۋازلار ئەڭ گۈزەل مېلودىيە ئىدى. ئۇ خۇددى
ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ شۇ يەرگە كۆمۈلگەندەك، بۆدۈنە، پىلو-
ۋېر ۋە قۇياش نۇرى ئاستىدا ھاياتنى كۈيلەۋاتقان بارلىق
جان - جانىۋارلار بىللە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدى.
ئۇ كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭ ئاشۇ ئېگىز - پەس، ياۋايى
تۇپراق ئاستىدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى.

ـرىستانلىقىنى ئوراپ تۇرغان رېشاتكىنىڭ ئىشىكىدە تۇ-
رۇپ، قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا ئىسقىرتقىنىچە چالغىسىنى
قايراۋاتاتتى. ئۇ بېشىغا فلانېل شىلەپە، ئۇچىسىغا كاناپ
ئىشتان كىيگەن، ئاق فلانېل كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى جەيند-
ىكىگىچە تۇرۇۋالغانىدى. ئۇ چالغىنى بىلەپ بولغاندىن
كېيىن قايراقنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن
چۆپنى چېپىشقا باشلىدى. ئۇ يەنە ئىسقىرتىشقا باشلىد-
ىدى، لېكىن جىمجىتلىقنى خالايدىغان ھەمراھىنى ئاياپ،
پەس ئاۋازدا ئىسقىرتتى. بەلكىم بۇ ئۇنى ئايىغىنىمۇ ئە-
مەستۇ، چۈنكى ئۇ پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن قانداقتۇر
بىر ئىشنى ئويلاۋاتاتتى. يەنە كېلىپ بۇ ئىش قەدىمكى
رىم گلادىئاتورلىرىدەك يىراقتا ئىدى. ئۇ تولىمۇ كېلىش-
كەن يىگىت، ئېگىز بەستى ياش قارىغايدەك مەزمۇت،
قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆل رەڭ كۆزلىرىدىن ئوت
چاقناپ تۇرىدۇ. ئىككى تال ئوتتۇر چىشىنىڭ ئارىلىقى
بەكلا كەڭ، شۇڭا ئۇ ئىسقىرتىشقا ئالاھىدە ماھىر، مەك-
تەپتە نامى بار (ئۇ تېخى ئالىي مەكتەپ ھەربىي ئوركې-
ىسترنىڭ ئىسقىرتقۇچىسى).

چۆپنى ئېھتىيات بىلەن چاپىدىغان يەرلەرگە كەلگەندە
ياكى بىرەر پارچە تاش ئۇچراپ قېلىپ، ئېڭىشىپ ئەترا-
پىنى چاپقاندا، ئۇ ئىسقىرتىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇ-
رىدۇ، چېپىش راۋانلاشقاندا، ئۆزى ئىسقىرتتۇاتقان ئا-
ھاڭنى ئۈزۈلۈپ قالغان يېرىدىن يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ
پارقىراپ تۇرغان چالغىسى ئاستىدىكى يەرگە پۈتۈن ئەج-
ىرىنى سىڭدۈرگەن بوز يەر ئاچقۇچىنى خىيالىغا كەلتۈر-
مەيدۇ. قەدىمكى ئاشۇ قاقاس دالا ۋە جاپالىق كۈرەشلەر

هازىر «چېگرا سىزىقى» غا ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلى-شىپ كەتتى. مۇنبەت تۇپراق ئايىماي ھوسۇل بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. قۇرغاق، سالقىن ھاۋا ۋە تۇز كەتكەن يەرلەر ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ھايات كۆچۈرۈشىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەنزىرىسى ئادەمنىڭ روھى-نى كۆتۈرىدۇ: سوقا ئېتىزغا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئىز سالغان، ئاغدۇرۇلغان تۇپراقتىن بىر خىل ساپ خۇش پۇ-راق دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ، مۇنداق كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ۋە ئاۋۇشچانلىققا ئىگە تۇپراقمۇ سوقا چىشلىرىغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ؛ سوقا چىشلىرى بۆسۈپ كىرگەن-دە، تۇپراق بىر خىل يېقىملىق، بەخت ئىچىدە ئىڭراپ، ياۋاشلىق بىلەن بىر چەتكە ئۆرۈلىدۇ، يالىلداپ تۇرغان سوقا چىشلىرىغا قىلچە زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. ئورما مەز-گىلىدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئادەم، ئۇلاغلار يېتىشمەي كېتىدۇ. باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان بۇغدايلار ئورغاقتا ئۆزىنى تاشلاپ تۇرىدۇ.

بۇ تۇپراقتىن بىر خىل خۇشخۇيلۇق، خۇشاللىق ۋە ياشلىق باھارنىڭ تىنىقى تەپچىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاشۇ ئۆزگىرىشچان تۆت پەسىلگە قىلچە ئاغ-رىنماي، قىلچە ئايانماي بېغىشلىۋەتكەن. ئۇ خۇددى رومباد تۇزلەڭلىكىدەك، گەۋدىسىنى شۇنچىكىم كۆتۈرۈپ قۇيلىشقا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. ھاۋا بىلەن تۇپراق بىر - بىرىگە شۇنچىلىك سىڭىشىپ كەتكەن، سىز ھاۋادىنمۇ تۇپراقتى-كىگە ئوخشاش قۇۋۋەت، ساغلاملىقنى، ئوخشاش كۈچ ۋە ئىرادىنى ھېس قىلالايسىز.

ئىيۇننىڭ بىر ئەتىگىنى، بىر يىگىت نورۋېگىيە قەب-

گەن، بۇغداي ئۆڭ، يۇمىلاق يۈزى چىرايلىق ئېچىلغان
ئەپيۇنگۇلگە ئوخشايتتى، ئىككى مەڭزى ۋە لەۋلىرىدىن
قان تېمىپ تۇراتتى، چاقناپ تۇرغان سارغۇچ كۆزلىرىدىن
خۇشاللىق نۇرلىرى يېغىپ تۇراتتى. شامال ئۇنىڭ شىلە-
پىسىگە ئۇرۇلۇپ، زىغىر رەڭ چاچلىرىنى ئوينىتاتتى. ئۇ
بەستلىك يىگىتكە قاراپ بېشىنى چايقىدى.
— ئىشىڭىزنى قاچان تۈگىتىسىز؟ بۇ بىر تەنھەرى-
كەتچى ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدىغۇ. مەن جې-
نىمدا شەھەرگە كىرىپ چىقىپ بولدۇم. ئالېكساندرا سىز
كۈن چۈشكىچە ئۇخلىسىڭىزمۇ قويۇپ بەرگەن گەپتە.
ھە، بىلىمەن، ئالېكساندرانىڭ سىزگە قانچىلىك كۆيۈنى-
دىغانلىقىنى روئېنىڭ خوتۇنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. ئىشى-
ڭىزنى پۈتتۈرگەن بولسىڭىز ئالغاچ كېتەي دېگەن، — قىز
بوجىنى قولىغا ئالدى.
— ئىشىم ھازىرلا تۈگەيدۇ، بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ،
ماكرى، — دېدى ئامى ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا، — ئالېك-
ساندرا مېنى ئۆزىمىزنىڭ يېرىنىڭ چۆپىنى چېپىشقا ئە-
ۋەتكەن، لېكىن مەن باشقا نەچچە ئائىلىنىڭ يېرىدىكى
ئىشنى تۈگەتتىم، قاراڭ، كوۋلدنانىڭ يېرىدىكى ئىشنى
تۈگەتسەملا قايتىمەن. قىزىق ئىش، ئۇلار بوخېمىيىلىك
تۇرۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملىرىنى نېمىشقا كاتولىك-
لارنىڭ قەبرىستانلىقىغا قويمايدۇ؟
— ئۇلار ئېتىقاد ئەركىنلىكى تەرەپدارلىرى - دە، —
قىز قىسقىلا جاۋاب بەردى.
— ئالىي مەكتەپتىكى بوخېمىيىلىكلەرنىڭ كۆپىنى-
چىسى ئېتىقاد ئەركىنلىكى تەرەپدارلىرى ئىدى، — ئامى

هازىر ئۇنىڭ ئېسىدە تازا يوق. ئۇنىڭ ھەدىسى بۇ كۇ-
رەشتە ئاخىر غەلىبە قىلدى، لېكىن نۇرغۇن ئادەم ئاخىرىدا
لېۋىنى چىشلەپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خاتى-
رىسىدە بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان بالىلىق
دەۋرگە مەنسۇپ. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە تۇرمۇش شۇنداق
گۈزەل بىر كۆرۈنۈشنى بەرپا قىلدى: ئۇ يېنىك ئاتلېتكا
تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلار ئارا مۇسابى-
قىدە ئېگىزگە سەكرەش رېكورتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.
يىگىرمە بىر ياشقا كىردى، قەددى ـ قامەتتىمۇ، تالانتىد-
مۇ تازا ۋايىغا يەتكەن ۋاقتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى نەقەدەر
گۈزەل! لېكىن بەزىدە چالغا تارتىشتىن توختاپ دەم ئېلى-
ۋاتقاندا، يىگىت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ يەرگە قادىلىپ تۇ-
رۇپ كېتىدۇ. راست، يىگىرمە بىر ياشقا كىرگىنى بى-
لەن، ئالدىدا نۇرغۇن ئىشلار بار ئىكەن.

ئۇنىڭ چۆپ چېپىۋاتقىنىغا يېرىم سائەتلەردىن ئاش-
قاندا، ئارقا تەرىپىدىكى يولدىن ھارۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلان-
دى. ھەدەم بىرەر دېھقانچىلىق مەيدانىنى كۆزدىن كۆچۈ-
رۈپ قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئۇ
تەرەپكە قاراپمۇ قويماي ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.
ھارۋا رېشاتكا ئىشىكىدە توختاپ، بىر قىزنىڭ شوخ ئاۋا-
زى ئاڭلاندى:

— چۆپنى چېپىپ بولاي دېدىڭىزمۇ، ئامى؟

ئامى چالغىنى قويۇپ رېشاتكا تەرەپكە ماڭدى، كېتى-
ۋېتىپ يۈزى ۋە بويۇنلىرىدىكى تەرنى سۈرتتى. ھارۋىدا
بىر قىز ئولتۇراتتى. قىز قولىغا پەلەي، بېشىغا كەڭ جى-
يەكلىك ئەپيۇنگۈلنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن شىلەپە كىي-

ھالەتتە ئولتۇرىدۇ. مۇنداق ئادەملەر ھەرقانداق يەردە خۇ-
شاللىق تاپالايدۇ، ئەتراپىدىكى شارائىتقا تېزلا ماسلىشىپ
كېتەلەيدۇ. ئامى ئاخىرىدا قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ،
رېشاتكىنىڭ ئىشىكىنى گۇپپىدە ياپتى، ئاندىن كېلىپ
ھارۋىغا سەكرەپ چىقتى، قولىدىكى چالغا ھارۋىدىن خې-
لىلا چىقىپ تۇراتتى.

— بولدى، — دېدى ئامى يېنىك تىنىپ، — لى بو-
ۋاينىڭ يېرىنىمۇ خېلى چېپىپ قويدۇم. روئېنىڭ خوتۇنى
مەن توغرۇلۇق ئاز گەپ قىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ
ئېتىزغا كېلىپ چالغا تارتىپ باقىدىغانلىقىنى مەن ئەزەلدىن
كۆرۈپ باقمىدىم.

ماكرى ئاتلىرىغا تۇرۇپ - تۇرۇپ ۋارقىراپ قوياتتى.

— ئانىڭنى سىزمۇ بىلىسىز، — ماكرى يىگىتنىڭ
ئوچۇق بىلەكلىرىگە قارىدى، — بۇ يەرگە كەلگەندىن بې-
رى تازىمۇ قارىداپ كېتىپسىز. خەپ، بىرەر تەنھەرىكەت-
چى بىزنىڭ باغنىڭ چۆپىنى چېپىپ بەرگەن بولسا، مېۋە
ئۆزگىلى كىرسەم تېزىمغىچە ھۆل بولۇپ كېتىمەن.

— ئۇنداق تەنھەرىكەتچى بارغۇ، قاچانلا دېسىڭىز
ئالدىڭىزدا پەيدا بولىدىغان. ئەڭ ياخشىسى كېيىنكى قې-
تىم يامغۇر ياغقاندىن كېيىن بولسۇن، — ئامى بۇلۇت
ئىزدەۋاتقاندەك ئۇيۇققا قارىدى.

— گېپىڭىز راست - ھە؟ ھە، ياخشى بالا دېگەن
شۇنداق بولىدۇ! — ماكرى ئامىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.
ئامى بۇنى كۆردى دېگەندىن كۆرە، ھېس قىلدى دېگەن
تۈزۈك ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ماكرىغا تىكىلىپ قاراشتىن
ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قەستەن باشقا ياققا قارىۋالغانىدى.

گەپ قىلىشىۋېتىپ چالغىنى قولىغا ئالدى، — مەيلى قانداق بولسۇن، سىلەر جون خۇسنى[1] نېمە ئۈچۈن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتتىڭلار؟ بۇ بىرمۇنچە مۇنازىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ھازىرغىچە تارىخ دەرسلىرىمىزدىمۇ ساپلا شۇ-نىڭ گېپى.

— ئوخشاش ئەھۋالغا ئۇچرىساق، زور كۆپچىلىك ئادەم يەنە شۇنداق قىلىدۇ، — دېدى قىز ھاياجان بىلەن، — ئەگەر بوخېمىيىلىكلەر بولمىغان بولسا، سىلەر ھازىرغىچە مە-دەنىيەت يۇقمىغان تۈرك بىدئەتچىلىرى بولۇپ تۇرۇۋەر-گەن بولاتتىڭلار. سىلەرنىڭ تارىخ دەرسىڭلاردا بۇ نۇقتا سۆزلەنمىگەنمۇ؟

توختىماي چۆپ چېپىۋاتقان ئامى ئارقىسىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— راست دەيسىز، سىلەر چېخلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

ماكرى ھارۋا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يىگىتنىڭ ئۇزۇن بىلەكلىرىنىڭ رىتىملىق ھەرىكىتىگە قاراپ تۇراتتى، ئىد-چىدە غىڭشىۋاتقان بىر ناخشىغا كەلتۈرۈپ پۇتلىرىنى پۇلاڭلىتاتتى. ۋاقىت بىر مىنۇت، بىر مىنۇتتىن ئۆتمەك-تە. ئامى باش كۆتۈرمەي چالغا تارتىۋاتىدۇ، ماكرى قۇ-ياش نۇرى ئاستىدا چۆپلەرنىڭ يىقىلىشىغا قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇ دۇنياغا خۇشاللىق ئۈچۈنلا يارالغان ئادەملەرگە خاس

---

① جون خۇس (1369—1415) بوخېمىيە دىن يېڭىلىق تەرەپدارى، ئەينى چاغدا براگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، بېيلېفېم چېركاۋىنىڭ ئېپىسكوپى بولغان. مۇخ-لىسلارنىڭ روھۇل مۇقەددەسكە ئىشىنىشكە قارشى ماقالىلەرنى يازغان. ئاخىرىدا دىنىي جەمئىيەت ئۇنىڭغا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بەرگەن.

— بولىدۇ، دېگىنىڭىزدەك قىلاي، — دېدى ئامى ئاددىيلا قىلىپ، ئاندىن چالغىنىسنىڭ تىغىغا قاراپ ئولتۇ-رۇپ كەتتى.

ئۇلار غەرب تەرەپتىكى نورۋېگىيە جىلغىسىغا، يى-راقتىكى تاغ ئۇستىگە جايلاشقان ئاق رەڭلىك ئۆي تەرەپ-كە كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆينى نۇرغۇن لاپاس ۋە ئۆيلەر ئوراپ تۇراتتى، قارىماققا تاغلىق كەنتكە ئوخشايتتى. بىرەر نا-تونۇش ئادەم بۇ ئەتراپقا كەلسە، بۇ يەرنىڭ نەقەدەر گۈ-زەل، نەقەدەر مۇنبەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ دېھ-قانچىلىق مەيدانى باشقا دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن ئالا-ھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، كۆكۈل قويۇپ باشقۇرۇلغان، ھەممە نەرسىسى جاي - جايىدا، تاغ باغرىنىڭ بىر چاقى-رىم سىرتىدىن باشلاپ يولنىڭ ئىككى قېتىغا ماندارىن دەرىخى تىكىلگەن، ئۇنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى سېرىق دالىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. تاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇجمە دەرەخلىرى ئوراپ تۇرغان ساسلىق مېۋىلىك باغ، مېۋە كۆچەتلىرى تىز چۆكمەيدىغان چۆپلۈك ئارىسىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەتراپتىكى ھەرقانداق بىر ئادەمدىن سورىسىڭىز بىلىدۇ، بۇ «چېگرا سىزىقى» دىكى ئەڭ باي دېھقانچىلىق مەيدانى، ئۇنىڭ خوجايىنى بىر قىز، ئىسمى ئالېكساندرا بوگسېن.

ئەگەر سىز تاغقا چىقىپ، ئالېكساندرانىڭ كەڭتاشا ئۆيىگە كىرسىڭىز، ئۆزىڭىزنى تېخى تولۇق سەرەمجان-لاشتۇرۇلۇپ بولمىغان بىر يەرگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز. بىر ئۆيگە كىرسىڭىز، تاملىرىغا قەغەز چاپلان-غان، يەرگە گىلەم سېلىنغان، ئۆي مەنقۇلاتلىرى لىپمۇ

ماكرى گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ مەن بايا ئانچىر كىنىڭ تويلۇق كىيىمىنى كۆرۈپ كەلدىم. ھازىر ھاياجىنىمنى زادىلا باسالمايۋاتىمەن، قاچانمۇ يەكشەنبە كېلەر. ئامېردا چوقۇم قالتىس كېلىشكەن يىگىت بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ- غا سىزدىن باشقا مۇۋاپىق يىگىت قولداش يوق جۇمۇڭ. شۇ چاغدىلا ئۇ توي ئالامەت قىزىيدۇ، ــ ئۇ ئامىغا قاراپ ھەييارلىق بىلەن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى، ئامى قىزىرىپ كەتتى، ــ فرانك مەندىن خاپا، چۈنكى مەن ئۇ- نىڭ ئىگىرىنى يونگ سىمىر كاغا بېرىپ تۇرغانىدىم. ئەم- دى ئۇ مېنى بۈگۈن كەچتىكى تانسىغا ئاپارماسمىكىن دەپ ئەنسىرەپ تۇرىمەن. بەلكىم كەچلىك تاماق ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ قالار. ئانچىر كىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى، يەنە ئامېر دانىڭ يىگىرمە تۇغقىنى شۇ تاماقنىڭ پېچىنە - پىرە- نىكلىرىنى پىشۇرۇۋاتىدۇ. يەنە تۇك - تۈكدا پىۋا بار. ئەگەر فرانكنى شۇ تاماققا ئاپىرالىسام، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ تانسىغا ئېلىپ قالغان بولاتتىم. ھە راست، ئامى، مەن بىلەن بىر - ئىككى قېتىم تانسا ئويناپ قويسىڭىزلا بولدى. فرانسىيىلىك ھەممە قىزلار بىلەن تانسا ئويناپ قويمىسىڭىز بولمايدۇ، بولمىسا ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئۇلار سىزنى قانداقتۇر مەكتەپتە ئوقۇغىنىغا يو- غانچى بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ قېلىشى مۇمكىن.

ــ ئۇلارنىڭ شۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى سىز نەدىن بىلىسىز؟ ــ دېدى ئامى دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ.

ــ لاۋېر ماسسېرنىڭ ئۆيىدىكى تانسىدا سىز ئۇلار بىلەن تۈزۈك تانسا ئويناپ قويمىدىڭىز. ئۇلارنىڭ سىز- گە، يەنە ماڭا قاراشلىرىدىن بۇنى ئېنىق سەزدىم.

بىلەن ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتى. ئالاھىدە مېھمانلار بولـ
مىسا، ئۇ ئادەتتە ئىشچىلار بىلەن بىللە تاماق يەيتتى.
ئامى ھەدىسىنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكى بوش ئورۇندۇقتا ئولـ
تۇردى. ئالېكساندرا ئۆي ئىشلىرىغا ياللىۋالغان شۋېتسىد
يىلىك چىرايلىق ئۇچ قىز باقالىلارنى كەستى، ئولتۇرغانـ
لارغا قەھۋە قۇيۇپ بەردى، بولكا، گۆش ۋە ياڭيۇلارنى
قىزىل داستىخان سېلىنغان شىرەگە قويدى. ئۇلار شىرە
بىلەن ئوچاق ئالدىدا بىر ـ بىرىگە يول بەرمەي توختىماي
قاتناپ تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار يول تالىشىپ
بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ، ۋىلىقلاپ كۈلۈشۈپ بىرمۇنچە
ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ئالېكساندرانىڭ ئىنىسىنىڭ
خوتۇنىغا دەپ بەرگىنىدەك، ئۇ بۇ ئۇچ قىزنى يېقىملىق
كۈلكىسىنى دەپلا ئۆزىنىڭ يېنىدا ئېلىپ قالغان. بولمىسا
ئۆي ئىشلىرى ئالېكساندرا ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىد
ىدى. بۇ قىزلار ئائىلىسىدىن كەلگەن ئۇزۇندىن ئۇزۇن
خەتلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرىدۇ، چىرايلىق ياسىنىشىپ
يىگىتلىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى
ئالېكساندرا ئۈچۈن بىر ئەرمەك. ئامى مەكتەپكە كەتكەند
ده، قىزلار ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ھەمراھ.
قىزلارنىڭ ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى سىگنا، ئۇستىد
خىنى چىرايلىق، قان تېمىپ تۇرىدىغان ئىككى مەڭزىدە
ئازراق سەپكۈن بار، چاچلىرى سېرىق. ئالېكساندرا ئۇنى
تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە قاتتىق
تۇتىدۇ. سىگنا تاماق ۋاقتىدا ياللانما ئىشچى يىگىتلەرنىڭ
ئالدىدا بەكلا تەمتىرەيدۇ، بىردەم قەھۋەنى تۆكۈۋېتىۋاتـ
قان، بىردەم سۈتنى ئۆرۈۋېتىۋاتقان. تاماق شىرەسىدىكى

لىق؛ يەنە بىر ئۆيگە كىرسىڭىز ھېچنېمە يوق. ئەڭ كۆڭۈللۈك ئۆي ئاشخانا، ئالېكساندرا ياللىۋالغان شۋېتسىيىلىك ئۈچ قىز ئۇ يەردە تاماق ئېتىدۇ، ئاغزى بېسىقماي بىر نېمىلەرنى دېيىشىدۇ، پۈتۈن يازنى مۇراببا ياساشتەك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ياتاق ئۆي، ئالېكساندرا ئىلگىرىكى كونا ياغاچ ئۆيىدىكى ئەسكى ئائىلە سايمانلىرى، ئاسما رەسىملەر ۋە ئاپىسى شۋېتسىيىدىن ئالغاچ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئۆيگە تىققان.

ئۆيدىن چىقىپ گۈلزارلىققا كىرسىڭىز، سىز ئوخشاشلا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ھەممىلا جايىدىن كۆرگەن رەتلىك، سەرەمجان مۇھىتتىن ھۇزۇرلىنىسىز. قاشا، چىتلاق، لاپاس ھەمدە ئوخشاش چوڭلۇقتا كولانغان ئىككى كۆل (چىۋىن ئەدەپ كەتكەن مەزگىلدە كۆلگە سۇ ئىچكىلى كەلگەن ماللار دالدىلىنىش ئۈچۈن كۆل ئەتراپىغا سۆگەت تىكىۋېتىلگەن)، ئىشقىلىپ ھەممە يەر شۇنداق رەتلىك. تېخى ھويلا ئىچىدىكى ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاستىدا بىر قاتار ھەرە كۆنىكى بار. بۇلارنى كۆرگەندە، سىز ئالېكساندرانىڭ ھەقىقىي ماكانى بىپايان دالا ئىكەنلىكىنى، ئۇ پەقەت تۇپراقتىلا ئۆز ئىپادىسىنى ھەقىقىي تاپالايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

## 2

ئامى ئۆيگە كەلگەندە كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى. ئۇ تاماقخانىغا كىردى، ئالېكساندرا ياللانما ئىشچىلار

ئىشلىرىغا يارىمايتتى، لېكىن هارۋا قېتىش، هارۋا چىقىرىش، ئات ـ ئۇلاغلارغا قاراش دېگەندەك ئىشلارغا ھەر هالدا بولاتتى. قىش كۈنلىرىنىڭ بەزى ئاخشاملىرى ئالېكساندرا ئۇنى چاقىرىپ ئەكىرىپ «ئىنجىل» نى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى. بوۋاي «ئىنجىل» نى شۇنداق راۋان يادلاپ بېرەلەيتتى. بوۋاي ئادەملەر بىللە يېتىشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئالېكساندرا ئۇنىڭغا يەم ـ خەشەك ئامبىرىغا بىر ئېغىز ئۆي ياساپ بەردى. بوۋاي ئۇ يەرنى تولىمۇ راھەت ھېس قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ يەر ئات ـ ئۇلاغلارغا يېقىن، ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرىدىن يىراق ئىدى. ئۇ دەۋاتقان ئېزىقتۇرۇشنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭقىرالمايتتى. قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرى، ئۇ ئوچاق يېنىدا ئولتۇرۇپ سەگەنچۈك ياسايتتى ياكى بولمىسا ئاتقا نوختا تىكەتتى. ياتارغا يېقىن ئوچاقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى، ئاندىن سۇ كالدىسى تېرىسىدە تىكىلگەن چاپىنىنى كىيىپ، يەم ـ خەشەك ئامبىرىدىكى ئۆيىگە قاراپ ماڭاتتى.

ئالېكساندرادا ئۆزگىرىش چوڭ ئەمەس، بۇرۇنقىغا قارىغاندا سەل تولۇپ قالغان، تېرىسى سەل قارىدىغان، يىلى ۋاقتىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئوچۇق ـ يورۇق، زېھنىي ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. لېكىن كەيپىياتى بۇرۇنقىغا ئوخشاش تۇراقلىق، سالماق، كۆزلىرى نۇرلۇق، چېچىنى بۇرۇنقىدەك ئىككى ئۆرۈپ تورمەكلىۋالغان. چېچى بۇدۇر بولغاچقا، ئەتراپى كۆتۈرۈلۈۋېلىپ، بېشىنى خۇددى كۆكتاتلىقنىڭ چۆرىسىگە ئىككى قاتار قىلىپ تىزىلغان ئاپتاپ-

ئالته يىگىتنىڭ بىرى بولغان نىلىس جانسون ئۇنىڭغا كۆز سېلىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. لېكىن بۇ يىگىت بەكلا ئېھتىياتچان، كۆڭلىدىكىنى ئاشكارا بىلدۈرمەيدۇ، شۇڭا بۇ ئىشنىڭ قايسى دەرىجىگە بارغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، سىگنا تېخىمۇ خەۋەرسىز. سىگنا تاماق تارتىۋاتقاندا، نىلىس ئۇنىڭغا ئۈن - تىنسىز قاراپ ئولتۇرىدۇ. كەچتە ئۇ ئوچاق ئارقىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىش قىلىۋاتقان سىگناغا قارىغىنىچە، گارمونىنى مۇڭلۇق مۇزىكىلارغا چالىدۇ. ئالېكساندرا سىگنادىن: «نىلىسنىڭ ساڭا كۆڭلى باردەك قىلامدۇ؟» دەپ سورىسا، سىگنا قوللىرىنى كۆڭلىكى ئاستىغا يوشۇرۇپ: «بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ مەن خۇددى ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ئادەمدەك، ئۇ مېنى يوقىلاڭ ئىشلارغىلا تىللايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئالېكساندرانىڭ سول تەرىپىدە كۈچ - ماغدۇرىدىن قالغان بىر بوۋاي ئولتۇرىدۇ. ئۇ يالىڭاياغ، ئۈچىسىغا ئالدى ئوچۇق كۆك كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ پاخما چاچلىرى ئون ئالته يىلنىڭ ئالدىدىكىدىن كۆپ ئاقىرىپ كەتمىگەن، لېكىن كىچىك كۆكۈچ كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەن، ياشاڭغىراپ تۇرىدۇ، قان تېپىپ تۇرىدىغان مەڭزىلىرى خۇددى بىر قىش شاختا تۇرۇپ ئۈششۈپ كەتكەن ئالمىدەك قورۇلۇپ قالغانىدى. ئون ئىككى يىل ئىلگىرى ئافې يېرىنى ئۇبدان باشقۇرالماي ئايرىلىپ قالغاندا، ئالېكساندرا بۇ بوۋاينى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ بوۋاي ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى. ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا ئېتىز

چىققاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:
— راست دەيسىلەر، ئۇنۇمى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، بىردىنبىر ئامال سىناپ بېقىش كېرەك. مالنى قانداق بېقىشقا كەلگەندە، روئېنىڭ قارى-شى ماڭا ئوخشىمايدۇ، بۇ ياخشى ئەھۋال. ئەگەر ھەممى-مىزنىڭ قارىشى ئوخشاش بولۇپ چىقسا بۇ قاملاشمايد-تى. ئىشلىرىمىزدا ئىلگىرىلەش بولمايتتى. روئي مېنىڭ خاتالىقلىرىم ئىچىدىن تەجرىبىگە ئىگە بولىدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ خاتالىقلىرى ئىچىدىن تەجرىبىگە ئىگە بولىمەن. بۇ ئادىل ئەمەسمۇ، بارنېل؟

ئىرېلاندىيىلىك كۇلدى. ئۇ روئېغا ئۆچ ئىدى. چۈن-كى روئي ئۇنىڭ ئالدىدا بەك يوغانچىلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ-غا مائاشنى يۇقىرى بېرىۋەتتىڭ، دەپ ئالېكساندرادىن خاپا بولاتتى.

— مېنىڭ باشقىچە پىكرىم يوق، ياۋاشلىق بىلەن سىناپ بېقىشقا قوشۇلىمەن، خېنىم. ئامبارغا بىرمۇنچە پۇل خەجلىدۇق، بىر سىناپ باققىنىمىز ياخشى. ئامى، ئىككىمىز چىقىپ كۆرۈپ باقامدۇق؟ — ئۇ ئورۇندۇقنى ئارقىسىغا ئىتتىرىپ، ئاسقۇدىن شلەپىسىنى ئېلىپ، ئا-مى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئامى ئالي مەكتەپ ئوقۇغۇچى-سى، بەزىلەر، بۇ ئامبارنى ياساش ئەقلىنى ئاشۇ كۆرسەت-كەن، دېيىشىدۇ. باشقا ئىشچىلارمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسى-دىن چىقىپ كەتتى، ئافېلا قوزغالماي ئولتۇراتتى. ئافي تاماق ئۈستىدە ئېچىلىپ ئولتۇرمىدى، گەپكە ئارىلاشمى-دى، ھەتتا مالنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كېتىش توغرۇلۇق گەپ بولغاندىمۇ ئۈندىمىدى، ئادەتتىكى چاغدا بولغان

پەرەسكە ئوخشىتىپ قويغانىدى. يازدا ئۇنىڭ چىرايى ئاپ-
تاپتا كۆيۈپ قارىداپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ شىلەپىسى
بېشىغا قارىغاندا قولىدا ئۇزۇنراق تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ
ئاپتاپ تەگمىگەن بويۇنلىرى، بىلەكلىرى شۇنداق ئاق،
تېرىسى شۇنداق يۇمران، مۇنداق قاردەك ئاپئاق تېرىنى
پەقەت شۇېتسىيىلىك ئاياللاردىنلا تاپقىلى بولىدۇ!

ئالېكساندرا تاماق ئۈستىدە كۆپ گەپ قىلمايدۇ،
لېكىن ئىشچىلىرىنى گەپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئۇ-
لار ھەرقانچە ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلسىمۇ، كۆڭۈل قو-
يۇپ قۇلاق سالىدۇ.

بۈگۈن بارنېل فلىن، ھېلىقى يوغان باش، قىزىل چاچ
ئىرېلاندىيىلىك ئالېكساندرا ئەتىيازدا ياسىغان يەم ـ خە-
شەك ئامبىرى توغرىسىدا قاقشاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالېكساند-
را بىلەن ئىشلەۋاتقىنىغا بەش يىل بولدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ
ئالېكساندرانىڭ ئىش بېشى، لېكىن ئەمەل تاجى يوق.
ئالېكساندرا «چېگرا سىزىقى» دا تۇنجى قېتىم يەم ـ خە-
شەك ئامبىرى ياسىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قوشنىلىرى ۋە
ئەتراپىدىكىلەر بۇنى ئارتۇقچە ئىش دەپ قارايتتى.

— ئۇ نەرسە بولمىسىمۇ، بىز يەم ـ خەشەكتىن
قىسىلىپ قالمايتتۇق، — دېدى بارنېل.

سىگنانىڭ جىمغۇر ئاشىقى نىلېس ئېغىز ئاچتى:

— روئي ئۇنداق ئامبارنى ماڭا بىكارغا بەرسىمۇ
ئالمايمەن، دەيدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئامباردىكى يەم ـ
خەشەكنى يېسە ماللارنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كېتكۈدەك.
شۇ سەۋەبتىن كىمدۇر بىرىنىڭ تۆت ئېتى ئۆلۈپتۇدەك.

ئالېكساندرا شىرەدىكى ئادەملەرگە بىرمۇبىر قاراپ

نىسىغا ئاپىرىۋېتىدىكەن، دەپ يۇرۇشىدۇ.
ئالېكساندىرا يىپ - يىڭنە قۇتىسىنى يەرگە قويدى.
— مەن مۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باقمىدىم، — دېدى ئۇ قەتئىي هالدا، — مۇنداق ئۇسەك گەپلەرگە نېمىشقا ئىشىنىسىز؟ مەن مۇنداق ئىشقا هەرگىز يول قويمايمەن.
ئافې پاخما بېشىنى كۆتۈرۈپ، كىچىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى:
— ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر بۇ ئائىلىدىكىلەر ئۇستۇمدىن ئەرز قىلسا، ئەگەر ئۇكىڭىز يۇقىرىغا ئەرز قىلسا، سىزمۇ توسۇپ قالالمايدىكەنسىز. ئىنىڭىز مېنىڭ سېھىر ئىشلىتىپ سىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەيدىكەن. توۋا، خۇدا بۇنى راۋا كۆرەمدۇ! ئۇلار قانداقسىگە مۇنداق ئويلاپ قالغاندۇ؟ مەن ئۆزۈمگە ئاش بەرگەن قازاننى چاقىمەنمۇ؟ — بوۋاينىڭ كۆز ياشلىرى ساقاللىرى ئۇستىگە سىرغىپ چۈشتى.
ئالېكساندىرا قوشۇمىسىنى تۈردى.
— ئافې، هېچ چۈشەنمىدىم، سىز مۇشۇنداق يوقىلاڭ گەپلەرگىمۇ مېنى ئاۋارە قىلامسىز. مەنلا مۇشۇ ئۆيدە بولىدىكەنمەن، سىزگە هېچكىم تېگەلمەيدۇ، مېنىمۇ باشقۇرالمايدۇ. سىز مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن چىقسىڭىزلا بولدى، باشقىسى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.
ئافې كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىدىن قىزىل قول ياغلىقىنى چىقىرىپ كۆزلىرىنى ۋە ساقىلىنى سۈرتتى.
— ئەگەر ئەهۋال ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ، سىزگە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىۋاتقان بولسام، مېنى يولغا سېلىپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بولسا بۇ توغرۇلۇق بىرمۇنچە گەپ قىلغان بولاتتى.

— ماڭا بىرەر گېپىڭىز بارمىدى، ئافي؟ — سورىدى ئالېكساندرا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — يۈرۈڭ، ياتاق ئۆيـگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.

بوۋاي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ياتاق ئۆيگە كىردى، لېكىن ئولتۇرۇشقا بىر ئورۇندۇقنى كۆرسەتسە، باش چايقىدى. ئالېكساندرا يىپ - يىڭنە قۇتىسىنى ئەكېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئافي چاچلىرى پاخـپىيىپ كەتكەن بېشىنى ئېگىپ، ئىككى قولىنى ئالدىغا تاشلاپ، يەردىكى گىلەمگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاسقاق پۇتى يىللار ئۆتكەنسېرى تېخىمۇ قىسقىرىپ كېتىۋاتقانـدەك قىلاتتى، كېلەڭسىز بەدىنى ۋە كەڭ مۈرىسى بىلەن بارغانسېرى ماسلاشماي قېلىۋاتاتتى.

— ئافي، گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، — دېدى ئالېكـساندرا خېلى ساقلىغاندىن كېيىن.

ئافي ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ بولالمىدى. ئۇ نورۋېـگىيە تىلىنى كونا پاسوندا سىلىق، سالماق سۆزلەيتتى. ئۇ ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان بىرنەچچە قىزغا ئۆلگە بولۇش ئۈچۈن، ئالېكساندراغا ھەرقانداق ۋاقىتتا ھۆرمەت بىلەن گەپ قىلاتتى، چۈنكى ئۇ قىزلار بەكلا ئەركىن ئىدى.

— خېنىم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا گەپ باشلاپ، كۆزلىرىنى يەردىن ئالمىدى، — يېقىندىن بېرى بۇ يەردـكىلەر ماڭا سوغۇق كۆزدە قارايدىغان بولۇۋالدى، ئۇلارـنىڭ نېمە گەپلەرنى دەپ يۈرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— قانداق گەپلەركەن ئۇ، ئافي؟

— مېنى كەتكۈزۈۋېتىدىكەن، ساراڭلار دوختۇرخاـ

تۇرماي، بەك ئارامسىزلىنىپ كەتكەن چاغلاردا، ئۇ ھاراق ئىچىپ، يىلاننى مەست قىلىۋېتىدىكەن. ئۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئىش قىلالايدۇ، كالالىسىمۇ ناھايىتى سەگەك، لېكىن ئۇلار ئۇنى بىر ئۆيگە سولاپ قويىدى. سەۋەب، ئۇ باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ، قورسىقىدا يىلان بار. بۇ يەردى-كى ئىشلار مانا مۇشۇنداق. ئۇلار مەخسۇس باشقىلارغا ئوخشاپ كەتمەيدىغان ئادەملەرنى سولاش ئۈچۈن ساراڭ-لار دوختۇرخانىسىنى ياسىغان، ئۇلار ھەتتا بىزنى كامار-لاردا بورسۇققا ھەمراھ بولۇشقىمۇ يول قويمايدۇ. سىز-نىڭ ئىگىلىكىڭىز گۈللىنىۋاتقاچقىلا، مەن ھازىرغىچە سىزنىڭ ھىمايىڭىزدە ياخشى ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن. ئەگەر سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز ياخشى بولمىغان بولسا، ئۇلار مېنى بۇرۇنلا خاسىدىنغا ئاپىرىۋەتكەن بولاتتى.

ئافي سۆزلىگەنسېرى خېلىلا ئېچىلىپ قالدى. ئالېك-ساندرا دائىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش، ئۇنىڭ دەردلىرى-نى ئاڭلاش ئارقىلىق، ئۇنى تاماق يېمەسلىك، باش چۆ-كۈرۈپلا ئىشلەشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالاتتى. ھېسداشلىق ئافېنى سەگەكلەشتۈرۈۋەتتى، مەسخىرە ۋەيران قىلاتتى.

— گەپلىرىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق، ئافي. يەم — خەشەك ئامبىرى ياسىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلار مېنى خاس-دىنغا ئاپىرىۋېتىشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇپ قالسا، سىزنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىمەن. لېكىن ھازىر مەن سىز-نىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇشىڭىزغا ئېھتىياجلىق. باشقىلار-نىڭ ئۆسەك گەپلىرى بىلەن ئەمدى بېشىمنى ئاغرىتمىسى-ڭىزلا بولدى. خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، بىز ئۆزىمىز خالىغان يولدا مېڭىۋېرەيلى. ئىككىمىزنىڭ بىللە ياشاۋات-

ئالېكساندرا مۇنداق گەپلەرنى قويۇڭ، دېگەن مەنىدە قول ئىشارىسى قىلدى، لېكىن بوۋاي ئىككى قولىنى ئال-دىغا سوزۇپ، ئۇتۇنۇش تەلەپپۇزىدا گېپىنى داۋاملاشتۇر-دى:

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، خېنىم، بۇ تەرەپلىرىنى ئويلى-مىسىڭىز بولمايدۇ. سىزمۇ بىلىسىز، مەندىكى سېھرىنى خۇدا ئاتا قىلغان، مەن جانلىقلارغا ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلمايمەن. ھەربىر ئادەم ئۆزى ئېرىشكەن بېشارەت بويى-چە خۇداغا ئېتىقاد قىلىدۇ، سىز بۇنىڭغا ئىشىنىسىز، لېكىن بۇ يەردە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. بۇ يەردىكىلەر ھەممە ئادەم ئوخشاش بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. مەن يۇتۇمغا ئاياغ كىيمىگەنلىكىم، چېچىمنى ئالدۇرمىغانلى-قىم، يەنە بەزىدە ئەرۋاھلارنى كۆرەلەيدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلار مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ. يۇرتۇمدا ماڭا ئوخشاش ئادەملەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خۇدا بىلەن ئۇچراشقان، بەزىلىرى كېچىدە قەبرىستانلىقتا قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۆرگەن، كېيىن ئۇ نەرسە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان، بىز مۇنداق ئىشلاردىن ئەجەبلە-نىپ كەتمەيمىز، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىمىز. لېكىن بۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ پۇتى ياكى بېشى باشقىلار-نىڭكىگە ئوخشىمىسا، ئۇنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن. پېتېر كلاركنى ئالايلى، ئۇ ئېرىقتا سۇ ئىچىۋېتىپ بىر يىلاننى يۇتۇۋالغان، شۇنىڭدىن كېيىن پەقەت يىلان ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنىلا يەيدىغان بو-لۇپ قالغان. چۈنكى ئۇ باشقا نەرسىلەرنى يېسىلا، يىلان غەزەپلىنىپ نەشتىرىنى سانجىيدىكەن. يىلان ئىچىدە جىم

بۇيرۇغاندا، خانىم سۇنى شالاقلىتىپ، يالغاندىن يۇيۇنۇ-ۋاتقان بولۇۋالىدىكەن، ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن كا-رىۋات ئاستىدىكى ياغاچ ئىدىشنى ئېلىپ، شۇنىڭدا يۇيۇ-نىدىكەن.

ئالېكساندرا كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

— بىچارە لې خانىم! ئۇلار يەنە ئۇنىڭ كېچىسى بۆك كىيىپ ئۇخلىشىغا يول قويمايدىكەن. بوپتۇ، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە مېھماندارچىلىققا كەلگەندە خالىغىنىنى قى-لىۋالسۇن، پىۋىنى قانچىلىك ئىچكۈسى كەلسە شۇنچى-لىك ئىچسۇن. بىز كونا تۇرمۇش ئادىتىنى تاشلىمىغان ئادەملەرگە ئاتاپ مەخسۇس بىر سارائلار دوختۇرخانىسى سالايلى، ئافې.

ئافې قولياغلىقىنى چىرايلىق قاتلاپ كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.

— خېنىم، ھەر قېتىم ئالدىڭىزغا نۇرغۇن غەم-قايغۇلار بىلەن كىرىمەن، لېكىن ئاخىرىدا ھەممىسىدىن خالاس بولۇپ قايتىمەن. ئىرېلاندىيىلىككە دەپ قويالار-سىزمۇ، تورۇق ئايغىرنىڭ دۈمبىسىدىكى يېغىر ساقايغۇ-چە ئۇنى ئىشلەتمەي تۇرسا.

— بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوياي. سىز چىقىپ ئامىنىڭ بىيىسىنى ھارۋىغا قېتىپ بېرىڭ. مەن شىمال تەرەپكە بېرىپ، بىزنىڭ بېدىنى سېتىۋالماقچى بولغان ھېلىقى شەھەرلىك بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي.

3

لېكىن ئالېكساندرا ئافې توغرۇلۇق يەنىلا نۇرغۇن ئۆسەك سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇردى. يەكشەنبە كۈنى، ئا-

قىنىمىزغا ئون ئىككى يىل بولدى. مەن باشقىلارغا قارى-
غاندا سىزدىن كۆپرەك ئەقىل سورايمەن، مۇشۇنىڭدىنلا
قالغان گەپنى چۈشىنىۋالسىڭىز بولىدۇ.

ئافي ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— چۈشەندىم، خېنىم، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق
ئىشلارغا سىزنى ئاۋارە قىلمايمەن. مېنىڭ پۇتۇمغا كەل-
سەك، سىز سورىقىنى قىلمىغان بولسىڭىزمۇ، سىزنىڭ
ئويلىغىنىڭىزدەك قىلىپ كېلىۋاتىمەن. قىش، ياز دېمەي،
ھەر كۈنى كەچتە پۇتۇمنى يۇيىمەن.

ئالېكساندرا كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي، يالىڭاياغ يۈرۈۋەرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، ئا-
في. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئىلگىرى قوشنىلىرىمىزنىڭ
يېرىمى يالىڭاياغ يۈرەتتى. مېنىڭچە، مۇمكىن بولغان
بولسا، لي خانىممۇ يالىڭاياغ يۈرگەن بولاتتى. خۇداغا
شۈكۈر، ھېلىمۇ روئېنىڭ قېينانىسى بولۇپ قالماپتى-
مەن.

ئافي ئەترابقا سىرلىق قاراپ قويۇپ، پەس ئاۋازدا
ئېغىز ئاچتى:

— سىز روئېنىڭ ئۆيىدە نېمە بارلىقىنى بىلەمسىز؟
يۇرتىدىن ئەكەلگەنمىكىن، يوغان بىر ئاق كوزا بار، ئۇلار
ئۇنى يۇيۇنۇشقا ئىشلىتىدىكەن. ئۆتكەندە سىز مېنى ئۇلار-
نىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكەندە، ئۇلار شەھەرگە كىرىپ كېتىپتى-
كەن، ئۆيدە لي خانىم بىلەن باللار بار ئىكەن. ئۇ ماڭا
كوزىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كوزىدا پاكىز يۇ-
يۇنغىلى بولمايدىكەن. چۈنكى سۇنى بەك كۆپ قۇيۇۋال-
غاچقا، سوپۇننىڭ كۆچى قالمايدىكەن. شۇڭا ئۇلار كو-
زىغا سۇنى لىق توشقۇزۇپ، لي خانىمنى يۇيۇنۇۋېلىشقا

ئوسكارنىڭ خوتۇنىنىڭ «شۇ تاپتا ھېچ يەرگە بارغۇسى يوق ئىدى». ئوسكار شىرەنىڭ بېشىدا ئولتۇراتتى، بەش ياشتىن ئون ئىككى ياشقىچە بولغان، چاچلىرى زىغىر رەڭ تۆت ئوغلى شىرەنىڭ يېنىدا قاتار ئولتۇراتتى. ئوسكار بىلەن روئېدا ئۆزگىرىش چوڭ ئەمەس، خۇددى ئالېكساندرا بۇرۇنلا ئېيتقاندەك، ئۇلار چوڭ بولغانسېرى ئۆزلىرىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. روئي قارىماققا ئاكىسىدىن چوڭ كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدە تۈزۈك گۆش يوق، چىرايىدىن زېرەكلىك چىقىپ تۇرىدۇ، كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىغا ئازراق قورۇق چۈشكەن. ئوسكارنىڭ يۈزى بولسا گۆشلۈك، چىرايىدىن ھاڭۋاقتىلىق چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن ھاڭۋاقتىراق بولغىنى بىلەن، پۇل تېپىشقا كەلگەندە ئىنىدىسىدىن ئېپى بار. بۇ تەرىپى روئېنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىدۇ، ئۇ ئوسكارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. روئېنىڭ بىر چاتاق يېرى، ھىيلىسى تولا، بۇنى قوشنا ـ قولۇملىرىمۇ بىلىدۇ. ئامىنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ چىرايى بىكارغا تۈلكە چىراي بولۇپ قالمىغان. سىياسىي پائالىيەتلەر مۇنداق ماھارەتنىڭ ئەڭ ياخشى مەيدانى بولغاچقا، روئي دائىم دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرىنى تاشلاپ، يىغىلىشلارغا، ناھىيىنىڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىدۇ.

روئېنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى ئاننى لي، ئۇنىڭ چىرايى بارغانسېرى ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئېرىگە ئوخشاپ كېتىۋاتاتتى، چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە سوزۇنچاق تۈسكە كىرىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ سېرىق چېچىنى ئېگىز قىلىپ تۈرمەكلىۋالغان، زىننەت بۇيۇملىرىنى ئاسى

لېكساندرانىڭ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ بولغان ئىككى
ئىنىسى كەچلىك تاماققا كەلدى. ئالېكساندرا مۇشۇ كۈن-
نى تاللاپ ئۇلارنى چاقىرغانىدى، چۈنكى ئامى پۈتۈن
ئائىلىسىدىكىلەر يىغىلغان مۇنداق سورۇنلاردىن بىزار ئى-
دى. ياخشى يېرى، بۇگۈن ئۇ ئامېردا شۋارئىنىڭ تويىغا
قاتنىشىش ئۈچۈن فرانسىيە كەنتىگە كەتكەنىدى. تاماقخا-
نىدىكى شىرە مول راسلانغان، ئەڭ ئېسىل قاچا - قۇچىلار
تىزىلغان، يېڭى بېيىغان ئائىلىلەرگە خاس ھەشەمەت چى-
قىپ تۇراتتى. ئالېكساندرا تاماقخانىسىنى بېزەش، ئۇ-
نىڭغا ئىشكاپ - پىشكاپلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى خانو-
ۋېردىكى ئائىلە سايمانلىرى سودىگىرىگە تاشلاپ بەرگە-
نىدى. ئۇ ئادەم پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئالېك-
ساندرانىڭ تاماقخانىسىنى خۇددى مال ئەۋرىشكىسى زالى-
دەك چىرايلىق ياسىۋەتتى. ئالېكساندرا باشتىلا گەپنى يو-
شۇرۇپ ئولتۇرماي، ئۆزىنىڭ مۇنداق ئىشلاردىن پۈتۈن-
لەي خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، ئاددىي - ساددا قىلىپ يا-
ساپ قويسىلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ قارى-
شىچە، ئەمەلىيەتتە پايدىلانغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى
بېزەش ھەققى ئەڭ يۇقىرى بولاتتى. ئۇ ئۆزى ئاددىي -
ساددىلىقنى ياقتۇرغاچقا، مېھمانلار ئولتۇرىدىغان ئۆيگە
ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان قاچا - قۇچا، شامدان دېگەن-
دەك نەرسىلەرنى تىزىپ قويۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ-
نىڭ مېھمانلىرى مۇشۇنداق باياشات تۇرمۇشنىڭ ئالامەت-
لىرىنى كۆرۈشنى خالايتتى.

ئوسكارنىڭ خوتۇنى بىلەن ئامىدىن باشقىلارنىڭ
ھەممىسى يىغىلىپ بولدى. يەرلىك تىل بىلەن ئېيتقاندا،

گە قارىساق، بىز ھەممىمىزنى سارائىغا چىقىرىۋېتىدۇ. راست، ئافىنىڭ مىجەزى سەل غەلىتە، لېكىن مەن ياللىغان ئىشچىلارنىڭ يېرىمىغا قارىغاندا كاللىسى ئىشلەيدۇ.

روئې ئالدىراش توخۇ گۆشى يەۋېتىپ ئېغىز ئاچتى:

— ھە، دوختۇرلار يەنىلا كەسىپ ئىگىلىرى، ئالېكساندرا. ئۇنىڭغا سېنىڭ ئافىنى نەگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىڭنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى، يەم - خەشەك ئامبىرىغا بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى كېچىسى ئوت قويۇۋېتىدۇ، ياكى قولىغا پالتا ئېلىپ يا سېنى، يا باشقا قىزلارنى قوغلايدۇ دەيدۇ.

قورۇما توشۇۋاتقان سىگنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ خىرىلداپ كۈلگىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئالېكساندرانىڭ كۆزلىرىدىن ئۆتكۈر نۇر چاقنىدى.

— سىگنانىڭ ئالدىدا بۇ گەپنى قىلغىنىڭ قاملاشمىدى، روئې. ئافىنىڭ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلمايدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بۇ قىزلار ئافىدىن ئەمەس، مېنىڭ پالتا ئېلىپ قوغلىشىمدىن بەكرەك ئەنسىرەيدۇ.

روئې ئۆپكىدەك قىزىرىپ، خوتۇنىغا قول ئىشارىسى قىلدى.

— مەيلى قانداق بولسۇن، قوشنا - قولۇملار ئۇزۇنغا قالماي بۇ ئىشقا بىر نېمە دەيدۇ. ئافې بىرەر ئائىلىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا ئوت قويۇۋېتىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ، بىرەر ئائىلە ئەرز قىلسىلا، ئۇنى مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىدۇ. كېيىنكى چاتاقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇ-

دىغان يەر بولسىلا ئېسىۋالغانىدى. پۈتىغا بەك ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋالغاچقا، مېڭىشىمۇ غەلىتە ئىدى. ئۇ كىيىنىشكە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ تاماق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، قىزىنى توختىماي ئەسكەرتىپ تۇراتتى: «دىققەت قىل، كىيىمىڭگە بىر نەرسىلەرنى چاچرىتىۋەتمە».

شىرە ئۈستىدىكى پاراڭلار پۈتۈنلەي ئىنگلىز تىلىدا بولۇۋاتاتتى. ئوسكارنىڭ خوتۇنى مىسسۇرى شتاتىدىكى بەزگەك كېسىلى تارقالغان رايوندىن ئىدى. ئۇ بىر چەت ئەللىككە تەگكەنلىكىدىن نومۇس قىلاتتى، باللىرى شۋېتسىيە تىلىنى بىر ئېغىزمۇ بىلمەيتتى. ئانىي بىلەن روئي بەزىدە ئۆيدە شۋېتسىيە تىلىدا سۆزلىشىپ قالاتتى، لېكىن ئاپىسى ئەينى يىللاردا يالىڭاياغ يۈرگىنىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئۇمۇ شۋېتسىيە تىلىدا سۆزلەۋاتقىنىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئوسكارنىڭ ھازىرغىچە ئىنگلىز تىلى تازا راۋان ئەمەس ئىدى، لېكىن روئي ئىنگلىز تىلىنى خۇددى ئەنگلىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەك ياخشى سۆزلەيتتى.

— مەن خاسدىنغا يىغىنغا بارغاندا، ساراڭلار دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، — دېدى روئي، — ئۇنىڭغا ئاپىنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئاپىنىڭ كېسىلى ئەڭ ئېغىر ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ ئاپىنىڭ ھازىرغىچە چوڭ چاتاق تېرىمىغانلىقىدىن ھەيران بولدى.

ئالېكساندرا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— دوختۇر ئالجىپتۇ، روئي! دوختۇرلارنىڭ گېپىد-

— مىرى ئافىدىن قورقمىسىمۇ بولىدۇ. ئاپئى ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. مېنىڭچە ئافىنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ئۆزى خالىغاننى كىيىش، ئۆزى خالىغاننى ئويلاش ھوقۇقى بار. لېكىن مەن ئۇنى ئىمكان بار باشقىلارغا دەخلى قىلغۇزمايمەن، سىرتقا چىقارغۇزمايمەن. روئې، ئۇنىڭدىن غەم يېمىسەڭمۇ بولىدۇ. ھە راست، يېڭى مۇندىچاڭ ياخشىمىكەن؟

روئېنى ئېزىپ چۈشەندۈرۈشتىن توسۇش ئۈچۈن، بۇ سوئالغا ئاننې جاۋاب بەردى:

— ۋاھ، قالتىس ياخشىكەن، روئې ئۇنىڭ ئىچىگە بىر چۈشۈۋالسا چىقىرالماي كېتىمەن. ئۇ ھازىر ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم يۇيۇنىدۇ. ئىسسىق سۇ توشىمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇدىن ئۇنداق چىقمىسا سالامەتلىكىمۇ زىيىنى بولار. سىزمۇ بىرنى ئېلىۋالسىڭىز بولغۇدەك، ئالېكساندرا.

— مەنمۇ ئېلىشنى ئويلاۋاتىمەن. ئافېغىمۇ بىرنى ئېلىپ، يەم - خەشەك ئامبىرىغا قويۇپ بېرەيمىكىن دەيمەن، باشقىلارنىڭ پىكرى چىقمىسىلا. لېكىن ئۇنىڭدىن ئاۋۋال مىرىغا بىر رويال ئېلىپ بەرمەكچىمەن.

شىرەنىڭ ئۇ بېشىدا ئولتۇرغان ئوسكار شىرەدىن بېشىنى كۆتۈردى.

— مىرى روياللنى نېمە قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ فىسگارموندىغا نېمە بوپتۇ؟ شۇنى چېلىپ تۇرسا بولمىدىمۇ. رويال چالغۇسى كېلىپ كەتسە، چېركاۋغا بېرىپ چالسا بولىدۇ.

ئاننې ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئىلگىرى ئالېكساندراغا

چۈن، ئۇنى ئۆزۈڭلا ئاپىرىپ بەرگىنىڭ ياخشى ئىدى.

ئالېكساندرا بىر جىيەنىنىڭ قاچىسىغا گۆش سېلىپ بېرىۋاتاتتى.

— بولدى، روئى، ئەگەر بىرەر قوشنىمىز راستىنلا شۇنداق قىلسا، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى ئافېنىڭ ۋەسىيىسى قىلىپ بېكىتىمەن، سوتقا بېرىپ ئۆزۈم سۆزلىشىمەن. مەن ئافېدىن تولۇق رازى.

— مۇراببانى ئېلىۋېتىڭا، روئى، — دېدى ئاننى ئەسكەرتىش تەلەپپۇزىدا. ئۇ ئېرىنىڭ ئالېكساندرا بىلەن تاقارىشىپ ئولتۇرۇشىنى خالىمايتتى.

— بىراق، ئۇ بۇ يەردە يۈرسە تازا ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ، ئالېكساندرا؟ — دېدى ئاننى گەپنى چىرايلىق قىلىپ، — سىز بۇ يەرنى شۇنداق گۈللەندۈرۈۋەتتىڭىز، ئەمدى ئۇ بۇ يەرگە ياراشمايدۇ. ئۇ بولغاچقا باشقىلار سىزگە يېقىنلىشالمايدۇ، چۈنكى قاچان بىر چاتاق چىقىرىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ. مېنىڭ قىزلىرىممۇ ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ، شۇنداققۇ، مىرى، قەدىرلىكىم؟

مىرى بۇ يىل ئون بەش ياشقا كىردى، توپتەك سېمىز، شوخ، چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرىدۇ، يۈزىنىڭ تېرىسى سېرىققا مايىل، ئۈستۈن كالپۇكى قىسقىراق، ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، مومىسى بوگسېن خانىمغا بەك ئوخشايدۇ، مومىسىدەك ئازادىلىكنى ياخشى كۆرىدىغان مىجەزىمۇ بار. ئۇ ھاممىسىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئاپىسىغا قارىغاندا ھاممىسى بىلەن بەكرەك چىقىشىدۇ. ئالېكساندرا ئۇنىڭغا جاۋابەن كۆزىنى قىسىپ قويدى.

لالايدىغان بولغان چاغلار. بوۋاڭنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ياڭ-
راق ئىدى، ياش چاغلىرىدا ئاغزى بېسىقماي ناخشا ئېي-
تاتتى. كىچىك ۋاقتىمدا ئۇنىڭ دوكتا ماتروسلار بىلەن
ناخشا ئېيتىپ كېتىدىغانلىرى ھازىرمۇ ئېسىمدە. ئۇ مې-
نىڭ ستارادەك چاغلىرىم ئىدى، — ئۇ ئانىنىڭ كىچىك
قىزىنى كۆرسەتتى.

مېرى بىلەن ستارا ئىشكتىن ياتاق ئۆيگە تەڭلا قارى-
دى، ئۇ ئۆيدىكى تامدا جون بوگسېنىنىڭ قېرىنداش بىلەن
سىزىلغان رەسىمى ئېسىقلىق ئىدى. بۇ رەسىمنى ئالېك-
ساندرا دادىسىنىڭ شۆھىتسىيدىن ئايرىلىدىغان چاغدا تار-
تىلغان سۈرىتىگە ئاساسەن سىزدۇرغانىدى. رەسىمدىكى-
سى ئوتتۇز بەش ياشلاردا بار، بەستلىك، كېلىشكەن ئەر
ئىدى، يۇمشاق، بۇدۇر چاچلىرى ئېگىز پېشانىسىنى يې-
پىپ تۇراتتى، ئىنچىكە بۇرۇتى پەسكە ساڭگىلىغان، خى-
رە، ھەسرەتلىك كۆزلىرى خۇددى يېڭى دۇنيانى كۆرۈ-
ۋاتقاندەك يىراقلارغا تىكىلگەنىدى.

تاماقتىن كېيىن روئې بىلەن ئوسكار گىلاس ئۈزگىلى
باغقا كىرىپ كەتتى. ئۇلار ئۆز ھويلىلىرىغا مېۋىلىك باغ
قىلىۋېلىشقا قىزىقمايتتى. ئانني ئاشخانىغا كىرىپ، قاچا -
قۇچا يۇيۇۋاتقان قىزلار بىلەن پاراڭغا چۈشتى. ئانني ئا-
لېكساندرانىڭ ئۆز ئاغزىدىن قارىغاندا، قۇشقاچتەك ۋى-
چىرلاپ تۇرىدىغان بۇ قىزلارنىڭ ئاغزىدىن ئالېكساندرا-
نىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالاي-
دۇ، ئاندىن روئې ئىككىسى ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن پاي-
دىلىنىپ، ئۆز پايدىسىغا ئىش تۇتۇشنىڭ يولىنى تاپىدۇ.
«چېگرا سىزىقى» دا دېھقان قىزلىرى سىرتقا چىقىپ ئىش-

بۇ پىلاننى ئوسكارنىڭ ئالدىدا ئېغىزىدىن چىقارماسلىق-
نى تاپىلىغان. ئالېكساندرا روئېنىڭ بالىلىرىغا كۆڭۈل
بۆلسە، ئوسكار چىدىماي قالاتتى. ئالېكساندرا بىلەن
ئوسكارنىڭ خوتۇنىمۇ پېتىشالمايتتى.
— مىرى رويالنى چېركاۋغا بېرىپ چالسىمۇ بولى-
دۇ. ئۇ ھازىرغىچە فىسگارموندا مەشىق قىلىۋاتىدۇ. لې-
كىن فىسگارموندا مەشىق قىلىۋەرسە ئاپپلىكاتورانى بۇ-
زۇۋالىدۇ، بۇ مۇئەللىمنىڭ گېپى، — ئانني سۆزلىگەنسې-
رى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى.
ئوسكار كۆز قارىچۇقلىرىنى ئوينىتىپ ئېغىز ئاچ-
تى:
— مىرى فىسگارموندا ماھارىتى ئېشىپ كەتكەن
بولسا، چوقۇم ياخشى چالىدىغان بولۇپ كەتتى. مۇنداق
سەۋىيىگە يېتىش كۆپ ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، —
ئۇنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى.
ئانني بېشىنى سىلكىدى:
— ياخشى چېلىشىدا گەپ يوق. ئۇ تېخى كېلەر
يىلى شەھەردىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندا، ئوقۇش پۈتتۈ-
رۈش مۇراسىمىدا چالماقچى.
— راست، — دېدى ئالېكساندرا قەتئىي تەلەپپۇزدا، —
مىرىغا بىر رويال ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ يەردىكى
قىزلارنىڭ رويال ئۆگىنىۋاتقىنىغا نەچچە يىللار بولدى،
لېكىن بىرەر مۇزىكىنى پۈتۈن چالالايدىغىنى بىر مىرى.
ساڭا بىر رويال ئېلىپ بېرىشنى قاچان ئويلاپ قالغىنىمنى
بىلەمسەن، مىرى؟ ئۇ سەن بوۋاڭ دائىم ئېيتىدىغان شۋې-
تسىيە كلاسسىك ناخشىلار توپلىمىدىكى مۇزىكىلارنى چا-

ھەرقانداق يەردە تونۇۋالالايمەن.
ئالېكساندرا قولىنى سايىۋەن قىلىپ قاراپ، تۇيۇق-سىز ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى.
— بۇ مۇمكىنمۇ! — ئۇ ھاياجان بىلەن ۋارقىرىۋەت-تى، — بۇ كارل لىندستروممۇ؟ شۇ ئىكەنغۇ! كارل، راستىنلا سىز ئىكەنسىزغۇ! — ئۇ چىتلاق ئۈستىدىن قو-لىنى ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ قولىنى سىقتى، — سىدىي، مىرى، تېز بىرىپ داداڭلار بىلەن ئوسكار تاغاڭلارغا ئېيتىڭلار، بىزنىڭ كونا دوستىمىز كارل لىندستروم كەلدى. تېز يۈگۈرۈڭلار! ھەي، كارل، بۇ قانداق ئىش، مەن كۆزۈم-گە ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن! — ئالېكساندرا كۆز ياشلىرى-نى سۈرتۈپ كۈلدى.
ناتونۇش ئادەم ھارۋىكەشكە باش لىڭشىتتى، ئاندىن سومكىسىنى چىتلاق ئىچىگە تاشلاپ، ئىشىكنى ئاچتى.
— دېمەك، مېنىڭ كەلگىنىمدىن خۇشال بولدىڭىز، مېنى بىرەر كېچە تۇتۇپ قېلىشىڭىزدا گەپ يوق ئىكەن دەڭا؟ بۇ يەردىن سىز بىلەن كۆرۈشمەي ئۆتۈپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. پەقەتلا ئۆزگەرمەپسىز جۇمۇڭ! بى-لەمسىز، مەنمۇ سىزنى چوقۇم ئۆز پېتى دەپ ئويلىغان-دىم. سىز ئۆزگەرمەپسىز. چىرايىڭىز شۇنداق ياخشى تۇرۇپتۇ! — ئۇ ئارقىسىغا بىر قەدەم چېكىنىپ، ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قاراپ كەتتى.
ئالېكساندرا باشتا چىرايى قىزىرىپ، كېيىن كۈلۈپ كەتتى.
— بىراق سىزچۇ، كارل، بۇرۇتلارنى قويۇۋاپسىز، سىزنى قانداق تونۇيالايمەن. سىز بۇ يەردىن كەتكەندە

لىمەيدىغان بولغانىدى. شۇڭا، ئالېكساندرا پۈتۈن يول
كىراسىنى كۆتۈرۈپ شۋېتسىيەدىن قىزلارنى ياللىغانىدى.
ئۇلار توي قىلغۇچە ئالېكساندرا بىلەن بىللە تۇراتتى،
ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يۇرتىدىكى ھەدە - سىڭىل قېرىن-
داشلىرى ئۇلارنىڭ ئورنىنى دەسسەيتتى.

ئالېكساندرا ئۈچ جىيەن قىزنى باشلاپ گۈلزارلىققا
كىردى. ئۇ بۇ قىزلارغا، بولۇپمۇ مىرىغا بەك ئامراق
ئىدى. مىرى دائىم ھامىمىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىرنەچ-
چە كۈن تۇرۇپ، ھامىمىسىغا ئۆيدىكى كونا كىتابلارنى
ئوقۇپ بېرەتتى ياكى ھامىمىسىدىن «چېگرا سىزىقى»نىڭ
ئىلگىرىكى ئەھۋالى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلايت-
تى. ئۇلار گۈلزارلىقتا ئايلىنىپ يۈرگەندە، كىچىك بىر
ئات ھارۋىسى تاغقا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھويلىسى ئالدىدا
توختىدى. ھارۋىدىن بىر ئەر چۈشۈپ، ھارۋىكەش بىلەن
نېمىنىدۇ دېيىشىۋاتاتتى. قىزلار يىراقتىن كەلگەن ناتو-
نۇش ئادەمنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلار
ئەرنىڭ كىيىم - كېچەك، قولىدىكى پەلەي ۋە چىرايلىق
ياسىتىۋالغان ئىنچىكە بۇرۇتىغا قاراپ يىراق بىر يەردىن
كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندى. قىزلار ئالېكساندرا-
نىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئۇ ئەرگە ئوغرىلىقچە
قارايتتى. ناتونۇش ئەر ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، شىلەپى-
سىنى قولىغا ئېلىپ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئا-
لېكساندرا ئۇنىڭغا قاراپ ئاستا كەلدى. ئالېكساندرا يې-
قىن كەلگەندە، ئەر بېسىق، ئەمما ئۆتكۈر تەلەپپۇزدا
ئېغىز ئاچتى.

— مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ، ئالېكساندرا؟ مەن سىزنى

— لېكىن مېنىڭ مېھمانخانامغا ئېسىپ قويغان رە-
سىم. . .
كارل نېرۋا مىجەز ئادەمدەك ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەت-
تى:
— ھەي، ئۇ بىر سۇ بوياق رەسىمغۇ، ئۇيناپ سى-
زىپ قويغان. ئۇ رەسىم بەك ياخشى سىزىلغانلىقى ئۈچۈن
ئەمەس، سىزنى مېنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن دەپ ئەۋەتىپ
بەرگەنىدىم. بۇ يەرلەرنى ئالامەت قىلىۋېتىپسىزغۇ، ئا -
لېكساندرا، — ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، سۈرەتتەك چىراي-
لىق دالىغا، چىتلاقلارغا، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا قا -
رىدى، — بۇ يەرلەرنى مۇنچىلىك ئۆزگەرتىشكە ئىلگىرى
كۆزۈم يەتمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نەزەر دائىرەم
ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىمدىن نومۇس قىلىۋاتىمەن.
بۇ چاغدا روئې بىلەن ئوسكار باغدىن تاغقا يامىشىپ
چىقىۋاتاتتى. ئۇلار كارلنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ قەدىمىنى
تېزلەتمىدى، تېخى كارلغا قاراپمۇ قويماي كېلىۋاتاتتى.
خۇددى ئارىلىقنى ئۆزارتماقچى بولغاندەك، قەدەملىرىنى
ئىككىلىنىپ باساتتى.
ئالېكساندرا ئۇلارغا ۋارقىرىدى.
— ئۇلار مېنى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان
گەپ. تېز كېلىڭلار، يىگىتلەر! كارل لىندستروم، بىز-
نىڭ كونا دوستىمىز كارل كەلدى!
روئې مېھمانغا ياندىن شۇنداقلا قاراپ قويۇپ، قولىنى
ئۇزاتتى.
— سەن بىلەن كۆرۈشكىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن.
— ياخشىمۇ سەن؟ — دەپ قويدى ئوسكار.

تېخى بالا ئىدىڭىز ـ دە، ــ ئالېكساندرا ئۇنىڭ سومكىسىـ
نى كۆتۈرمەكچى بولغانىدى، ئۇ بېرىپ توسىدى، ئالېكساندرا
قولىنى تارتىۋالدى، ــ قاراڭ، چاندۇرۇپ قويدۇم ـ ھە.
بىزنىڭ بۇ ئۆيگە ساپلا ئايال مېھمانلار كەلگەچكە، مۇنـ
داق قائىدىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. چامادانىڭىز قېنى؟
ــ خانوۋېردا قالدى. مەن بۇ يەردە بىرنەچچە كۈنلا
تۇرالايمەن. غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا مېڭىشىم ئىدى.
ئۇلار تار يول بىلەن كېتىۋاتاتتى.
ــ نەچچە كۈنلا تۇرامسىز؟ بىر كەتكىنىڭىزچە
شۇنچە يىللاردىن بېرى كېلىشىڭىز مۇشۇغۇ! ــ ئالېكـ
ساندرا قولىنى چايقىدى، ــ شۇنچە ئۇزۇن يوقاپ كەتكىـ
نىڭىزگە قارىغاندا، بارغان يېرىڭىزگە پېتىپ قاپسىز دە ـ
ڭا، ــ ئۇ قولىنى دوستانىلىك بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە
قويدى، ــ بۇرۇنقى دوستلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولـ
سىمۇ مېنى بالدۇرراق كېلىپ يوقلىشىڭىز كېرەك ئىدى.
غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا بارمىسىڭىز بولمامدۇ زادى؟
ــ ھەي، بارمىسام بولمايدۇ! مېنىڭ رىزقىم سىرتـ
لارغا چېچىلىپ كېتىپتىكەن. سېئاتلدىن يەنە ئالياسكىغا
بېرىشىم بار.
ــ ئالياسكىغا؟ ــ ئالېكساندرا ئۇنىڭغا ھەيران بوـ
لۇپ قارىدى، ــ سىز ئۇ يەرگە ئىندىئانلارنىڭ رەسىمىنى
سىزغىلى بارامسىز؟
ــ رەسىم سىزغىلى؟ ــ يىگىت قوشۇمىسىنى تۈر ـ
دى، ــ ھەي، مەن رەسسام ئەمەس، ئالېكساندرا. مەن
ئويمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمەن، رەسساملىق بىلەن
مۇناسىۋىتىم يوق.

تۆرۈپ، يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈشنى ئۆگەن-
مەكچى. ئاندىن كېلەر يىلى شىمالغا بارىمەن.
روئې ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىگەندەك قىلدى.
— سېنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىڭگە نەچچە يىللار
بولدى؟
— ئون ئالتە يىل. بۇنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭ قىزىق،
روئې، سەن بىز كەتكەن يىلى توي قىلغان ئەمەسمۇ؟
— بىز بىلەن بىر مەزگىل تۇرامسەن؟ — سورىدى
ئوسكار.
— ئالېكساندرا قوغلىمىسىلا، بىرنەچچە كۈن تۇر-
ماقچىمەن.
— كونا جايىڭلارنى كۆرۈپ باققۇڭ بارغۇ دەيمەن، —
دېدى روئې، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى خېلى بوشاپ قال-
غانىدى، — ئۇ يەرنى ھازىر تونۇيالمايسەن. لېكىن بىر-
نەچچە ئېغىز تام ئۆيۈڭلار ھازىرغىچە بار. ئالېكساندرا
ئۇ ئۆيلەرنى فرانك شارباتقا چاقتۇرمىدى.
ئاننې مېھمان كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن بېرى ئۆزى-
نى ياساش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ يەنە بىر كۆڭلىكنى
كىيىپ كەلمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى. مانا ئۇ ئاخىر ئۈچ
قىزى بىلەن ئىشىكتە پەيدا بولدى، قىزلىرىنى بىر - بىر-
لەپ تونۇشتۇردى. كارلىنىڭ سالاپەت ئۇنى ئۆزىگە رام
قىلىۋالغانىدى. ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە ئاۋازى چىڭ ئى-
دى، باشلىرىنى توختىماي چايقايتتى.
— تېخى ئۆيلەنمىدىم دەمسىز؟ مۇشۇ ياشقا كەل-
گەندىمۇ بۇ ئىشىڭىز قاملاشماپتۇ. ئەمدى مىرى چوڭ
بولغۇچە ساقلىسىڭىز بولغۇدەك. ھە، بىزنىڭ يەنە بىر

ئۇلارنىڭ مۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزىنى خالىمىغانلىقتىن ياكى ھارغىنلىقتىن بولۇۋاتقانلىقىنى كارل بىلەلمىدى. كارل بىلەن ئالېكساندرا ئالدىدا يول باشلاپ پېشايۋانغا قاراپ ماڭدى.

ئالېكساندرا ئۇلارغا چۈشەندۈردى:

— كارلنىڭ سېئاتلغا مېڭىشى ئىكەن، يەنە ئالياسكىغا بارىدىكەن.

ئوسكار مېھماننىڭ كەرشناۋاي شىبلىتىغا قاراپ كەتتى.

— ئۇ يەردە تىجارەت ئاقامدۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— ئاقىدۇ، ئاققاندىمۇ ئالامەت ئاقىدۇ. مەن ئۇ يەرگە بايلىق توپلاشقا بارماقچى، — دېدى كارل كۈلۈپ، — ئويمىچىلىق ناھايىتى كۆڭۈللۈك كەسىپ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن پۇل تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ قېتىم ئالتۇن سودىسى قىلىپ باقماقچىمەن.

ئالېكساندرا كارلنىڭ گەپ ئوينىتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. روئي ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ئىلگىرى ئالتۇن سودىسى قىلىپ باققانمۇ؟

— ياق، لېكىن ئۇ يەردە نيۇ - يوركتىن كەلگەن بىر ئاغىنەم بار، ئۇ ئوبدان يول تېپىپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنى ئۆزىگە قوشۇۋالماقچى.

— ئۇ يەردە قىشنىڭ سوغۇقى يامان دەپ ئاڭلايمەن - غۇ، — دېدى ئوسكار، — ئۇ يەرگە كىشىلەر ئادەتتە باھاردا بارىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم.

— سوغۇقلۇقى راست، لېكىن ئاغىنەم قىشنى سېئاتلدا ئۆتكۈزىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل بىللە

شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. روئىپ تىجارەت قىلماقچى.

روئىپ چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلدى.

— ئاغزىڭىزغا كەلگەننى سۆزلەۋەرمەي، كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ تەييار بولۇڭ، ئافېنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ ئاننېغا.

ياش دېھقان خوتۇنىنىڭ ئىسمىنى كەمدىن - كەم ئاتايدۇ، «سىز» ياكى «ئۇ»نى كۆپرەك ئىشلىتىدۇ.

روئىپ خوتۇنىنى جىمىقتۇرغاندىن كېيىن پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ ھۇجۇمنى باشلىدى.

— نيۇ - يوركلىقلار ۋىلليام جېنس برىيانغا[1] قانداق قاراشتا ئىكەن؟ — ئۇ ۋارقىراپلا چۈشتى، ئادەتتە سىياسىي توغرۇلۇق سۆزلىسە شۇنداق ئىدى، — 1896 - يىلى بىز ئۇئولل - ستىرىت كوچىسىنى راسا بىر قورقۇتۇۋەتكەنىدۇق. ياخشى، ھازىر ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى يەنە بىر كۆرسىتىپ قويايلى. كۈمۈش ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئەمەس، — ئۇ بېشىنى سىرلىق لىڭشىتىپ قويدى، — نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزگەرتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. غەرب ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى كۆپچىلىككە ئاڭلىتىشى كېرەك.

— باشقىسى ئورۇنلانمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ نۇقتا ئورۇنلىنىپ بولدى، — دېدى كارل كۈلۈپ.

روئىپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ھە، بىز ئەمدىلەتىن باشلىدۇق. بىز ئويغىنىۋاتى-

---

① برىيان (1860 — 1925) ئامېرىكىلىق سىياسىئون. ئىلگىرى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزاسى، دېموكراتلار پارتىيىسى قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولغان، زۇڭتۇڭ سايلىمىغا ئىككى نۆۋەت قاتنىشىپ مەغلۇب بولغان. ۋىلسون زۇڭتۇڭ دەۋرىدە دۆلەت سېكرېتارى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئەركىن كۈمۈش پۇل قويۇشىغا باش بولغان.

ئوغلىمىز بار، كەنجىسى شۇ. ئۇ مومىسى بىلەن ئۆيدە
قالدى. سىز ئاپام بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈپ قويۇپ، ئاندىن
مىرىنىڭ فىسگارمون چالغىنىنى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئۇ ئائى-
لىمىزنىڭ مۇزىكانتى. ئۇ باسما رەسىم بىلەنمۇ ئېتىشىپ
قويىدۇ. بىلىسىز، ياغاچنى كۆيدۈرۈپ چۈشۈرىدىغان رە-
سىمغۇ ئۇ. ئۇنىڭ رەسىملىرىنى كۆرسىڭىز ھەيران قالى-
سىز. شۇنداق، ئۇ شەھەردە ئوقۇيدۇ. سىنىپ بويىچە
ئەڭ كىچىكى شۇ، باشقىلاردىن ئىككى ياش كىچىك.

مىرى قورۇنۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كارل
ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغانىدى. كارل ئۇنىڭ سارغۇچ تېرى-
لىرىنى، بىغۇبار كۆزلىرىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى، ئاپى-
سىنىڭ گەپلىرى ئۇنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان-
لىقىنىمۇ سېزىپ تۇراتتى.

— كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇ چوقۇم ئەقىللىق قىز، —
دېدى كارل پەس ئاۋازدا ۋە قىزغا خىيالچان تىكىلدى، —
قېنى قاراپ باقاي، ئۇ سىزنىڭ ئاپىڭىزغا ئوخشايدىكەن،
ئالېكساندرا. بوگسېن خانىم كىچىك ۋاقتىدا مۇشۇ قىز-
دەك بولسا كېرەك. ئانني، مىرىمۇ ئالېكساندرا ئىككىڭ-
لارنىڭ كىچىك ۋاقتىڭلاردىكىدەك مەھەللىمۇ يۈ-
گۈرۈپ يۈرەمدۇ؟

مىرىنىڭ ئاپىسى دەرھال ئىنكار قىلدى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئۇنداق ئەمەس. ھازىرقى زامان
بىزنىڭ كىچىك چاغلىرىمىزغا ئوخشىمايدۇ. مىرى باش-
قىچە مۇھىتتا ئۆسۈۋاتىدۇ. قىزلىرىمىز بويىغا يەتكەندە،
بىز بۇ يەردىكى يەرلىرىمىزنى ئىجارىگە بېرىۋېتىپ، شە-
ھەرگە كىرىپ كېتىمىز. بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى

— ئۇ نېمىگە كەلگەندەك تۇرىدۇ؟ — دېدى ئۇ ئە-
شىك تەرەپنى بېشى بىلەن ئىما قىلىپ.
— بىزنى يوقلاپ كەلمەمدۇ. ئۇنى كەلسۇن دەۋاتقى-
نىمغا نەچچە يىللار بولغاندى.
— كېلىشتىن ئاۋۋال ساڭا خەۋەر قىلمىدىمۇ؟ —
سورىدى ئۇ ئالېكساندراغا تىكىلىپ تۇرۇپ.
— ياق، نېمىشقا خەۋەر قىلغۇدەك؟ ئۇنىڭغا قاچان
خالىسا شۇ چاغدا كەلسە بولۇۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانى-
دىم.
روئې مۇرىسىنى ئېتىپ قويدى.
— قارىغاندا ئۇنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس،
شۇڭا بۇ ياققا سەرسان بولۇپ كەلگەن گەپ.
ئۇسكارنىڭ قۇدۇقنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاۋا-
زى ئاڭلاندى:
— ئەسلىدىنلا ئۇنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيد-
تى.
ئالېكساندرا ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئىشىك ئالدىغا چىق-
تى. ئاننې كارلغا تاماقخانىسىدىكى جاھازىلارنى تونۇش-
تۇرۇپ توختىماي سۆزلەيتتى. كارل ئۇنى يۆلەپ هارۋىغا
چىقىرىۋاتقاندا، ئۇ بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ:
— لىندستروم ئەپەندىنى مېنىڭ ئۆيۈمگە تېزرەك
ئېلىپ بېرىڭ، لېكىن بېرىشتىن ئاۋۋال تېلېفون ئۇرۇۋېتىڭ.
چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان ئافي ئاتنى مەھكەم تۇتۇپ
تۇراتتى. روئې تار يول بىلەن كېلىپ هارۋىنىڭ ئالدىغا
چىقتى، بوجىنى قولىغا ئېلىپ، هېچكىمگە گەپ قىلمايلا
يۈرۈپ كەتتى. ئۇسكار كەنجى ئوغلىنى كۆتۈرۈپ، چوڭ

مىز، ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى تونۇپ يېتىۋاتىمىز. بىز بۇ يەردە ھېچنېمىدىن قورقمايمىز. سىلەرنىڭ ئۇ يەردىكى- لەر بوشاڭ بىر نېمىلەر ئوخشايدۇ، ئەگەر ئازراق جىگ- رى بولغان بولسا، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇ- ئولل - سترىت كوچىسى دېگەننى ۋەيران قىلىۋەتكەن بولاتتى. دېمەكچى بولغىنىم، بومبا بىلەن پارتلىتىۋەتكەن بولاتتى، — ئۇ تەھدىت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇنىڭ گەپلىرى تولىمۇ ئەستايىدىل ئىدى، كارل نې- مە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— بۇ بومبىنى ئورۇنسىز ئىسراپ قىلغانلىق بولى- دۇ. ئوخشاش بىر تىجارەتنى باشقا كوچىدىمۇ روناق تاپقۇزغىلى بولىدۇ، بۇنىڭدا كوچا مۇھىم ئەمەس. لېكىن سىلەر بۇ يەردىكىلەر نېمىگە قايناپسىلەر؟ سىلەرنىڭ بۇ يەر بىردىنبىر بىخەتەر ئورۇن، سىلەرگە مورگانمۇ ئامال قىلالمايدۇ. بۇ يەرگە ھارۋا ھەيدەپ كەلگەن ئادەملەر بىر قاراپلا سىلەرنىڭ بارونلاردەك باي ئىكەنلىكىڭلارنى كۆ- رۈۋالالايدۇ.

— ئىلگىرىكى نامرات چاغلىرىمىزغا قارىغاندا، بىزنىڭ ھازىر دەيدىغان گەپلىرىمىز تېخىمۇ كۆپ، — دېدى روئې تېخىمۇ قىستاپ، — ئالدىمىزدا قىلىدىغان ئىشلار تېخى كۆپ.

ئافې ئىككى ئات قوشۇلغان ھارۋىنى ھەيدەپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئانىي بېشىغا ھەربىي پاراخوت مودېلى شەكلىدىكى بىر شلەپىنى كىيىپ چىقىپ كەلدى. كارل ئۇنى ئۆزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ھارۋىنىڭ يېنىغا ماڭدى. روئې ئارقىدىراق قېلىپ ھەدىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭدى.

ئارقىسىدىن قارىسا قاتتىق ھاردۇق يەتكەن، شۇ تاپتا ئارام ئېلىۋاتقان گېرمانىيە پروفېسسورىغا ئوخشايتتى.

شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، كارل بىلەن ئالېكساندىرا گۈلزارلىقتىكى ئابدىمىلىكنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. شېغىل ياتقۇزۇلغان تار يول ئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى، ئۇ تەرىپى ئاقىرىپ ياتقان تىنچ دالا ئىدى.

— بىلەمسىز، ئالېكساندىرا، — دېدى كارل، — ئويىلاپ باقسام، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاجايىپ غەلىتە بولىدىكەن. مەن يات بىر يەردە باشقىلار ئۈچۈن رەسىم سىزىۋاتىمەن، سىز بولسىڭىز ئۆز يۇرتىڭىزدا ئۆز رەسىمىڭىزنى سىزىۋاتىسىز، — ئۇ قولىدىكى تاماكا بىلەن ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان يەرلەرنى كۆرسەتتى، — سىز بۇ تۇپراقنى قانداق قىلىپ مۇشۇنداق ھالەتكە كەلتۈردىڭىز؟ قوشنىلىرىڭىز قانداق ئىشلىدى؟

— بۇنىڭ ھېچقايسىمىز بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى يوق، كارل. تۇپراق ئۆزى مۇشۇنداق ھالەتكە كەلدى. تۇپراق بىزگە شۇنچىكىم چاقچاق قىلىپ قويغان. ئۇ باشتا يالغاندىن ئۇنۇمسىز قىياپەتكە كىرىۋالغان، چۈنكى، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ھېچكىم بىلمىگەن؛ كېيىن، تۇيۇقسىز ئۆزى جانلىنىشقا باشلىدى، ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، باغرىنى كەڭ ئاچتى! نەقەدەر كەڭ، نەقەدەر مۇنبەت تۇپراق! شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ناھايىتى باي ئىكەنلىكىمىزنى بىردىنلا تونۇپ يەتتۇق، كۆپ ئەجىر قىلمايلا راھەتكە ئېرىشتۇق! ئۆزۈمگە كەلسەم، مېنىڭ يەر سېتىۋالغان چاغلىرىم ئېسىڭىزدىدۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىن مەن يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ، بىرنەچچە

يولنى بويلاپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتاتتى، قالغان
ئۈچ بالىسى ئارقىسىدىن ئەگەشكەنىدى. كارل ئالېكساند-
راغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ كۈلۈپ كەتتى.
— كەلدىم، «چېگرا سىزىقى»غا كەلدىم! شۇنداق-
قۇ، ئالېكساندرا؟ — ئۇ خۇشال ۋارقىرىدى.

4

ئالېكساندرا كارلدا ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك چوڭ
ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كارل شەھەر-
لىكلەردەك ياسىنىپ - تارىنىپ يۈرىدىغان، يوغانچىلىق
قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. تۇرقىدىن ئاددىي - ساددى-
لىق، قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى، ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ
تەبىئىتىنى ساقلاپ قالغانىدى. ھەتتا ئۇنىڭ كىيىم - كې-
چەكلىرى، نورفورك چاپىنى ۋە ناھايىتى ئېگىز ياقىسى
بۇرۇنقى ھالىتىدىن كۆپ چەتنەپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ
ئىلگىرىكى جىمغۇر، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان ئادى-
تى ئۆزگەرمىگەندەك قىلاتتى، تاشقى دۇنيانىڭ ئۆزىگە
زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن قورقامدىكىنتاڭ. قىس-
قىسى، ئۇ ئوتتۇز بەش ياشلىق ئەرلەردەك ئۆزىنى تۇختى-
تىۋالغان ئەمەس ئىدى. ئۇ قارىماققا يېشىدىن چوڭ كۆرۈ-
نەتتى، تېنى ئاجىزراق ئىدى، ئورۇق پېشانىسىگە ئىلگى-
رىكىدەك بىر تۇتام چېچى ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە چۈشۈپ
تۇراتتى. لېكىن چاچلىرى شالاڭلاشقان، رەھىمسىز ئىن-
چىكە قورۇقلار كۆزىنىڭ قۇيرۇقلىرىنى بېسىشقا باشلى-
غانىدى. ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسى چوقچىيىپ تۇراتتى،

لى بارلىقىنى ئېيتىدۇ، يېقىندا قويۇپ، ئاۋۇ تەرەپتىكى قوم ئېدىرلىرى ئارىسىدىن يەر ئاچايمىكىن دەيدۇ. ئۇ دادامغا ئوخشاش، بەزىدە مىسكىن بولۇپ قالىدۇ. لېكىن مەن ئۇنىڭ يەر ئېچىشىنى خالىمايمەن، ئۇنىڭسىزمۇ يەر-لىرىمىز ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ!

— روئي بىلەن ئۇسكار قانداقراق؟ هال - ئوقىتى ياخشىمۇ؟

— ياخشى، ناهايىتى ياخشى. لېكىن ئۇ ئىككىسى باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ چىقتى. هازىر ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بار. ئۇلار بىلەن ئۆزۈندا بىر كۆرۈشىمەن. روئي توي قىلغاندا، بىز يەرنى تەڭ بۆلۈشۈۋالغانىدۇق. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇتقان يولى بار، قارىسام ئۇلار مېنىڭ تۇتقان يولۇمنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئۇلار مېنى ئۆز بېشىمچى دەپ قارىشى مۇم-كىن. لېكىن مەن شۇنچە يىللاردىن بېرى مەسىلىلەرنى ئۆز ئالدىمغا ئويلاپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن، ئەمدى ئۆز-گەرتىشىم تەس ئوخشايدۇ. ئەمما، ئومۇمي جەھەتتىن ئېيتقاندا، كۆپ سانلىق قېرىنداشلارغا ئوخشاش، بىر - بىرىمىزنىڭ هالىغا يېتىپ كېلىۋاتىمىز. مەن روئېنىڭ چوڭ قىزىنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

— ئويلاپ باقسام، مەن ئىلگىرى روئي بىلەن ئوس-كارنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىكەنمەن، ئۇلار ماڭىمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولسا كېرەك. ئەمدى بۇ تۇپراققا كەلسەك (بۇنى ئۆزىڭىزلا بىلىپ قالارسىز)، — كارل كۆلۈمسى-رەپ ئالېكساندرانىڭ بىلىكىگە نوقۇپ قويدى، — مەن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى هالىتىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن-

يىل توختىماي پۇل قەرز ئالدىم، كېيىن بىرىپ بانكىغا كىرىشتىنىمۇ خىجالەت بولىدىغان بولۇپ قالدىم. ئاندىن قانداق بولدى دېمەمسىز؟ كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ماڭا قەرز بەرمەكچى بولىدىغان بولدى. لېكىن ئۇ چاغدا مەن پۇلغا ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدىم! شۇنىڭ بىلەن مەن مۇشۇ ئۆينى سالدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆينى ئامىغا ئاتاپ سالدىم. سىز ئامى بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈڭ، كارل، ئۇ بىزگە ئوخشمايدىغانلا بىر بالا بولدى.

— قانداق ئوخشمايدۇ؟

— ھى، سىز بىلىسىز! ھازىر ئويلاپ باقسام، دادام ئامىدەك ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، يۇرتىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلگەندەكەن. يەنە بىر تەرىپى ناھايىتى غەلىتە، ئامى سىرتىدىن قارىسا ئامېرىكىلىق باللارغا شۇنداق ئوخشمايدۇ (ئۇ 6 ـ ئايدا شتاتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردى)، لېكىن مىجەز ـ خۇلقىدا بىزنىڭ ھەرقاندىقىمىزغا ئوخشمايدىغان شۋېتسىيىلىكنىڭ خۇسۇسىيىتى بار. بەزىدە قىلىقلىرى دادامغا شۇنداق ئوخشاپ كېتىدۇكى، تۇرۇپ قورقۇپ قالىمەن. ئۇ دادامغا ئوخشاش ناھايىتى ھېسسىياتچان.

— ئۇ بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرىنى سىز بىللە باشقۇرماقچىمۇ؟

— ئۇ نېمە ئىش قىلىشنى خالىسا شۇنىڭغا قويۇپ بەرمەكچىمەن، — دېدى ئالېكساندرا قىزغىنلىق بىلەن، — ئۇنىڭغا ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرىدىغان پۇرسەت بولۇشى كېرەك؛ مېنىڭ مۇنداق جاپا چېكىشىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن. بەزىدە ئۇ قانۇن ئۆگىنىش خىيا-

بولغان بولسا، ئۇ يەرنى ھەرگىز ساتمىغان بولاتتىم. لې-
كىن ئۇ قىزنى كىچىكىدىنلا ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ چوقۇم
ئېسىڭىزدە بار، ئىلگىرى بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرىدى-
غان ئوماخالىق ھېلىقى قىز ماكرى توۋېسكىيچۇ؟ ئۇ ئون
سەككىز يېشىدا موناستىرنىڭ مەكتىپىدىن قېچىپ چى-
قىپ توي قىلىۋالغان. ئاجايىپ يامان قىز ـ دە ئۇ. ئۇ
تويدىن كېيىن ئېرى بىلەن دادىسىنى ئېلىپ بۇ يەرگە
كەپتىكەن. ئېرىنىڭ قول ئىلكىدە يوق ئىكەن. ماكرىنىڭ
دادىسى ئۇلارنى ئۆي ـ ماكانلىق قىلىپ قويۇش ئۈچۈن
يەر ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. ماكرىنىڭ سىلەرنىڭ يەرگە
كۆزى چۈشۈپتۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆزۈمگە قوشنا بولۇپ
قالىدىغانلىقىدىن خۇشال بولدۇم. بۇ ئىشىمغا پۇشايمان
قىلمىدىم. ماكرىنى دەپ فرانك بىلەنمۇ ياخشى ئۆتۈشكە
تىرىشىپ كېلىۋاتىمەن.

— فرانك دېگىنىڭىز ئۇنىڭ ئېرىمۇ؟

— شۇنداق، ئۇ ئۆزىنى توختاتقان ئەرلەردىن ئە-
مەس. بوخېمىيىلىكلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ياخشى بولى-
دىغان، لېكىن بۇ فرانك بىزگە توغرا قارىمايدۇ، خۇددى
بىز ئۇنىڭ يەرلىرىنى، ئاتلىرىنى، چىرايلىق خوتۇنىنى
تارتىۋالىدىغاندەك، بىزدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ. ماكرىنى
باشقىلار كىچىك ۋاقتىدا قانداق ياخشى كۆرسە، ھازىرمۇ
شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ. بەزىدە ئامى بىلەن كاتولىك دىنى
چېركاۋىغا بارغاندا، ماكرىنى ئۇچرىتىپ قالىمەن. ئۇ كى-
شىلەر بىلەن شۇنداق قىزغىن كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراي-
دۇ، لېكىن فرانك بولسا ئۇ كۆرۈشكەن ھەربىر ئادەمنى
تىرىك يۇتۇۋېتىدىغاندەك، ئۇنىڭ ئارقىسىدا چىراينى

مەن. ئەلۋەتتە، ھازىرقى ھالىتى ناھايىتى چىرايلىق، لې-
كىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ياۋايى ھايۋانغا ئوخشايدىغان
چاغلىرىدىكى بەزى تەبىئىتى يېقىنقى يىللاردىن بېرى
ئۇخلىسامۇ چۈشۈمدىن چىقماي كەلدى. ئېرىقلىرىدىمۇ
سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان بۇ تۇپراققا قايتا كەلگىنىم-
دە، گېرمانىيىنىڭ بىر كلاسسىك قوشىقىنى ئىختىيار-
سىز ئەسلەپ قالدىم: «نەدىسەن، ئاھ، كۆزۈمدىن ئۇچ-
تۇڭغۇ، ئەي سۆيۈملۈك ئانا يۇرتۇم!» ئېيتىپ بېقىڭا،
سىزدىمۇ مۇشۇنداق ھېسسىيات بولغانمۇ؟

— بەزىدە دادام بىلەن ئاپام، يەنە ئۆلۈپ كەتكەن
شۇنچە كۆپ يۇرتداشلىرىم ئېسىمگە چۈشۈپ قالسا،
شۇنداق غېرىبسىنىپ كېتىمەن، — ئالېكساندرا گەپتىن
توختاپ، يۇلتۇزلارغا خىيالچان قارىدى، — ئېسىمىزدە
بار، ھازىرقى قەبرىستانلىق ئىلگىرى كەڭ يايلاق ئىدى،
كارل، لېكىن ھازىر...

— ھازىر ئاشۇ كونا ھېكايە بىز تەرەپتە باشقىدىن
يېزىلىۋاتىدۇ، — دېدى كارل پەس ئاۋازدا، — ئاجايىپ
ئىش، ئادەمنىڭ ھېكايىسى يىغىپ كەلسە ئىككى ياكى
ئۈچ چىقىدۇ، لېكىن ئىلگىرى ئەسلا بولۇپ باقمىغاندەك،
شۇنداق جىددىي يوسۇندا تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ، خۇددى بۇ
يەرنىڭ بوز تورغايلىرى نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى بىر
خىللا ئاھاڭدا سايراپ كېلىۋاتقاندەك.

— راست دەيسىز! ئۇ ياشلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى
جاپالىق. لېكىن بەزىدە ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ قالىمەن.
مېنىڭ قوشنامنى، سىلەرنىڭ ئىلگىرىكى يېرىڭلارنى
سېتىۋالغان ئادەمنى ئېلىپ ئېيتايلى. ئەگەر باشقا ئادەم

دىم، ئالېكساندرا. ئەگەر سىزنى شۇنچىلىك كۆرگۈم كەلمىگەن بولسا، بۇ يەرگە كەلمىگەن بولاتتىم.
ئالېكساندرا تەمكىنلىك، ئېھتىياتچانلىق چىقىپ تۇ-رىدىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.
— سىز نېمىشقا مۇنچە قورقىسىز، كارل؟ — دېدى ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن، — ئۆزىڭىزدىن نېمىشقا شۇنچە رازى بولمايسىز؟
كارلنىڭ تېنى قورۇنۇپ كەتتى.
— سىز بەك تۈز جۇمۇڭ، ئالېكساندرا! بۇرۇنقىدىن ئازراقمۇ ئۆزگەرمەپسىز. ھەقىقىي ئەھۋالنى مۇشۇنداق تېزلا ئاشكارىلاۋېتىدىغان بولدۇممۇ؟ بوپتۇ، سىز بىلى-سىز، بىر نۇقتا ئېنىقكى، مېنىڭ بۇ كەسپىمنىڭ ھېچ-قانداق چىقىش يولى يوق. مېنىڭ بىردىنبىر سۆيىدىغان كەسپىم ياغاچ ئويمىچىلىق، لېكىن بۇ كەسىپ مەن كىرى-شىشتىن ئىلگىرىلا مودىدىن قالغان. ھازىر باھاسى ئەر-زان مېتاللارغا ئويمىچىلىق قىلىش ئىشىلا قالدى، كۆرۈم-سىز رەسىملەرنى ئوڭشاپ، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرى-مىز، ياخشى رەسىملەرنى بولسا بۇزىمىز. مۇنداق ئىشى-لاردىن كۆڭلۈم شۇنداق سوۋۇپ كەتتى، — كارل قوشۇ-مىسىنى تۈردى، — ئالېكساندرا، نيۇ - يوركتىن كەلگۈ-چە يول بويى سىزنى قانداق ئالداشنى ئويلاپ كەلدىم، ئۆزۈمنى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ھەۋەس قىلغۇدەك ئەر قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتىم. بىراق كۆرۈپ تۇرۇپسىز، كەل-گەن تۈنجى ئاخشىمىلا سىزگە راست گېپىمنى دەۋەتتىم. مەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ساختىلىق قىلىش بىلەن نۇرغۇن ۋاقتىمنى زايە قىلىۋەتتىم. ئېچىنىشلىق يېرى، قارىسام

ئاچماي تۇرىدۇ، تۇرقى شۇنداق كۈلكىلىك. فرانك بەك
يامان ئادەمغۇ ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتۈش
ئۈچۈن، ئۇنى پەۋقۇلئاددە بىر ئادەم كۆرۈپ، ئەتراپىدا
پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشىڭىز كېرەك. مۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ-
نىڭ دېگەن يېرىدىن چىقماقمۇ بىر گەپ ئىكەن.

— بىلىشىمچە، سىزنىڭمۇ خەققە ياخشىچاق بو-
لۇشقا تازا ئېپىڭىز يوققۇ، ئالېكساندرا، — دېدى كارل
بۇ ئىش قىزىق تۇيۇلۇپ.

— ئىشقىلىپ، — دېدى ئالېكساندرا قەتئىي تەلەپ-
پۇزدا، — ماكرى ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە قىلىمەن.
ماكرىغىمۇ تەس، ئۇ ياش، چىرايلىق، مۇنداق ئېغىر كۈن-
لەرنى كۆرمەسلىكى كېرەك ئىدى. بىزلەر قېرىپ كەت-
تۇق، بۇرۇنقى تېتىكلىكىمىز يوق. لېكىن ماكرى تۇر-
مۇشقا ئاسانلىقچە باش ئېگىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇ ئەتى-
دىن - كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەيمۇ، كەچتە بىرەر
بوخېمىيىلىكنىڭ تويىغا بېرىپ تۈن يېرىمىغىچە تانسا
ئوينايدۇ، ئەتىسى يەنە سەھەر تۇرۇپ، ئاشۇ قوپال ئەر
ئۈچۈن ھارۋا ھەيدەپ چۆپ توشۇيدۇ. مەن بىر ئىشنى
بوشاشماي پۇختا قىلىمەن، لېكىن ئەڭ تېتىك چاغلىرىم-
دىمۇ ئۇنىڭدەك ھەممىگە يېتىشكەن ئادەم ئەمەسمەن.
ئەتە سىزنى ئاپىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ كېلەي.

كارل تاماكىسىنى يەرگە بېسىپ ئۆچۈرۈپ، چوڭقۇر
ئۇھ تارتىپ قويدى.

— بولىدۇ، مېنىڭمۇ كونا جايىمىزنى بىر كۆرۈپ
كەلگۈم بار ئىدى. مەن ئۆتمۈشۈمنى ئېسىمگە سالىدىغان
ئىشلاردىن قورقىمەن. بۇ يەرگە كېلىشتىمۇ كۆپ ئويلان-

كى پىرەنىڭ دۈكىنىنىڭ خوجايىنى بولىدۇ. بىزدىن قالـ.
دىغىنى بىرەر قۇر كىيىم، ئىسكىرىپكا، ياكى بىرەر رە.
سىم رامكىسى، خەت ئۇرۇش ماشىنىسى، ئىشقىلىپ،
تۇرمۇشقا لازىمەتلىك ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر بو.
لىدۇ. بىزنىڭ بىردىنبىر مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىپ كېلىۋاتـ.
قان ئىشىمىز ئۆي ئىجارىسى تۆلەش. كاتەكتەك ئۆيىمىز.
نىڭ ئىجارىسى ئۆلگۈدەك قىممەت. بىزدە ئۆزىمىزگە
تەۋە ئۆي، ئۆزىمىزگە تەۋە يەر، بېشىمىزنى سىلىغۇدەك
ئادىمىمىز يوق، كوچا ـ كويلاردا، باغچىلاردا، تىياتىر.
خانىلاردا تۇرمۇش كەچۈرىمىز. بىز ئاشپۇزۇل ۋە مۇزد.
كىخانىلاردا ئولتۇرۇپ ئەتراپىمىزغا قارىغىنىمىزدا، ئۆ.
زىمىزگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىنى كۆ.
رۇپ، ئىختىيارسىز چۆچۈپ كېتىمىز.

ئالېكساندرا جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى كۆل يۈزىدە كۆمۈش رەڭ شولا چېچىپ تۇرغان ئاي شولىسىغا تىكىلگەنىدى. كارل ئۇنىڭ ئۆز مەقسىتىنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلەتتى. ئالېكساندرا ئاخىر ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى.

— لېكىن مەن ئامىنىڭ ئىككى ئاكىسىغا ئەمەس، سىزگە ئوخشاش ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. بىزمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئۆي ئىجارىسى تۆلىدۇق، لېكىن تۆلەش ئۇسۇلىمىز ئوخشاش بولمىدى. بۇ يەردە بىز كۈندىن ـ كۈنگە قوپاللىشىپ، ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىمىز، سىزگە ئوخشاش ھەرىكىتىمىز چاققان ئەمەس، مېنىڭ ئىدىيەممۇ قاتماللىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ دۇنيا بىزنىڭ قوناقلىـ.
قىمىزدىن كەڭ بولمىغان بولسا، ئەگەر مۇشۇنىڭدىن باشـ.
قا نەرسە بولمىغان بولسا، ئۇ چاغدا مۇنداق تىرىشىپ ـ

ھېچكىمنى ئالدىيالماپتىمەن. ماڭا ئوخشاش ئادەملەر بەك كۆپ، باشقىلار بىر قاراپلا بىلىۋالالايدۇ.

كارل گەپتىن توختاپ قالدى. ئالېكساندرا گاڭگىراش ۋە ئېغىر خىيال ئىچىدە پېشانىسىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە تارىدى.

— سىز بىلىسىز، — كارل تەمكىنلىك بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلەرنىڭ بۇ يەرنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىگەندە، مەن بىر كېرەكسىز ئادەمگە ئايلىنىمەن، سىزنىڭ بىر پارچە قوناقلىقىڭىزنىمۇ سېتىۋالالمايمەن. مەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان، لېكىن قولغا چىققۇدەك بىرەر نەرسىگە ئېرىشەلمىدىم.

— لېكىن ئۆزىڭىز قولغا چىققۇدەك ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقتىڭىزغۇ. مەن سىزدەك ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولسام، بۇ تۇپراقتىن ۋاز كەچكەن بولاتتىم.

كارل مەيۈسلۈك بىلەن بېشىنى چايقىدى.

— ئەركىنلىك كۆپ ھاللاردا سىزنىڭ كېرەكسىز ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. سىز بۇ يەردە ئالاھىدە بىر ئادەم، ئۆز ئالدىڭىزغا كەچۈرمىشلىرىڭىز بار، سىز بولمىسىڭىز، باشقىلار سىزنى سېغىنىدۇ. لېكىن شەھەرلەردە ماڭا ئوخشاش ھەممە يەردە دومىلاپ يۈرگەن تاشلار سان ـ ساناقسىز، ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيمىز، بىزنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىمىز يوق، تونۇش ـ بىلىشلىرىمىز، ھېچنېمىمىز يوق. ئارىمىزدىن بىرەرى ئۆلۈپ كەتسە، باشقىلار ئۇنى قەيەرگە دەپنە قىلىشىنىمۇ بىلەلمەيدۇ، ئۆزىتىپ قويىدىغىنى بىزگە ئۆي ئىجارە بەرگۈچى خانىم بىلەن ياندى-

قانچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش مەزگىلى ئىدى. ئۇلار قوناق-لىقنى ھەيدەۋاتاتتى. ھەتتا ئامىمۇ ئېتىزغا كېلىپ يەر ھەيدەشكە ياردەملەشتى. كارل ئەتىگەندە ئالېكساندرا بىلەن بىللە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك ئارىلاپ چىقتى، چۈشتىن كېيىن ۋە كەچتە ئىككىسى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن مۇڭدىشاتتى. ئامىنىڭ يېنىك ئاتلىتكا مۇسابىقىلىرىدە كارامىتى بولغىنى بىلەن، ئېتىز ئىشلىرىغا ئېپى يوق ئىدى. كەچتە ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشمۇ خۇشياقمىدى، سۇناي چېلىشىنىمۇ مەشىق قىلمىدى.

چارشەنبە كۈنى سەھەردە، كارل يەرگە يورۇق چۈشە - چۈشمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستا پەسكە چۈشۈپ، ئاشخانا ئارقىلىق سىرتقا چىقتى. ئافې ئادىتى بويىچە سۇ پومپىسى يېنىدا يۇيۇنۇۋاتاتتى. كارل ئۇنىڭغا باش لىڭشىتىپ قويۇپ، ئالدىراپ گۈلزارلىقتىن ئۆتتى ۋە ئىلگىرى كالا باققان چارۋىچىلىق مەيدانىغا كىردى. تاڭ شەپىقى شەرقتىكى ئۇپۇقتا ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. كارل قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىككىنچى تاغ چوققىسىغا چىقتى. ئۇ يەر بوگسېن ئائىلىسىنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانى بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىلگىرىكى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ پاسىلى ئىدى. ئۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ، كۈننىڭ چىقىشىنى كۈتتى. ئۇ ئىلگىرى ئالېكساندرا بىلەن مۇشۇ يەردە بىرلىكتە كالا ساغقان، ئىككىسىنى پەقەت ئوتتۇرىدىكى چىتلاقلا ئايرىپ تۇراتتى. ئالېكساندرانىڭ تەكشى قىرقىلغان چىملىقتا كېلىۋاتقان ھالىتى كارلنىڭ ھازىرقىدەك ئېسىدە: يوپكىسى بۇلاپكا بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ

تىرمىشىپ يۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتى يوق دەپ قارىغان بولاتتىم. بولمايدۇ، مەن ئامىنىڭ ئۆلارغا ئەمەس، سىزگە ئوخشاش ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. سىزنى كۆرگەندىن كېيىن مۇشۇنداق ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

— سىزنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانلىقىڭىزنى چۈشەنمىدىم، — دېدى كارل ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ.

— بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بەلكىم گاللى جانسونغا ئوخشىسام كېرەك. ئۇ بىر يىللىقچىنىڭ سىڭلىسى. ئۇ ئەزەلدىن بۇ سەھرادىن سىرتقا چىقىپ باقماپتىكەن. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، بىر خىل ئىش مەڭگۈ تەكرارلىنىدىغان، ھېچقانداق قىزىقى يوق مۇنداق تۇرمۇشتىن ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىپتۇ، بىر - ئىككى قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. كېيىن ئۆيدىكىلەرى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئىئوۋادىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپتۇ. ئۇ ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كەيپىياتى بىردىنلا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ، تۇرمۇشنىڭ مۇشۇنداق پايانسىز، دۇنيانىڭ مۇشۇنداق قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى ئېشىپتۇ. ئۇ، پلانتې ۋە مىسسۇرى كۆۋرۈكىدەك چوڭ نەرسىلەر بولسىلا، مەن بۇ ھاياتتىن رازى، دېگۈدەك. مەنمۇ سىرتقى دۇنيادىن خەۋەردار بولغاچقا، ھازىرقى ھاياتىمدىن رازى بولسام كېرەك.

5

ئالېكساندرانىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرىمۇ قوشنىسىنى يوقلاپ كېلىشكە چولىسى تەگمىدى. بۇ دېھ-

ئۆردەك ئۇۋلىغىلى كەلگەنلىكىنى سەزدى. ئۇلار كۆل
يۈزىنى كۆرگۈدەك يەرگە كەلگەندە، قانات ئۇرغان ئاۋاز
ئاڭلاندى، ئاڭغىچە بىر توپ ياۋا ئۆردەك كۆككە كۆتۈ-
رۈلدى. ئارقىدىنلا قولاقنى يارغۇدەك ئوق ئاۋازى ئاڭلى-
نىپ، بەش ئۆردەك يەرگە پولاڭلاپ چۈشتى. ئامى بىلەن
ئۇنىڭ ھەمراھى خۇشال كۈلۈشۈپ كەتتى. ئامى يۈگۈ-
رۈپ بېرىپ ئۆردەكلەرنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئۆردەكلەرنى
پۈتىدىن تۇتۇپ قايتىپ كەلگەندە، ماكرى ئېتىكىنى قاي-
رىپ تۇتتى، ئامى ئۆردەكلەرنى ئېتەككە تاشلىدى. ماك-
رى ئېتىكىگە قاراپلا چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ ئېتىكى-
دىكى ئۆردەكتىن بىرنى قولىغا ئالدى (ئۆردەكنىڭ پەيلى-
رى پۈرلەشكەن، ئاغزىدىن قان تامچىپ تۇراتتى)، قانغا
بويالغان پەيلىرىگە قارىدى.

ماكرى بارماقلىرىنى بوشىتىۋىدى، ئۆردەك يەرگە
چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئازاب بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئاھ، ئامى، نېمىشقا مۇنداق قىلدىڭىز؟

— مەن ياخشى كۆرىمەن! — يىگىت ئاچچىق بىلەن
ۋارقىرىدى، — نېمە بولدىڭىز، ماكرى؟ مېنى بۇ يەرگە
ئۆزىڭىز باشلاپ كەلگەنغۇ.

— راست، راست، بۇنى بىلىمەن، — دېدى ماكرى
كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — لېكىن مەن مۇنداق بولۇشىنى
ئويلىماپتىكەنمەن. مەن ئۇلارنىڭ مۇنداق قانغا مىلىنىپ
ياتقان ھالىتىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن. ئۇلار بايىلا شۇن-
داق كۆڭۈللۈك ئويناۋاتاتتى، بىز ئۇلارنىڭ بارلىقىنى بى-
راقلا ۋەيران قىلدۇق.

— راست، بىز ھەممىنى ۋەيران قىلدۇق، — دېدى
ئامى ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — بۇنىڭدىن كېيىن سىز

قويۇلغان، بېشىغا ھېچنېمە كىيمىگەن، قولىدا چېلەك، ئاپئاق تاڭ نۇرىغا چۈمۈلۈپ كېلەتتى. بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا، كارل ئۇنىڭ ئەركىن قەدەم تاشلاپ مېڭىشلىرىنى، مەغرۇر تۇتۇپ ماڭىدىغان بېشى ۋە مۈرىلىرىنى كۆرگەندە، ئۇنى تاڭ نۇرى ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ، ئۇ ھەر قېتىم قۇياشنىڭ ئېتىز بېشىدىن ياكى سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققانلىقىنى كۆرگەندە، ئاشۇ ياش شۋېتسىيەلىك قىزنى ۋە ئۇنىڭ سۈت ساغىدىغان چېلىكىنى ئەسلەيتتى.

كارل تاتلىق ئەسلىمىلەر قوينىغا غەرق بولۇپ، قۇياش ئۇتلاق ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققۇچە ئولتۇردى. ئەتراپىدىكى چۆپلۈكلەر ئارىسىدىكى جان ـ جانىۋارلار سازلىرىنى تەڭشەشكە باشلىغانىدى. ئاڭغىچە سان ـ ساناقسىز جانلىقلار بىردىنلا جانلىنىپ، ھەر خىل ئاۋازدا نەغمىسىنى باشلىۋەتتى. قۇياش ئۆز نۇرىنى يايلاققا ئايىماي چاچماقتا، ئېگىز ئۆسكەن ھەر خىل گۈللەر ئۇزۇن سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇتلاق ئالتۇن نۇرغا چۆمۈلگەندى.

كارل قاشادىن ئۆتۈپ، ھازىر شاربات ئائىلىسىگە تەۋە چارۋىچىلىق مەيدانىغا كىردى ۋە كۆل تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. لېكىن ئۇزۇن ماڭمايلا، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى بايقىدى. پەستىكى ئويمانلىقتا بىرەيلەن قولىدا ئۇۋ مىلتىقى، ئېھتىيات بىلەن ئالدىغا كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئامى ئىدى، يېنىدا بىر قىز بار. ئۇلار تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن كېلىۋاتاتتى. كارل ئۇلارنىڭ كۆلگە ياۋا

مىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ماكرىنىڭ ئۆيىگە بارمىغىلى ئۈچ كۈن بولدى، بۇ ئادەتتە كۆرۈلۈپ باقمايدىغان ئىش ئىدى. ئۇ يەنە كونا دوستىنى تېپىۋېلىپ، مېنى تاشلىۋەتتى، دەپ قالمىسۇن.

يىللىقچىلار ئىشقا چىقىپ كەتتى. ئالېكساندرا ئاق كۆڭلىكىنى ئالماشتۇرۇپ، كەڭ جىيەكلىك شلەپىسىنى كىيدى، كارل ئىككىسى ئېتىز ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى.

— قاراڭ، ئىلگىرىكى تار يولنى شۇنداق ياخشى ساقلاپ قالدۇق. كارل، بۇ يولنىڭ ئاياغ تەرىپىدە قايتىدىن بىر دوستقا ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن مەن بەك خۇشال.

كارل ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— شۇنداقتىمۇ، مەن بۇ دوستلۇقىڭىزنى بۇرۇنقى دوستلۇقىڭىزغا ئوخشاتماسلىقىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئالېكساندرا ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. ماكرى سىزنىڭ ئورنىڭىزنى تولۇق باسالمايدۇ. ئەگەر سىز مۇشۇنى دېمەكچى بولسىڭىز، مەن بارلىق قوشنا - قولۇملىرىم بىلەن ياخشى ئۆتىمەن، مېنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىممۇ شۇ. لېكىن ماكرى بىلەن ھەقىقىي ياخشى سىرداشالايمەن، كۆڭلىمىزدىكى گەپلەرنى دېيىشەلەيمىز. مېنىڭ كۈنلىرىمنىڭ زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتۈشىنى خالىمايدىغانسىز؟

كارل كۈلۈپ قويدى، ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك چاچلىرىنى شلەپىسى بىلەن قوشۇپ ئارقىسىغا ئىتتىردى.

— ئۇنداق بولۇشىنى ئەلۋەتتە خالىمايمەن. بۇ يولنى باشقا دوستلار بۇزۇۋەتمىگەنىكەن (سىزنىڭ بوخېمىيەلىك دوستىڭىزدىن باشقىچىرەك تەلەپ قويىدىغان دوست-

بىلەن ئۇۋغا چىقمايمەن. سىزنىڭمۇ ئافېدەك قاملاشمىغان قىلىقلىرىڭىز بار ئىكەن. ئەكېلىڭ، ئۆزۈم كۆتۈرۈۋا - لاي، — ئۇ ماكرىنىڭ ئېتىكىدىكى ئۆردەكلەرنى ئېلىۋالدى.

— ماڭا مۇنداق قوپاللىق قىلماڭ، ئامى. لېكىن ئافېنىڭ ياۋايى ھايۋانلارغا بولغان قارىشى توغرا. ئۇلار شۇنداق ئەركىن يۈرىدۇ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىك كېرەك ئىدى. ئۇلار بايا كۆككە كۆتۈرۈلگەندە قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز: بىر ئاز قورقتى، لېكىن ئۆزلىرىگە بىرەر نەرسىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىشنى قىلمايلى.

— بولىدۇ، — ئامى ماقۇللۇق بىلدۈردى، — ئالدىڭىزدا خىجىلمەن، كۆڭلۈڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم، — ئۇ ئېڭىشىپ ماكرىنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ بىر خىل غەلىتە، بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەلەم ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

كارل ئۇلارغا قارىغىنىچە ئويمانلىقنى بويلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار كارلنى كۆرمىدى. كارل ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىمىدى، لېكىن مەنىسىنى چۈشەندى. تاڭ سەھەردە كۆرگەن بۇ بىر جۈپ ياش ئۇنىڭ يۈرىكىگە قانداقتۇر بىر غەمكىنلىكنى سېلىپ قويدى. ئۇ ناشتا ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقنى ھېس قىلدى.

## 6

ئۇ كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، ئالېكساندرا چۈشتىن كېيىن كارلنى ئېلىپ شارباتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەل-

لەر ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى تونۇپ كەلدىڭىز. شۇڭا، سىز-نىڭ قانداقلىقىڭىزنى ئېيتىپ بەرسەم، سىز چوقۇم چۈ-چۈپ كېتىسىز. لېكىن، سىزنى كۆرۈپ قانچىلىك ھەي-ران قالغانلىقىمنى چوقۇم سەزدىڭىز. باشقىلار سىزگە ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقاندا، سىز بۇنى چوقۇم سېزىسىز.

ئالېكساندرانىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى، خىجىللىق ئىچىدە كۈلۈمسىرىدى.

— سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلى-مەن. ئەگەر سىز شۇنداق دېمەكچى بولسىڭىز.

— باشقىلارمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولسا، سىز بۇنى ھېس قىلالامسىز؟ — كارل ئىچكىرىلەپ سورىدى.

— ھى، بەزىدە ھېس قىلىمەن. شەھەردىكى، بانكى-دىكى ۋە ناھىيىلىك ئىشخانىدىكى كىشىلەر مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ياخشى كۆرىدىغاندەك سېزىلىدۇ. مېنىڭ-چە، بۇ چىراي - تۇرقى پاكىز، ساغلام كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنىڭ ئادەمگە بىر خىل خۇشاللىق ئېلىپ كېلى-دىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، — دېدى ئالېكساندرا ئاددىيلا قىلىپ.

كارل شارباتلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ زورىغا كۈلدى ۋە:

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ قويدى.

شارباتنىڭ ھويلىسىدا ئاشخانا ئىشىكىدە ئاپتاپقا قاق-لىنىپ ياتقان بىر سېرىق مۈشۈكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھاياتلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى.

ئالېكساندرا مېۋىلىك باغقا تۇتىشىدىغان تار يول بى-لەن ماڭدى.

لار)، سىزگە رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ، — ئۇ گەپتىن توختاپ، ئالېكساندرانىڭ چىتلاقتىن ئۆتۈشىگە ياردەم-لەشتى، — ئىككىمىزنىڭ بۇ يەرگە يەنە بىللە كەلگىنى-مىزگە، سىز ئىچىڭىزدە بىر ئاز ئۆكۈنۈش ھېس قىلام-سىز؟ — ئۇ تۇيۇقسىز سورىدى، — سىز ئەينى چاغدا ھازىرقىدەك بولۇشنى ئارزۇ قىلغانمۇ؟

ئالېكساندرا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— مېنىڭ ئويلىغىنىمدىن كۆپ ياخشى بولۇپ چىق-تى. سىزنىڭ قايتىپ كېلىدىغىنىڭىزنى ئويلىغىنىمدا، بەزىدە يۈرىكىمنى بىر ئاز قورقۇنچ باساتتى. سىز تۇر-مۇش رىتىمى ناھايىتى تېز مۇھىتتا ياشايسىز، بۇ يەردە بولسا ھەممە نەرسە ئاستا، ئادەملەر تېخىمۇ شۇنداق. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بىر يىلغا ئوخشايدۇ، ھاۋارايى، ھو-سۇل ۋە كالىدىن تەركىب تاپقان. سىز ئىلگىرى كالىغا بەك ئۆچ ئىدىڭىز، — ئۇ بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئىككىمىز بىللە سۈت ساغقاندا، مەن كالىغا ھەرگىزمۇ ئۆچلۈك قىلمايتتىم. بۈگۈن ئەتىگەن چارۋى-چىلىق مەيدانىنىڭ چېتىگىچە بېرىپ كەلدىم. شۇ چاغدا ئويلىغانلىرىمنى سىزگە ئېيتسام بولامدۇ - بولمامدۇ، بىلمەيمەن. غەلىتە ئىش، ئالېكساندرا، مەن سىز بىلەن ئالەمدىكى بارلىق ئىشلار توغرۇلۇق ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشەلەيمەن، لېكىن ئۆزىڭىز توغرۇلۇق. . .

— بەلكىم مېنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقارسىز، — ئالېكساندرا ئۇنىڭغا خىيالچان قارىدى.

— ياق، سىزنى چۆچۈتۈۋېتىشتىن قورقىمەن. شۇن-چە يىللاردىن بېرى، سىز ئەتراپىڭىزدىكى قاتمال ئادەم-

ماكرى ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ يېتىپ كېلىپ، غۇلاچ-لىرىنى كېرىپ ئالېكساندرانى قۇچاقلىدى.
— ۋاھ، سىزنى ئەمدى بۇ ھويلامغا دەسسىمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىلىمەن، سىز ئالدىراش. ھە، كارل ئەپەندىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئامىدىن ئاڭلىدىم. ئۈيگە كىرىپ ئولتۇرمايمىزمۇ؟
— سىزنىڭ بايىقى جايىڭىزدا ئولتۇرۇۋېرەيلىلا. كارل بۇ باغنى كۆرۈپ باقماقچى. ئۇ بۇ كۆچەتلەرنى نەچچە يىلغىچە مۇرىسىدە سۇ توشۇپ يۈرۈپ پەرۋىش قىلغان.
ماكرى كارل تەرەپكە بۇرۇلدى.
— سىزگە رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك، كارل ئەپەن-دى. بۇ باغنى دېمىسەم، بۇ يەرنى سېتىۋالمىغان بولات-تۇق، ئۇ چاغدا ئالېكساندرادەك ياخشى دوستقىمۇ ئېرى-شەلمىگەن بولاتتىم، — ئۇ ئالېكساندرانىڭ يېنىدا كېتى-ۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلىكىنى بوش چىمداپ قويدى، — كى-يىملىرىڭىزدىن شۇنداق بىر خۇش پۇراق كېلىۋاتىدۇ، ئالېكساندرا، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىپ، كىيىم ئىشكا-پىڭىزغا روسمارىنۇس يوپۇرمىقى سېلىپ قويغان ئوخشى-مامسىز.
ماكرى ئۇلارنى باغنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇلۇڭغا باشلاپ باردى. بىر تەرەپكە ئۈجمىدىن قويۇق قىلىپ چىت-لاق تۇتۇلغان، بىر تەرىپى ئەمدىلەتىن سارغىيىشقا باشلى-غان بۇغدايلىققا تۇتىشاتتى. بۇ يەر سەل ئويمان، ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەنىدى. چىتلاق يېنىدىكى چۆپلۈكتە ياۋا ئەتىرگۈللەر ئوتقاشتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بىر

— ئۇ دائىم باغدا يىگىنە ئىشى قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا كېلىدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق تېلېفون بېرىپ قويـ-مىغانىدىم. بولمىسا ئۇ تورت، مارۇژنا تەييارلايمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا شۇنداقلا خەۋەر قىلىپ قويسا، بىر تاغار ئاۋارە بولىدۇ. بۇ ئالما كۆچىتىنى تونۇ-دىڭىزمۇ، كارل؟

كارل ئەتراپقا قارىدى.

— ئەگەر مەن بۇ كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىگە قويغان ھەر-بىر چېلەك سۇ پۇلغا يارىغان بولسا ياخشى بولاتتى. بىچا-رە دادام، ئۇ گەپ يەيدىغان ئادەم ئىدى، لېكىن باغنى سۇغىرىشقا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ھېچكىم گەپ ئۆتكۈزەل-مەيتتى.

— مەن گېرمانىيىلىكلەرنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇلار باشقا ئىشنى قىلالمىسىمۇ، باغنى ياخ-شى پەرۋىش قىلىدۇ. مېنىڭ خۇشال بولىدىغىنىم، بۇ باغ ھازىر قەدرىنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ قولىغا چۈشتى. ئىلـ-گىرى بۇ يەرنى ئىجارىگە بەرسەم، ئىجارىكەش دېھقانلار باغنى ياخشى پەرۋىش قىلمىدى، ئامالسىز ئامى ئىككىـ-مىز كېلىپ ئانچە - مۇنچە قاراپ تۇردۇق. باغنىڭ چۆپە-نى چاپىدىغان مەزگىلمۇ بولۇپ قاپتۇ. قاراڭ، ئۇ ئاۋۇ يەردىكەن، ئاۋۇ بۇلۇڭدا. ماكرى! . . . — ئۇ ۋارقىرىدى.

ماكرى يانپاشلاپ ياتقان بىر چۆپلۈك ئارىسىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، دەرەخلەر ئارىسىدىن بۇ تەرەپكە يۈ-گۈردى.

— ئۇنىڭغا قاراڭ، كۆل رەڭ توشقانغا ئوخشامدۇ؟ — دېدى ئالېكساندرا كۈلۈپ.

ئىككى سارغۇچ كۆپۈكچە خۇددى شامپان ئۇستىدىكى كۆپۈكچىدەك كۆرۈنەتتى، بەزىدە قىزىتىلغان تۇمۇردىن چاچرىغان ئۇچقۇندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاسان ھاياجانلىنىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، شۇنچىكىم پۇۋلەپ قويسىلا ئاجايىپ كۈچلۈك يالقۇن پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. «بۇ قىز زايە كېتىپتۇ، — دەپ ئويلىدى كارل ئىچىدە، — ئۇ گۈزەللىكىنى ئۆزى چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن يىگىتكە بېغىشلىشى كېرەك ئىدى. بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى ئەنە شۇنداق تەتۈر!»

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ماكرى ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى.

— تۇرۇپ تۇرۇڭلار، سىلەرگە بىر نەرسىنى كۆرسىتىمەن، — ئۇ پاكار ئالما دەرەخلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى.

— نېمىدېگەن ئوماق قىز بولغان بۇ، — دېدى كارل ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك، — ئېرىنىڭ ئۇنى باشقا بىرىگە تاتقۇزۇپ قويۇشتىن قورقۇشى بىكار ئەمەسكەن. ئۇ ئاستىراق ماڭسىمۇ بولاتتىغۇ؟ ياكى ئۇ مۇشۇنداق يۈگۈرۈپلا يۈرەمدۇ؟

— نەق تاپتىڭىز، — دېدى ئالېكساندرا بېشىنى لىڭشىتىپ، — مېنىڭ كۆرگەن - بىلگىنىم كۆپ ئەمەس، لېكىن ھەرقانداق يەردىن ئۇنىڭدەك قىز كەم تېپىلىدۇ.

ماكرى قولىدا يېڭىلا يىرىۋالغان بىر تال ئۆرۈك شېخى، يېنىپ كەلدى، شاختا ئۇ يەر - بۇ يېرى قىزارغان ساپسېرىق ئۆرۈكلەر ۋاچچىدە ئىدى. ئۇ شاخنى كارلنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

توپ ئۇجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا بىر كونا هارۋا، هارۋا يېنىدا بىر پارچە كىتاب ۋە يىڭنە ـ يىپ قۇتىسى تۇراتتى.

— سىز هارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇڭ، ئالېكساند-را، بولمىسا كۆڭلىكىڭىزگە چۆپنىڭ رەڭگى چىقىپ كېتىدۇ، — دېدى ماكرى. ئۆزىنى ئالېكساندرانىڭ يېنى-دىكى چىملىققا تاشلاپ، پۇتلىرىنى ئالېكساندرانىڭ پۇتى ئاستىغا سوندى. كارل بوغدايلىققا ئارقىسىنى قىلىپ، ئىككى قىزدىن نېرىراق ئولتۇردى. ئالېكساندرا شىلەپى-سىنى يەرگە تاشلاپ قويۇۋىدى، ماكرى ئۇنى ئېلىپ، چۆرىسىگە تۇتۇلغان ئاق لېنتىنى ئويناشقا باشلىدى، گەپ قىلىۋېتىپ، شىلەپىنى بىگىز بارمىقىغا ئىلىۋېلىپ پىرقى-راتتى. ئۇلار كۈچلۈك قوياش نۇرى ئاستىدا ئاجايىپ بىر گۈزەل كۆرۈنۈشنى هاسىل قىلغان، ئەتراپىدىكى يوپۇر-ماقلاردىن شەكىللەنگەن كۆرۈنۈش گويا تورغا ئوخشايت-تى. شۈېتسىيىلىك قىز ئاق ئۈستىگە زەر چېچىلغان مەن-زىرە هاسىل قىلغان، مۇلايىم، ئەركىن، ئەمما سالماق كۆرۈنەتتى؛ بوغداي ئۆڭ، زېرەك قىزنىڭ قېلىن كەلگەن لەۋلىرى شۇنچىكىم ئېچىلغان، گەپ قىلغاندا ياكى كۈل-گەندە كۆزلىرىدە سارغۇچ نۇر توچكىلىرى ئوينايتتى. كارل كىچىك ماكرى توۋېسكىينىڭ كۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. كارل ئۇنىڭ قوڭۇر كۆز قارىچۇقىنىڭ ئۈستىدە ئاجايىپ بىر خىل سارغۇچ يوللار بارلىقىنى باي-قىدى، ئۇ قەدىمكى كەھرىۋانىڭ رەڭگىگە ئوخشايتتى. هەربىر كۆزدىكى سارغۇچ يوللارنىڭ ئىچىدە بىرەر تال يول كەڭرەك ئىدى، بۇنىڭ بىلەن، كۆز قارىچۇقلىرىدا ئىككى تال نۇر توچكىسى هەرىكەتلىنىپ تۇرغاندەك،

نى تەرەپتىن هارۋا بىلەن ئېلىپ كەلگەندى، ئىككى قادى-
قى يىگىرمە بەش سېنت ئىدى. يېنىمىزدا دادىمىز كەم-
پۈت ئېلىپ يەڭلار دەپ بەرگەن ئازراق پۇل بار ئىدى.
مەن ئۆرۈكتىن تۆت قاداق، كارل ئىككى قاداق ئالدى.
ئۆرۈكنى يەپ كۆڭلىمىز هەر هالدا خېلى تەسەللى تېپىپ
قالدى. بىز ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسىنى تېرىپ قويغاندۇق.
كارللار بۇ يەردىن كەتكۈچە مېۋە بەرمىگەندى.
— ئەمدى كارل ئەپەندى مېۋىسىنى يېگىلى كەپتۇ
دەڭا! — دېدى ماكرى ۋارقىراپ ۋە كارلغا قاراپ باش
لىڭشىتىپ قويدى، — بۇ قالتىس ياخشى هېكايە ئىكەن.
سىزنى خىرە ئەسلىيەلەيمەن، كارل ئەپەندى. ئىلگىرى
جوئې تاغام مېنى شەهەرگە ئېلىپ كىرگەندە، مەن سىزنى
خانوۋېردا كۆپ كۆرگەن. سىزنىڭ ئېسىمدە قېلىشى-
چە، سىز مىلىچ ماللار دۇكىنىدا قېرىنداش ۋە گىرىم
بوياقلىرى ساتاتتىڭىز. بىر قېتىم تاغام مېنى سىزنىڭ
دۇكىنىڭىزغا قويۇپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. سىز
بىر پارچە قەغەزگە نۇرغۇن قۇش ۋە گۈللەرنىڭ رەسىمىنى
سىزىپ بەرگەنىدىڭىز. ئۇ چاغدا مەن سىزنى تولىمۇ رو-
مانتىك هېس قىلغانىدىم، چۈنكى سىز رەسىم سىزالايتتى-
ڭىز، يەنە كېلىپ، كۆزىڭىز تۇم قارا ئىدى.
— رىلست، ئۇ چاغدىكى ئىش مېنىڭمۇ ئېسىمدە، —
دېدى كارل كۈلۈمسىرەپ، — تاغىڭىز سىزگە بىر ماشىنا
ئويۇنچۇق، بىر قونچاق ئېلىپ بەرگەن. ئۇ پاكار ئورۇن-
دۇقتا ئولتۇرۇپ چېلىم چېكىۋاتقان تۈرك مومايىنىڭ قون-
چىقى ئىدى، تېخى مومايىنىڭ بېشى هەرىكەتلىنەتتى.
— راست، ئۇ بەك چىرايلىق قونچاق ئىدى! ئەھۋا-

— بۇ كۆچەتلەرنىمۇ سىز قويغانمۇ؟ شۇنداق ياخ-شى مېۋە بېرىۋاتىدۇ!

كارل شاخنىڭ يېشىل يوپۇرمىقىنى قولى بىلەن سىلى-دى. يوپۇرمىقى ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخ-شاش، سۇ تەپچىپ تۇراتتى، شام سۇر كەلگەندەك سىلىق قىزىل شاختا شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

— مەن تىككەن كۆچەتتەك قىلىدۇ. بۇ ھېلىقى سېرىك كۆچىتىمۇ، ئالېكساندرا؟

— ئۇ كۆچەتنىڭ ھېكايىسىنى ماكرىغا سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ — سورىدى ئالېكساندرا، — جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاڭ، ماكرى، شىلەپەمنىڭ ئىسكەتىنى بۇزۇۋەتمەڭ، سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي. بۇ خېلى بۇرۇن بول-غان ئىش، كارل ئون ئىككى ياش، مەن ئون ئالتە ياش چاغلارغۇ دەيمەن. خانوۋېرغا بىر سېرىك ئۆمىكى كەلدى. بىز روئي ۋە ئوسكارلار بىلەن سېرىك ئۆمىكىنىڭ كوچا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئات هارۋىسى بىلەن شە-ھەرگە كىردۇق. بىزنىڭ سېرىك ئويۇنىنىڭ بېلىتىنى ئال-غۇدەك پۇلىمىز يوق ئىدى. بىز كىشىلەر توپىغا ئەگى-شىپ ئويۇن قويۇلىدىغان مەيدانغىچە كەلدۇق. بېلىتى بارلار مەيدان ئىچىگە كىرىپ كەتتى، بىز ئويۇن باشلىنى-چە بويىنىمىزنى قىسىپ سىرتتا تۇردۇق. روئي مۇنداق تۇرۇۋېرىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، كېتەيلى دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن خانوۋېرغا قايتماقچى بولدۇق، كۆڭلىمىز بەك يېرىم بولدى. كوچىدا كېتىپ بارساق، بىر ئادەم ئۆرۈك سېتىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىز ئۆرۈك دېگەننى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. ساتارمەن ئۆرۈكنى فرانسىيە كەن-

رۇنۇپ قالدى. ئۇنىڭ بويۇنلىرى ئاپتاپتا پۇتۇنلەي قىزد-
رىپ كەتكەن، ساقىلىنى ئالمىغىلى ئىككى، ئۈچ كۈن
بولۇپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ ھاياجانلىنىپ تۇرسىمۇ، چىد-
رايى ئادەمگە يېقىملىق كۆرۈنەتتى، لېكىن مىجەزى ئىنت-
تىك ئىكەنلىكىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ مېھمانلار بىلەن زورمۇزور كۆرۈشۈپ قويغاندىن
كېيىن خوتۇنىغا بۇرۇلۇپ ئاچچىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:

ــ بايا شىللېر موماينىڭ چوشقىسى بىزنىڭ بۇغداي-
لىققا كىرىۋاپتىكەن، ھەيدەپ چىقىمەن دەپ بىرمۇنچە
ئاۋارە بولدۇم، ئەمدى چوشقىسىغا ئىگە بولمىسا، قاراپ
تۇرۇڭ، ئۇ موماينى سوتقا ئەرز قىلماي قويمايمەن!

خوتۇنى ئۇنىڭغا چىرايلىقچە گەپ قىلدى:

ــ بىراق، فرانك، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان بىرلا
توكۇر ئوغلى بار. ئۇمۇ بۇ ئىشلارغا يېتىشەلمەي كېتىد-
ۋاتقان گەپ دەڭا.

ئالېكساندرا فرانكنىڭ مۇنچە ئاچچىقلىنىپ كېتىۋات-
قانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسەت-
تى.

ــ يېرىم كۈن ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ موماينىڭ ھوي-
لىسىدىكى چىتلاقنى چوشقا سىرتقا چىقالمايدىغان قىلىپ
ياساپ بەرسىڭىز، بۇ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلىسىز، چوش-
قا ھەيدەيمەن دەپمۇ ئاۋارە بولمايسىز، قانداق دېدىم؟

ــ ئۇنداق ئىشنى مەن قىلمايمەن، ــ دېدى فرانك
بويىنىنى قاتتىق قىلىپ، ــ مەن چوشقىنى ھويلىدىن چىد-
قارمايمەن، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەكقۇ. بى-
لەمسىز، لېۋىسنىڭ قولىدىن موزدۇزلۇق كەلگەنىكەن،

لىمىزنى بىلگەچكە، تاغامغا بىر نەرسە ئېلىپ بەر دېگۈم يوق ئىدى. لېكىن تاغام قاۋاقخانىدا ئازراق ئىچىۋېلىپ كەپتىكەن، كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇنىڭ دۇكانغا قانداق قاقاقلاپ كۇلۇپ كىرگەنلىكى ئېسىڭىزدىمۇ؟ قونچاقمۇ ئۇنى خېلى كۇلدۇرگەنىدى. لېكىن ئۆيگە قايتىپ بارغاندا، ھامام، ئېلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە نەرسىنى ئالماي، يوقىلاڭ قونچاقنى ئاپسىز، دەپ تاغامنى بىرمۇنچە كايىدى. بىز ھەر كۇنى كەچتە قونچاقنىڭ پۇرژىنىسىنى چىڭىتىپ قوياتتۇق، ئۇ بېشىنى ئايلاندۇرسا، ھامام بىزدىنمۇ بەكرەك كۇلۇپ كېتەتتى. بىلەمسىز، ئۇنىڭدىن سەككىز خىل مۇزىكا چىقاتتى. تۇرك موماي چىلىم چەكسە بىر خىل مۇزىكا چىقاتتى. ئۇنىڭ قىزىق يېرىمۇ شۇ ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ تۇرك موماي بەك ئوماق ئىدى، ياغلىقىنىڭ ئۇستىدە ئورغاق شەكىللىك ئاي بار ئىدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن كارل بىلەن ئالېكساندرا قايتماقچى بولۇپ سىرتقا چىقتى. يولغا چىقىشىغا كۆك كۆڭلەك، ئاسما ئىشتان كىيگەن بەستلىك بىر ئەر ئۇچرىدى. ئۇ يېڭىلا يۇگۇرۇپ توختىغان بولسا كېرەك، ھاسىراپ تۇراتتى، ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەيتتى.

ماكرى يۇگۇرۇپ بېرىپ ئۇنى بىلىكىدىن تارتىپ، مېھمانلار تەرەپكە سىلىق ئىتتىردى.

— فرانك، بۇ كارل ئەپەندى بولىدۇ.

فرانك كەڭ جىيەكلىك چىغ شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئالېكساندراغا باش لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ كارلغا گەپ قىلغاندا، مارجانەك چىرايلىق ئاپئاق چىشلىرى كۆ-

— يەنە شۇ گەپ، سىز قاچانلا بولسا باشقىلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ماڭا قارشى تۇرىسىز. بۇ يەردىكىلەر چۈپ ئورۇش ماشىنامنى ئۆزىنىڭكىدەك ئىشلىتىپ بۇ-زۇپ بولدى، چوشقىلىرىنى بىزنىڭ بۇغدايلىقىمىزغا بىخارا-مان قويۇۋېتىدۇ. چۈنكى سىزنىڭ گەپ قىلمايدىغانلى-قىڭىزنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ!

ماكرى ئۇنىڭغا قەھۋە دەملەپ كىرىش ئۈچۈن ئالدى-راپ چىقىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كىرگەندە، فرانك ئۇخ-لاپ قالغانىدى. ئۇ فرانكقا قاراپ ئۇزۇن ئولتۇردى، يۈ-رىكىنى غەم تۇمانلىرى قاپلىدى. ئاشخانىدىكى سائەت ئالتىگە داڭ ئۇرغاندا، ئۇ كەچلىك تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن، ئېشىكنى ئاستا يېپىپ چىقىپ كەتتى. ھەر قېتىم مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر بولغاندا، ئۇ تولى-مۇ ئازابلىناتتى، فرانكنىڭ قوشنىلىرىغا قوپاللىق قىلىشى-لىرى، يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن قىزىرىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى. ئۇ قوشنىلىرىنىڭ كۆڭلىنىڭ فرانكتىن قانچىلىك ئازار يەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى دەپلا فرانكنىڭ يولسىزلىقلىرىغا چىداپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ ئۇنىڭغا ئايانىدى.

7

ماكرىنىڭ دادىسى ئاربېرت توۋېسكي 70 - يىللار-نىڭ بېشىدا غەربكە كەلگەن، خېلى كاللىسى بار بوخېمى-يىلىكلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئوماخادا ئولتۇراقلىشىپ، يۇرتداشلىرىنىڭ باشلامچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇپ

چىتلاق ياساشمۇ كېلەر.

— دېگىنىڭىز ئورۇنلۇقتۇ، — دېدى ئالېكساندرا سالماقلىق بىلەن، — لېكىن مېنىڭچە بەزىدە باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ قويساق زىيىنى بولمايدۇ. خەير خوش، ماكرى، بىزنىڭكىگە بېرىڭ جۇمۇڭ.

ئالېكساندرا سالماق قەدەم بىلەن يولغا چۈشتى، كارل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

فرانك ئۆيگە كىرىپلا سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ، تامغا قاراپ يېتىۋالدى، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتلىرى يانپېشى ئۈستىگە قويۇلغانىدى. ماكرى مېھمانلارنى ئۇزۇتۇۋېتىپ كىرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قولىنى مۇرى-سىگە قويدى.

— بىچارە فرانك، بەك ئىتتىك يۈگۈرۈپ كەلگەن ئوخشايسىز، باشلىرىڭىزمۇ ئاغرىپ كەتكەندۇ تايىنلىق؟ سىزگە قەھۋە دەملەپ بېرەي - ھە.

— مەن قانداق قىلسام بولاتتى؟ — فرانك غەزىپى تېشىپ، بوخېمىيە تىلىدا ۋارقىرىدى، — قېرى مومايكەن دەپ، چوشقىلىرى بۇغدايلىقىمنى ئوكتەي - توكتەي قى-لىۋەتسە قاراپ تۇرسام بولامتى؟ مېنىڭ مىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىپ جاپا تارتىشىم مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمۇ؟

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، فرانك، مەن شىللېر موماي يەنە بىر قېتىم گەپ قىلىپ قوياي. بىراق، راستى-نى ئېيتقاندا، ئالدىنقى قېتىم چوشقىسى چىقىپ كەتكەن-دە، ئۇ يىغلىۋەتكۈدەك بولدى. ئۇمۇ ئالدىمىزدا بەك خىجالەت.

فرانك ئاچچىق بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.

سېلىپ قوياتتى، لېكىن پەقەت ماكرى بىلەن بىللە تۇرغاندا، قولياغلىقىنى ئېلىشى تېخىمۇ ئاستىلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ سەرەڭگىنى تاشلىشىغۇ تېخىمۇ باشقا گەپ. ئۇنىڭ ئاشۇ تەكەببۇر يۈرىكىنى بىر قىزنىڭ پارە - پارە قىلىۋاتقانلىقىنى ھەممە ئادەم سېزىپ بولغانىدى.

ياز ئاخىرلىرىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى، ماكرى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بوخېمىيە دەرياسى بويىدىكى بىر يىغىلىشتا فرانك بىلەن بىر سورۇندا بولۇپ قالدى، ئىككىسى بىر چۈشتىن كېيىن قېيىق ئۈزۈپ ئوينىدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ماكرى ئۇدۇللا دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ فرانك بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىنى ئېيتتى. قېرى تۇۋېسكىي يېتىشتىن ئاۋۋالقى ئەڭ ئاخىرقى تاماكىسىنى راھەتلىنىپ شوراپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ قىزىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاۋۋال بىر بوتۇلكا پىۋىنى ئالدىرىماي ئاچتى، ئاندىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ قىزىغا قاتتىق خاپا بولدى. ئۇ فرانك شارباتنى بوخېمىيىچە بىر نېمىلەرنى دېدى، بۇ، قۇرۇق سۆلەت ئەبلەخ، دېگەن مەنىدە ئىدى.

— ئۇ نېمە ئۈچۈن بىزگە ئوخشاش ئىشلىمەيدۇ؟ ئۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ئېرىبۇ تاغ جىلغىسىدا. راست، ئۇنىڭ نۇرغۇن قېرىنداشلىرى بارغۇ؟ ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانى ئاپىسىنىڭ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئاپىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ياردەملەشمەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ تاڭ ئاتماستا ئورنىدىن تۇرۇپ، يوغان تۇڭ بېسىلغان ھارۋىنى ئېتىزغا ئىتتىرىپ بېرىپ، يېسۋىلەككە سۇيۇق

قالدى. ماكرى ئۇنىڭ ئىككىنچى خوتۇنىدىن بولغان ئەڭ كىچىك قىزى، ئۇنىڭ يۈرەك تومۇرى ئىدى. ماكرى ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا توشقان، ئوماخا ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرىدىغان چاغدا، فرانك شاربات يۇرتىدىن بۇ يەرگە كەلدى، قىزلار ئۇنى كۆرۈپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى. ئۇ ناھايىتى تېزلا پۈۋا كېچىلىكىدە ھەممە قىزنى ئۆزىگە قارىتىدىغان كېلىشكەن يىگىت بولۇپ قالدى. يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇ كۆڭلىكىنى ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، سىرتىغا كۆك چاپان، بېشىغا شلەپە، قولىغا پەلەي كىيگىنىچە، بىر تال سېرىق پىلەكنى تۇتۇۋېلىپ ئەركىن يۈرەتتى، ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە تارتاتتى. ئۇنىڭ بويى ئېگىز، تېرىسى ئاق، چىشلىرى شۇنداق چىرايلىق ئىدى، سېرىق چاچلىرى قىسقا ياسىتىلغان، چىرايىدىن ھەممىنى ئۆزىدىن پەس كۆرىدىغان ئىپادە بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ خىل ئىپادە يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ئادەمگە تولىمۇ ماس كېلەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئېرىبۇ تاغ جىلغىسىدا چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىدىن قاچانلا قارىسا ئاجايىپ بىر خىل مەستانىلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ھەربىر بوخېمىيىلىك قىز بۇنى ئۆزىگە بولغان تەشنالىق دەپ چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىش ھالىتىمۇ ئالاھىدە ئىدى، مەيدە يانچۇقىدىن بىر بۇرجىكى چىقىپ تۇرغان قولياغلىقىنى ئاستا تارتىپ چىقىراتتى، ھەربىرىنى شۇنداق ئاستا ئىدىكى، رومانتىكلىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچنېمە ئۆتمەيتتى. ئۇ ئۆزىگە بىرقەدەر يارىغان بوخېمىيىلىك قىزلارغا ھەر ھالدا كۆز قىرىنى

سېلىپ يۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان، يەنە تامغا ئېسىپ قويىدىغىنى، گىرىم ئۈستىلىگە قويۇپ قويىدىغىنى، ھەتتا كىتاب ئارىسىغا قىستۇرىدىغان خەتكۈش شەكلىدىكىسى-مۇ بار. فرانسۇز ئەدەبىياتى دەرسىدە موناخ قىزنىڭ ئاچ-چىقى كېلىپ قالغاندا بۇ كېلىشكەن يىگىتنىڭ رەسىمى نەچچە قېتىملاپ يىرتىلدى.

ماكرى ئون سەككىز ياشقا توشقان تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزگۈچە، موناستىردا بىر يىل ۋاقىتنى ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزدى، ئاندىن فرانك شارباتى بىلەن ساينىت لوۋىس بىرلەشمە پويىز ئىستانسىسىدا ئۇچرىشىپ قېچىپ كەت-تى. توۋېسكىي قىزنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى (ئۆتمەيمۇ ئامالى يوققۇ)، ئۇنىڭغا ئۆزى كىچىك ۋاقتىدا ئەڭ ياخ-شى كۆرىدىغان يەردىن بىر پارچە يەر ئېلىپ بەردى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ماكرىنىڭ ھېكايىسى «چېگرا سىزىقى» تارىخىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. كارل لىندستروم ئۇ-زۇن يىللاردىن كېيىن ئالېكساندرانى يوقلاپ كەلگەندە، ماكرى بىلەن فرانكنىڭ بۇ يەردە ماكان تۇتقىنىغا بەش يىل بولۇپ قالغانىدى. فرانك كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىغى-نىدىن ھەر ھالدا ياخشى چىققانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ياۋايىلىقىنى يەرگە قاراتتى. ئۇ يىلدا بىر قېتىم خاسىدىن ياكى ئوماخاغا بېرىپ قانغۇچە ئويناپ كېلەتتى. بىر-ئىككى ھەپتە ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن خۇددى ئالۋاس-تىدەك ئىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. ئۇ ئىشنى ھەقىقەتەن ياخشى قىلاتتى. ئەگەر كۆڭلى بىر نېمىدىن رەنجىسە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى.

ئوغۇت چىچىۋاتقانلىقىنى مانا مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. بىچارە ئېۋا شارباتنىڭ قوللىرىنىڭ قانداق بو-لۇپ كەتكەنلىكىنى مەن بىلمەيمەنمۇ، بەئەينى قېرى ئات-نىڭ تۇيىقىدەك يېرىك! ئەمما بۇ ئەبلەخ بولسا قوللىرىدا پەلەي، تېخى ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ يۈرۈپ كېتىدۇ! تې-خى توي قىلىشقا پۇتۇشتۇم دەڭ، گېپىنىڭ چىرايلىقلىقى-نى! سىزنى مەكتەپتىن چىقارمايدىغان گەپكەن، ھەممە چاتاق شۇنىڭدىن چىقتى. سىزنى سايىنت لوۋستىكى «مۇ-قەددەس يۈرەك» موناستىرىغا ئاپىرىپ بەرمىسەم بولمىغۇ-دەك، ئىشنىڭ يولىنى سىزگە شۇلار ئۆگەتسۇن!

شۇنداق قىلىپ، كېيىنكى ھەپتىسىلا ئاربېرت تو-ۋېسكىي چىرايى تاتارغان، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇر-غان قىزىنى ئېلىپ، دەريا ياقىلاپ پەسلەپ كېتىدىغان يول بىلەن موناستىرغا ئاپىرىۋەتتى. فرانكىنىڭ بىر مىجەزى، ئەگەر ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى ئالغۇزماقچى بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا، سەن ئۇ نەرسىنى ھەرگىز قولغا چۈشۈرەلمەيسەن، دەپلا قويسىڭىز بولىدۇ. ئۇ ماكرى كېتىشتىن ئىلگىرى بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆ-رۈشتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ ماكرىغا شۇنداقلا كۆيۈپ يۈرگەنىدى، ئەمدى بولسا ماكرى ئۈچۈن ھەرقانداق تو-سالغۇنى يېڭىش نىيىتىگە كەلدى. ماكرى فرانكىنىڭ بىر-مۇنچە سۈرىتىنى چامادانىنىڭ ئىچىدىكى قاپچۇققا سېلىپ موناستىرغا ئېلىپ كەتتى. بۇ فرانكىنىڭ بىر چۈشتىن بۇرۇن تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. رەسىملەردە سېغىنىش ئازابىدا پۇچۇلىنىۋاتقان چىرايى تولۇق ئىپادى-لەنگەنىدى. يۇمىلاق شەكىلدىكى رەسىم ماكرىنىڭ يېنىغا

مۇنچە خاپا بولاتتى. ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ئىشى يوق ئىدى، پۇلدارلارنىڭ رەزىللىكلىرى، ئەخمىقانە ئىشلىرى توغرۇلۇق ئاغزى بىسىلماي سۆزلەپلا يۈرەتتى: ئۇلارنىڭ سوتقا قانداق پارە بەرگەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ خوجىدارلىرىنى قانداق خالىغانچە ئىتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئوخشاش ئىشلار. فرانك بىلەن روئې بوگسىنىنىڭ سىياسىي كۆزقارىشى ئوخشايدۇ، ئىككىسى ناھىيىنىڭ تەشۋىقاتچىسى.

ئەتىسى ئەتىگەنلا ھاۋا سوتتەك ئىچىلىپ كەتتى، لېكىن فرانك، يەر ھۆل، ھەيدىگىلى بولمايدۇ، دەپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ساينت ئاگنىسقا كەتتى، موسىس ماسىسىرنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ماكرى ئارقىغا چىقىپ سىرىق ماي ئىشلەشكە باشلىدى، شامال چىقىپ، توپ ـ توپ ئاق بۇلۇتلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. باغدىكى كۆچەتلەر قۇياش نۇرى ئاستىدا ئىرغاڭلايتتى. ماكرى بىر قولىنى كۈپىنىڭ ئاغزىغا قويۇپ، غۇۋا بىر خىل تەشنالىق ئىچىدە باغ تەرەپكە قارايتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا جاراڭلىق قوڭغۇراق ئاۋازى ۋە چالغىنى قايراۋاتقان لەرزان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ئۇنى جايىدا تۇرغۇزمىدى. ئۇ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ يوپكىسىنى ۋە ئىرىنىڭ ئۆتۈكىنى كىيدى، بىر چېلەكنى ئېلىپ باغقا قاراپ يۈگۈردى. ئامى ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن، ھە دەپ چۆپ چېپىۋاتاتتى. ئۇ ماكرىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىشتىن توختاپ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتى. ئۇنىڭ ئىشتىنى تىزىغىچە ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

ــ ئىشىڭىزغا تەسىر يەتكۈزمەي، ئامى، مەن

ئالېكساندرا شاربات ئائىلىسىگە بارغان كۈنى كەچتە قاتتىق يامغۇر ياغدى. فرانك كىچە بىر ۋاقىتچە گېزىت كۆرۈپ ئولتۇردى. گېزىتكە گوئولد ئائىلىسىدىكى بىر-رەيلەننىڭ ئاجرىشىش دەۋاسى توغرۇلۇق خەۋەر بېسىلغا-نىدى، فرانك بۇنى ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ قارى-دى. گېزىتخانا مۇھەررىرى ئۇ يىگىتنىڭ ئائىلە ئەھۋال-نى پىششىق بىلىدىغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ كەسپى، كى-رىمى ۋە پۇلنى نەلەرگە خەجلەيدىغانلىقىنى ناھايىتىمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرغانىدى. فرانك ئىنگلىز يېزىقىنى تو-لىمۇ ئاستا ئوقاتتى، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئوقۇغانسېرى ئوغد-سى قاينىدى، ئاخىرىدا نېمىدۇ دەپ غۇدۇراپ گېزىتنى يەرگە تاشلىدى، ئاندىن بىر چەتتە گېزىت كۆرۈۋاتقان يىللىقچىلارغا بۇرۇلدى.

— خەپ، بۇ ئەبلەخ ماڭا ئايرىم بىر ئۇچراپ قالغان بولسا تازا بىر ئەدىپىنى بېرىپ قوياتتىم! ئۇنىڭ پۇلنى قانداق خەجلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، — فرانك ئۇنىڭ كەيپ - ساپاغا خەجلىگەن پۇللىرىنىڭ سانىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ماكرى چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. ئۇ گوئولد ئائىلىسى-نىڭ بەختىنىلا تىلەپ كەلگەنىدى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا ئاز بولمىغان كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى تېپىپ بەردى، ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قويدى. ئۇ يەكشەنبە كۈنلۈك گېزىتنى ئۆيگە ئەكېلىشنى خالىمايتتى. فرانك پۇلدارلارنىڭ خە-ۋەرلىرىگە بەك قىزىقاتتى، لېكىن ئوقۇغاندىن كېيىن بىر-

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ گىلاسلارنىڭ چېلەككە توروكلاپ چۈشۈۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ چالغىسىنى ئۈينىتىشقا باشلىدى. ئۇ سولنى كەڭ ئېلىپ، چالغىنى رىتىملىق تارتاتتى، بۇ خېلى - خېلى ئامېرىكا يىگىتلىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ماكرى قانداقتۇر ئاھاڭغا غىڭشىغىنىچە شاختىكى گىلاسلارنى پاكىز ئۈزۈۋاتاتتى. بەزىدە يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ بوينى ياكى چېچىغا چۈشۈپ، تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. ئامى چۆپنى گىلاس دەرىخى تەرەپكە قارىتىپ چېپىشقا باشلىدى.

ئۇ يىلى يازدا يامغۇر تولىمۇ مول بولدى، دېگەن ۋاقىتتا يېغىپ بەردى. شارابات ۋە ئۇنىڭ يىللىقچىلىرى قوناقلىرىنى يىغىشتۇرالماي قالدى. شۇڭا باغقا قارىغۇدەك چولىسى تەگمەي، شۇ پېتى تاشلاپ قويدى. باغنى ياۋا ئوتلار بېسىپ كەتكەنىدى. فرانك ئۈرۈك دەرىخىنىڭ جەنۇبىغا بېدە تېرىۋەتكەنىدى، بېدىلىكتە قاچانلا قارىسا ئاق ۋە سېرىق كېپىنەكلەر لەرزان ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئامى چۆپنى چېپىپ، قاشانىڭ يېنىدىكى ئۈيمانلىقنىڭ بۇرجىكىگە بارغاندا، ماكرى يېنىدا بىر چېلەك گىلاس، مەيىن دولقۇنلىنىپ تۇرغان بۇغدايلىقىقا قارىغىنىچە ئاق ئۇجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى.

— ئامى، — دېدى ماكرى تۇيۇقسىز (ئامى ئۇنىڭغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن دەرەخ ئاستىدىكى چۆپلەرنى ئاستا چېپىۋاتاتتى) ، — شۇھېتسىزلىكلەر خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرى قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولغىيدى؟

گىلاس ئۈزگىلى كىرگەن. يامغۇردىن كېيىن ھەممە نەر-
سە شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنداقمۇ؟ بۇ
يەرنىڭ چۈپلىرىنى چېپىۋەتكىنىڭىز بەك ياخشى بولدى.
كېچە يامغۇر ياغقانلىقىنى ئاڭلاپ سىزنى بۇگۈن كېلىپ
قالارمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. بوران ئاۋازىدىن ئويغىنىپ
كەتتىم، تازىمۇ قاتتىق چىققىغۇ بوران ـ ھە؟ ياۋا ئەتىر-
گۈلنى يۇراپ بېقىڭا، ھەر قېتىم يامغۇردىن كېيىن ئۇ
شۇنداق گۈپۈلدەپ پۇراپ كېتىدۇ. ئىلگىرى بۇ يەردە
ئەتىرگۈل مۇنچە كۆپ ئەمەس ئىدى، يامغۇرنىڭ كۆپلۈ-
كىدىنمۇ، بىلمىدىم، بەكلا ئاينىپ كەتتىغۇ. ئۇلارنىمۇ
چېپىۋېتەرسىزمۇ؟

— چۆپنى چاپقاندىن كېيىن ئۇلارنىمۇ چېپىۋېتىدى-
غان گەپتە، — دېدى ئامى ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ، —
نېمە بولدى، بىر ئىشقا ئالدىراۋاتقاندەك كۆرۈنىسىزغۇ؟

— سىزگە شۇنداق كۆرۈندۈمۇ؟ بۇ يامغۇر پەسلى-
دە شۇنداق كۆرۈنگەندىمەن تايىنلىق. قاراڭ، ھەممە نەر-
سە شۇنداق تېز ئۈسۈۋاتىدۇ، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدۇ.
مانا بۇ چۆپلەرنىمۇ چېپىۋېتىدىغان بولدىڭىز! ئەگەر ئە-
تىرگۈللەرنى زادى چېپىۋەتمىسەم بولمايدۇ دېسىڭىز، خا-
پا بولماي ئەڭ ئاخىرىدا چاپارسىز. ھە، مەن ھەممىسىنى
شۇنداق قىلىڭ دېمەكچى ئەمەس، ئاۋۇ دەرەخ ئاستىدىكى-
سىنى دەۋاتىمەن، ئۇ يەردە بەك كۆپ ئىكەن. ئۈستۈۋېشى-
ڭىز بەك ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ! قاراڭ، چۆپلەرنى ئۇمۇ-
چۇك تورى بېسىپ كېتىپتۇ. خوش ئەمىسە، ئەگەر يىلان
ئۇچراپ قالسا سىزنى ۋارقىرايمەن.

ماكرى يېنىك قەدەم بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى. ئامى

بىلەن ياشايدۇ. ماڭا بۇ دەرەخ مەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئويلىغان ھەممە ئىشنى بىلىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە، ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپ ئولتۇرۇشۇم كېتمەيدۇ؛ بۇرۇن خىيالىم قەيەردە ئۈزۈلۈپ قالغان بولسا، شۇ يەردىن داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋېرىمەن.

ئامى بۇنىڭغا ئارتۇق بىر نېمە دېيەلمىدى. ئۇ شاخقا قولىنى ئۇزىتىپ، بىر بېشى سەل قىزارغان، ئاق مارجاندەك چىرايلىق مېۋىلەرنى ئۈزۈشكە باشلىدى. بۇ مېۋىلەر يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ياز بويى ئۇنىڭغا ھېچكىم قارىمايدۇ. ئامى بىر ساپاق مېۋىنى ماكرىنىڭ قوچىقىغا ئاتتى.

— سىز كارل ئەپەندىنى ياقتۇرامسىز؟ — ماكرى تۇيۇقسىز سورىدى.

— ياقتۇرىمەن، سىزچۇ؟

— مەن بەك ياقتۇرىمەن. لېكىن ئۇ ماڭا ئوقۇتقۇچىدەك ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ فرانكتىن خېلىلا چوڭ. مەن 60 ياشتىن ئۇزاق ياشاشنى خالىمايمەن، سىزچۇ؟ سىزنىڭچە، ئالېكساندرا كارلنى بەك ياخشى كۆرەمدۇ قانداق؟

— مېنىڭچە ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار كونا دوستلاردىن ـ دە.

— ھەي، ئامى، سىز مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز! — ماكرى جىلە بولۇپ بېشىنى سىلكىپ قويىدى، — ئالېكساندرا كارلغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلەمدۇ؟ ئۇ ھەر قېتىم كارلنىڭ گېپىنى قىلغاندا، مەن ئۇنى

ئامى ئىشتىن توختاپ قەددىنى رۇسلىدى.

— بۇنى بىلمەيدىكەنمەن، مېنىڭچە گېرمانىيىلىك-لەردىن پەرقلىنىپ كەتمىسە كېرەك، سىزچە قانداق؟

ماكرى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىلەمسىز، بوخېمىيىلىكلەر دىن تارقاتقۇچىلار كېلىشتىن ئىلگىرى دەرەخكە ئېتىقاد قىلاتتىكەن. داداڭ-نىڭ دېيىشىچە، تاغلىقلار هازىرمۇ بەزىدە غەلىتە ئىشلار-نى قىلىدىكەن. ئۇلار، دەرەخ كىشىلەرگە ئاپەت، ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئىشىنىدىكەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئامى، ئۆزىنى چوڭ تۇتقاندەك بىر هالەتتە، — ئۇنداقتا مېنىڭ بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، قايسى دەرەخلەر ئادەمگە ئامەت ئېلىپ كېلىدىكەن؟

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، لېكىن پىكوس دەرىخى-نىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. تاغدىكى بوۋايلار پىكوس تىكىش ئارقىلىق ئورمانلىقنى پاكلاشتۇرىدۇ، غەيرىي دىندىكىلەر دەۋرىدىن قېپقالغان قېرى دەرەخلەردى-كى سېھىرلەرنى قوغلايدۇ. مەن ھەقىقىي كاتولىك مۇخلى-سى، لېكىن ئەگەر ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قالسام، دەرەخلەرنى ياخشى ئاسراپ بولسىمۇ كۈنۈمنى ئېلىپ كېتەلەيمەن، دەپ ئويلايمەن.

— ئۇ چاغدا بەك بىچارە بولۇپ قالماسىز، — دېدى ئامى ئېڭىشىپ ھۆل چۆپكە قولىنى سۈرتكەچ.

— نېمىشقا؟ لېكىن مەن مۇشۇنداق ئويلايمەن! مەن دەرەخلەرنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى ئۇلار باشقا نەرسى-لەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قانائەتچان، شۈكۈر - قانائەت

چالغىنى تىڭلەپ يۈلىنىپ تۇردى، — مېنىڭ بۇ قوملۇق ئىچىدە بىر ئۆمۈر ئافىدەك ياشاپ ئۆتۈپ كېتىشىمنى خالامسىز؟

ماكرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇ-نىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن پۇچقىقىغا قارىغىنىچە:

— مېنىڭچە ئالېكساندرا سىزنىڭ بۇ يەردىن كېتى-شىڭىزنى خالىمايدۇ، — دېدى.

— ئۇنداقتا، ئالېكساندرانى نائۇمىد قويغۇدەكمەن، — دېدى ئامى قوپاللىق بىلەن، — مەن بۇ يەردە پالاستەك سۆ-رۆلۈپ يۈرۈپ نېمە قىلىمەن؟ مەن بولمىسامۇ ئالېك-ساندرا بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى گۈلدەك باشقۇرۇپ كې-تەلەيدۇ. مەن بىكار تەلەپ بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن، ئۆز ئالدىمغا بىرەر ئىش قىلىشىم كېرەك.

— مۇنداق گەپ، — دېدى ماكرى ئېغىر تىنىپ قو - يۇپ، — قىلىمەن دېسىڭىز نۇرغۇن ئىشلار تۇرۇپتۇ، نې-مىنى قىلغۇڭىز كەلسە شۇنى قىلالايسىز.

— مەن قىلىشقا بولمايدىغانمۇ نۇرغۇن ئىشلار بار، — دېدى ئامى مەسخىرە تەلەپپۇزىدا ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن، — بەزىدە ھېچقانداق بىر ئىشنى قىلغۇم كەلمەيدۇ، بەزىدە يەنە «چېگرا سىزىقى» نىڭ تۆت بۇرجىكىدىن تۇتۇپ، — ئۇ قوللىرىنى سوزۇپ يەنە شارتتىدە يىغدى، — خۇددى داستىخان قاتلىغاندەك قاتلاۋەتكۈم كېلىدۇ. مەن ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ بىر خىللا ھالەتتە كېلىپ - كېتىپ يۈرگەنلىكى-نى كۆرسەم ئىچىم شۇنداق سىقىلىدۇ.

ماكرى ئۇنىڭ ئۆزىگە ھازىرلا سوقۇشىدىغاندەك ئەل-پازدا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چىرايى تۇتۇلدى.

كارلنى ياخشى كۆرىدىكەن دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— كىم؟ ئالېكساندرامۇ؟ — ئامى قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى، — ئالېكساندرا ئۆمرىدە بىرەرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان، ئېلىشىپ قالغاندەك گەپ قىلىدىكەنسىز! — ئۇ يەنە كۈلۈپ كەتتى، — ئۇ قانداق مۇھەببەتلىشىشنىمۇ بىلمەيدۇ. يوقىلاڭ بىر نەرسىلەرنى ئويلايدىكەنسىز.

— ھىم، — دېدى ماكرى مۇرىسىنى ئېتىپ قويۇپ، — سىز ئۆزىڭىزچە ئالېكساندرانى چۈشىنىمەن دەپ ئويلامسىز؟ قارىسام پەقەتلا چۈشەنمەيدىكەنسىز! ئەگەر كۆزىڭىز بولغان بولسا، ئۇنىڭ كارلنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقىغان بولاتتىڭىز. ئەگەر ئۇ كارل بىلەن قېچىپ كەتسە، كارامىتىڭلارنى شۇ چاغدا كۆرەتتىم. مەن كارلنى ياقتۇرۇپ قالدىم، چۈنكى، ئۇ ئالېكساندرانىڭ ئارتۇقچىلىقىنى سىزگە قارىغاندا بەكرەك بىلىدىكەن.

ئامى قوشۇمىسىنى تۈردى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ماكرى؟ ئالېكساندرانىڭ ياخشىلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن، ئىككىمىز شۇنداق چىقىشىپ ئۆتىمىز. ئۇنىڭدىن ئارتۇق قانداق قىلسام بولىدۇ؟ مەن كارل بىلەن بىر پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ نيۇ - يوركتا نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپ باقماقچىمەن.

— ھەي، ئامى! سىزنىڭ بۇ يەرنى تاشلاپ نيۇ - يوركقا كېتىش خىيالىڭىز يوقتۇ؟

— بۇنىڭ نېمىسى بولمايدىكەن؟ مەن بەرىبىر بىر يەرگە كېتىشىم كېرەككۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — يىگىت

ماكرى ئىككى قولىنى جۈپلەپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن ھاياجان ۋە ئەلەم نۇرلىرى چاقنايتتى.

— بىراق، ئامى، ئەگەر مەن چۈشەنسەم، بىزنىڭ بارلىق گۈزەل چاغلىرىمىز بەربات بولىدۇ، بۇنىڭدىن كې-يىن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى بىرلىكتە قىلالمايمىز. بىز-نىڭ ئىش - ھەرىكىتىمىز كارل ئەپەندىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك. يەنە كېلىپ، ئەسلىدىنلا چۈشەنگۈدەك ئىش يوق، — ئۇ كىچىك پۇتلىرى بىلەن يەرنى كۈچەپ تېپىپ قويدى، — بۇ ئىش ئۇزۇنغا بارمايدۇ، پۈتۈنلەي غايىب بولىدۇ، ھەممە ئىش كونا ئىزىغا چۈشىدۇ. مەن سىزنىڭ كاتولىك دىنى مۇرىتى بولۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلى-مەن، دىنىي جەمئىيەت سىزگە ياردەم قىلىدۇ، راستىنىلا ياردەم قىلالايدۇ. مەن سىز ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمەن، لېكىن ئۆزىڭىز ئىبادەت قىلغىنىڭىز تېخىمۇ ياخشى.

ماكرى ناھايىتى ئىتتىك سۆزلىدى، تەلەپپۇزىدىن، كۆزلىرىدىن ئۆتۈنۈش چىقىپ تۇراتتى. ئامى ئۇنىڭغا قا-رىغىنىچە قېتىپ تۇراتتى.

— مەن ئۆزۈم ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرى-شىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلالمايمەن، — دېدى ئۇ ئالدىرى-ماي سۆزلەپ، — لېكىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ ئىبادەت قىلالمايمەن. دوزاخقا تاشلىنىدىغان ئىش بولسى-مۇ ئۇنداق قىلمايمەن.

ماكرى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ قوللىرىنى سىقتى.

— ئاھ، ئامى، ئۇنداق قىلماڭ، بولمىسا بىزنىڭ

— مۇنداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلماڭ، ئۇنداق ئىشلار-
غىمۇ مۇنداق چېچىلماڭ، — دېدى ئۇ ئازابلانغان هالدا.
— بۇ گېپىڭىزگە رەھمەت، — دېدى ئامى سوغۇقلا
قىلىپ.
ماكرى مەيۇسلەنگەن هالدا ئۇھ تارتىپ قويدى.
— مېنىڭ ئادەتتىكى گەپلىرىممۇ سىزنى خاپا قىلىپ
قويىدىغان بولدى، شۇنداقمۇ؟
ئامى ئالدىغا بىر قەدەم ئېلىپ، يەرگە قاراپ تۇرغان
ماكرىغا قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە قارىدى. ئامى خۇددى
مۇداپىئەدە تۇرغاندەك، ئىككى پۇتىنى كېرىپ، تۈگۈلگەن
مۇشتلىرىنى ئىككى تەرىپىگە تاشلاپ تۇراتتى، ئۇچۇق
بىلىكىدىكى كۆكۈچ تومۇرلار كۆپۈپ چىققانىدى.
— مەن ئەمدى خۇددى كىچىك بالىدەك سىز بىلەن ئوينى-
يالمايمەن، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەپ، — سىزنىڭ
قىيالمايۋاتقان نەرسىڭىزمۇ مۇشۇ، ماكرى. ئەمدى ئۆزد-
ڭىز بىلەن ئوينايدىغان باشقا بىر كىچىك بالىنى تېپىۋال-
سىڭىز بولىدۇ، — ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، پەس ئا-
ۋازدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، بەك هاياجانلىنىپ كەتكەچ-
كە، تەلەپپۇزى تەھدىت تۇسىنى ئالغانىدى، — بەزىدە
ھەممىنى چۈشەنگەندەك قىلىسىز، بەزىدە ھېچنېمىنى
چۈشەنمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالىسىز. مۇنداق ساختىلىق-
نىڭ پايدىسى يوق. مەن ئەنە شۇنداق چاغلاردا مېنىڭ
«چېگرا سىزىقى»نى تۆت بۇرجىكىدىن تۇتۇپ قاتلىۋەت-
كۈم كېلىدۇ. ئەگەر چۈشىنىشنى خالىمىسىڭىز، مېنىڭ
مىجەزىمنى بىلىسىز، مەن ھەر ئامال بىلەن چۈشىنىدىغان
قىلىمەن!

تېرىسىنىڭ تېگى - تېگىدىن ئاقلىق چىقىپ تۇرىدۇ، چىشلىرى ئاپئاق. ساينت ئاگنېسىنىڭ يىگىتلىرى ئىككى ھەپتىدىن كېيىن خاسدىن توققۇزىنچى ئەترىتى بىلەن مۇ-سابىقىگە چۈشىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئۈمىدى ھەرىكىتى چاقماقتەك تېز ئامېردادا. بۇ پاكار فرانسىيىلىك توپنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوينايدۇ.

— ئەگەر ئالىي مەكتەپتە بولغان بولساڭ، مەكتەپ توپ ئەترىتىنىڭ ئالدى بولغان بولاتتىڭ - دە، مېردا[1]، — دېدى ئامى ئۇنىڭ بىلەن توپ مەيداندىن تاغ ئۈستىدىكى چېر-كاۋغا كېتىۋېتىپ، — سەن ھازىر توپ ئۇرۇشقا تېخىمۇ ئۇستا بولۇپ كېتىپسەن.

ئامېردا چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ قويدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە. ئەمدى ئۆيلەنگەن-دىن كېيىن بۇرۇنقىدەك كاللىغا كەلگەننى قىلىپ يۈرگى-لى بولمايدىغۇ، — ئۇ ئامىغا يېتىشىپ كېلىپ، مۈرىسى-گە ئۇرۇپ قويدى، — ھەي، ئامى، تېزرەك توي قىلغۇال! ئۆمرۈڭدە ئۇنداق خۇشاللىقنى تاپالمايسەن!

— قىز بولمىسا قانداق توي قىلىمەن؟ — دېدى ئامى كۈلۈپ.

— ھەي! — دېدى ئامېردا ئۇنى قولتۇقلاپ، — توي قىلىمەن دېسەڭ ساڭا قىز كەممۇ. سەن ياخشىسى چىراي-لىق بىر فرانسۇز قىز بىلەن توي قىل. ئۇلار ئەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئوچۇق - يورۇق كېلىدۇ. قارا، — ئۇ بارماقلى-رىنى پۈكۈپ ساناشقا باشلىدى، — سېرۋېلىن، ئالفىن-

---

① مېردا — ئامېردانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

بارلىق گۈزەل چاغلىرىمىز بەربات بولىدۇ.

— شۇنداق، بەربات بولدى. مۇشۇنداق بولىدىغىنىدىغمۇ مېنىڭ كۆزۈم يەتكەن.

ئامى چالغىنى ئېلىپ چۈپ چېپىشقا باشلىدى. ماكرى گىلاس قاچىلانغان چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئازابلانغان هالدا يىغلاپ كېتىۋاتاتتى.

9

كارل لىندستروم كېلىپ بىر ئايدىن كېيىنكى بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئامى بىلەن فرانسىيە كەڭتىگە ئاتلىق بېرىپ، كاتولىك دىنىنىڭ خەير - ساخاۋەت يىغىلىشىغا قاتناشتى. ئۇ چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىنىڭ كۆپرەكىنى خەير - ساخاۋەت يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلگەن چېركاۋنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە ماكرى شاربات بىلەن مۇگدىشىش ياكى يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى تاغقا تۇتىشىدىغان تاشيولدا سەيلە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. فرانسىيىلىك باللار ئۇ يەردە سەكرەپ، چېلىشىپ، دەخسە تاشلىشىپ ئويناۋاتاتتى. بىرنەچچە بالا ئاق رەڭلىك قورغان توپ تەنهەرىكەت كىيىمى كىيىۋالغانىدى. ئۇلار يېڭىلا پەستىكى مەيداندا يەكشەنبىلىك مەشىقنى تۈگىتىپ چىققانىدى. ئاۋۇ يېڭى توي قىلغان ئامېردا، ئامىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، قورغان توپ ئويناشتا كەنت بويىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق. ئامېردانىڭ بويى پاكار، ئامىدىن بىر ياش كىچىك، چىرايىدىن باللىقىنىڭ ئىزنالىرى كەتمىگەن، هەرىكىتى چاققان، كەسكىن، پارقىراق

— ھەي! — دېدى ئۇ پەركايى ئۇچۇپ، — مەن پۈتۈن فرانسۇز قىزلارنى ساڭا يېقىن يولىمايدىغان قىلىۋەتمىسەم! بۇنىڭ ئىچىدىكىسى يۈرەك ئەمەس، بىر پارچە تاش ئىكەن، — ئۇ باش بارمىقى بىلەن ئامىنىڭ سول كۆكرىكىگە نوقۇپ قويدى.

ئۇلار چىركاۋنىڭ يېنىدىكى قاپتالغا كەلگەندە، ئامېردانىڭ توپ مەيداندىكى ئەسەبىيلىكى تېخى بېسىلمىغانىدى. ئۇ ئامى بىلەن ئېگىزگە سەكرەشتە مۇسابىقىلەشمەن دەپ تۇرىۋالدى، بولمىسا ئۆزىنىڭ يېڭىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئىككىسى بەل تاسمىلىرىنى چىگىتتى. ئىككى يىگىت ئارغامچىنى ئىككى ئۇچىدىن تارتىپ تۇردى، فرانسۇز يىگىتلەر ئەتراپقا ئولىشىپ ئۇلارغا تۆۋلىشىپ بەردى. ئامى ياكى ئامېردا ئارغامچىدىن سەكرىگەندە، ئۇلار خۇددى ئۇلارنى كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك، بەللىرىنى ئىختىيارسىز ئېگىشەتتى. ئامى بەش يېرىم چى ئېگىزلىكتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە سەكرىسەم كەچلىك تاماقتا ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ قالىدۇ، دەپ سەكرىمەي تۇرىۋالدى.

ئامېردانىڭ يېڭى ئالغان چىرايلىق خوتۇنى ئانىرك (ئۇ ئۆڭگى يوق، ئالتۇن چاچ قىز) بۇ تاماشىنى كۆرگىلى چىققانىدى. ئۇ ئامىغا بېشىنى سىلكىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى.

— مېردانىڭ سىزدەك بويى بولغان بولسا، سىزدىن ئېگىز سەكرىيەلىگەن بولاتتى. شۇنداقتىمۇ سىزدىن چىرايلىق سەكرەيدۇ، قۇشتەك يېنىك سەكرەيدۇ. سىزچۇ؟ سەكرىسىڭىز ھەممە ئادەم بەللىرىنى ئىختىيارسىز ئېگىدۇ.

سان، جوزېفىن، ئېكدولىن، لۇئىس، مالۋىنا. . . راست دەۋاتىمەن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك بىر-بىرىدىن ئېسىل قىزلار! ئۇلارغا بىرنېمە دەپ باقساڭ بولمامدۇ؟ سەن ئۆزۈڭچە باشقىلارنى ياراتماي يۈرەمسەن ياكى بىرەر چاتىقىڭ بارمۇ، ئامى؟ يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرىپمۇ بىرەر قىز بالىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىغان ئوغۇل بالىنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ياكى باستىر بولغۇڭ بارمۇ؟ لېكىن مەن ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن! — ئامېرادا كۆرەڭلىك بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن بۇ دۇنياغا كاتولىك مۇرىتلىرىدىن كۆپرەك يارىتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن دىنىي جەمئىيەتكە مۇشۇ يول بىلەن ياردەم قىلماقچى.

ئامى يەرگە قاراپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

— بەس، يەنە پو ئاتقىلى تۇردۇڭ، مېردا. سىلەر فرانسۇزلار زادى پوچى كېلىسىلەر.

بىراق ئامېردا يېڭى توي قىلغان، تازا ئوت ۋاقىتلىرى بولغاچقا، ئاسانلىقچە بولدى قىلمايتتى.

— راست گەپ قىلغىنا، ئامى، ساڭا ھېچقايسى قىز يارىمامدۇ؟ ياكى لىنكولىندا بىرەر ئېسىلزادە خانىمغا كۆزۈڭ چۈشۈپ قالغان بولسا، — ئامېردا قولىنى ئالدىرىماي پۇلاڭلىتىپ، تاش يۈرەك ساھىبجامالنىڭ يەلپۈگۈچ يەلپۈۋاتقان ھالىتىنى دورىدى، — شۇنىڭدىن مېھرىڭنى ئۇزەلمەي يۈرىسەن، تاپتىممۇ؟

— بەلكىم، — دېدى ئامى.

لېكىن ئامېردا ئاغىنىسىنىڭ چىرايىنىڭ يەنىلا ئېچىلمىغانلىقىنى كۆردى.

سىياتنى ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يوشۇرۇپ يۈرەتتى؛ بىرىگە شۆنچىلىك زور بەخت ئېلىپ كەلگەن نەرسە، يەنە بىرىگە شۆنچىلىك ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇمۇ بىر ئاجايىپ ئىشكەن. ئۇ بۇنى ئالېكساندرا ئەتىيازدا قوناقنى تەجرىبە قىلىپ تەرگەن چاغدىكى ئەھۋالغا ئوخشىتىپ قالدى: قاتار قىلىپ ئىككى تال ئۇرۇق تېرىلغان، بىرى قۇياش نۇرىغا يۈزلىنىپ جانلىق ئۆستى، كەلگۈسىگە يۈزلەندى، لېكىن يەنە بىرى تۇپراق ئاستىدىن چىقالماي سېسىپ كەتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ.

## 10

ئامى بىلەن كارل بازاردا ئويناپ يۈرگەندە، ئالېكساندرا ئۆيىدە نەچچە كۈندىن بېرى قارىيالمىغان ھېساباتنى رەتلەش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ ھېساباتنى تۈگىتەي دېگەندە، ھويلا ئالدىدا ھارۋا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ دېرىزىدىن بويۇنداپ قارىدى، ئىككى ئىنىسى كەلگەنىدى. بىر ئاي ئىلگىرى كارل كەلگەندىن بېرى، ئۇلار ئالېكساندرادىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. ئالېكساندرا دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، بىر قاراپلا، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سەزدى. ئۇلار گەپ - سۆز قىلماي، ئالېكساندرانىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى. ئوسكار ئولتۇردى، لېكىن روئې دېرىزە ئالدىغا بېرىۋېلىپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلغىنىچە ئۆرە تۇرۇۋالدى.

— ھىم، مەن شۇنداقمۇ؟ — ئامى ئانچىركنى تۇتۇ-
ۋېلىپ، ئۇنىڭ ئادەمنى بوش قويۇۋەتمەيدىغان ئېغىزىغا
سۆيدى. ئانچىرك كۆلگىنىچە تىپىرلاپ ۋارقىرىدى:
— مېردا، مېردا!
— قاراڭ، قاراڭ، مېرداريڭىز سىزنى مېنىڭ قولۇم-
دىن قۇتۇلدۇرۇشقىمۇ يارىمايدۇ. ئەگەر سىزنى ئېلىپ
قېچىپ كەتسەم، ئۇ يىغلاپ ئولتۇرۇشتىن باشقىنى بىل-
مەيدۇ. ئەمدى سىزگە ماڭا بەللىرىنى ئېگىش كېتەمدۇ -
كەتمەمدۇ، بىر كۆرستىپ قوياي، — ئۇ كۈلۈپ، ھاسى-
رىغىنىچە ئانچىركنى كۆتۈرۈپ مەيداننى بويلاپ يۈگۈ-
رۈشكە باشلىدى. يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە ماكرى
شارباتنىڭ يولۋاسنىڭكىدەك ئوتلۇق كۆزلىرىنى كۆرگەن-
دىلا، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئانچىركنى ئېرىگە
تاشلاپ بەردى، — ئەمدى ۋاقتىدا ياخشى ئادىمىڭىزنى تې-
پىۋېلىڭ، سىزنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىشنى خالىمايمەن.
ئانچىرك ئېرىگە مەھكەم چاپلىشىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ
مۈرىسىدىن ئامىغا قاراپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى.
ئانچىركنىڭ خوجايىنلارغا خاس قىياپىتى، ئامېردانىڭ
ئۇنىڭغا ئۆزى خالاپ بويسۇنۇشى ئامىغا قىزىقارلىق تۇ-
يۇلدى. ئۇ ئاغىنىسىنىڭ بەختىدىن خۇشال بولدى. ئۇ
ئامېردانىڭ ئوچۇق - يورۇق، تەبىئىي ۋە بەختلىك مۇھەب-
بىتىنى كۆرۈشنى ھەم ئويلاشنى ياخشى كۆرەتتى.
ئۇ ئامېردا بىلەن ئون ئىككى يېشىدىن تارتىپلا بىللە
ئات مىنىپ، چېلىشىپ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. يەك-
شەنبە ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئۇلار دائىم بىللە ئۆتكۈ-
زەتتى. ھازىر بولسا، ئامېردا پەخىرلىنىپ يۈرگەن ھېس-

كەسكىنلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى:
— يىگىتلەر، ياخشىسى بۇ گەپ مۇشۇ يەردە توختىسۇن، بولمىسا ئارقىسى ياخشى بولمايدۇ. مۇنداق ئىشلاردا مەن باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشىگە موھتاج ئەمەس. بىلىمەن، سىلەر ماڭا ياخشى بولسۇن دەيسىلەر. لېكىن مۇنداق ئىشلاردا ماڭا ئىگە بولىمەن دەپ تۇرۇۋالماڭلار. مۇنداق پاراڭلاشساق كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىشتىن باشقا ئىش يوق.
روئې دېرىزە تۈۋىدىن ئېتىلىپ كەلدى.
— سەن جەمەتىمىزنى ئويلاپ قويۇشۇڭ كېرەك. سەن ھەممىمىزنى كۆلكىدە قويۇۋاتىسەن.
— قانداقسىگە؟
— خەق سېنى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىكەن دەپ گەپ تېپىپتۇ.
— ياخشىغۇ. شۇنداق بولسا بۇنىڭ كۆلگۈدەك نېمىسى بار ئىكەن؟
روئې بىلەن ئوسكار غەزىپىنى باسالماي بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى.
— ئالېكساندرا، ئەجەبا ئۇنىڭ بىكار تەلەپ سەرگەردان ئىكەنلىكىنى، سېنىڭ پۇلۇڭنى كۆزلەپ يۈرگىنىنى سەزمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئۆزىگە باشپاناھ تاپماقچى. ئۇنىڭ پىلانى كاتتا!
— خوش، ئەگەر مەن ئۇنىڭغا باشپاناھ بولۇشنى خالىسامچۇ؟ بۇنىڭ مەندىن باشقا ئادەم بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ئىكەن؟
— بىلەمسەن، ئۇ سېنىڭ مال - دۇنيايىڭنى قولىغا

— ئۆيدە باشقىلار يوقمۇ؟ — سورىدى روئې مېھمان-خانىغا بويۇنداپ قاراپ.
— يوق، كارل بىلەن ئامى كاتولىك دىنى خەير-ساخاۋەت يىغىلىشىغا كەتتى.
ئىككى يىگىت ئۆزئۆزىگە گەپ قىلماي تۇرۇپ كەت-تى.
كېيىن روئې كەسكىنلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى.
— ئۇ بۇ يەردىن قاچان كېتىدىكەن؟
— بۇنى بىلمەيمەن، روئې. يەنە بىر مەزگىل تۇر-سىكەن دەيمەن، — ئالېكساندرانىڭ مۇنداق تىنچ، خاتىر-جەم تەلەپپۇزى دائىم بۇ ئىككى ئىنىسىنىڭ نېرۋىسىغا تېگەتتى. ئالېكساندرا ئۆزىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇتۇۋات-قاندەك قىلاتتى.
ئوسكار جىددىي تەرىزدە ئېغىز ئاچتى.
— ساڭا ئېيتسەپ قويمىساق بولمىدى، ھازىر سۆز-چۆچەك تارقىلىشقا باشلاپتۇ، — ئۇ ئالېكساندراغا مەنى-لىك قاراپ قويدى.
ئالېكساندرا ئۇنىڭغا قاراپ سورىدى:
— قانداق سۆز - چۆچەككەن ئۇ؟
ئوسكار ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قىلچە ئىپادىسىز قارى-دى.
— سەن توغرۇلۇق. سەن ئۇنى بۇ يەردە ئۇزۇن تۇتۇپ قالدىڭ. ئۇ بىر قىز بالىنىڭ يېنىدا مۇنداق ئۇزۇن تۇرۇۋالسا قاملاشمايدۇ - دە. ھەممە خەق سېنى ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتتى دېيىشىۋاتىدۇ.
ئالېكساندرا ھېسابات دەپتىرىنى پاقىدە يېپىپ،

داق ئەمەسمۇ؟ بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى ھەم ئۇ يەردىن كەلگەن ھەممە نەرسە بىزنىڭ پۈتۈن ئائىلىمىزگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.

ئالېكساندرا تاقەت قىلالماي قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى.

— بولدى قىل، روئې. رېئاللىق ئالدىدا كۆز يۇمۇۋالما. سەن ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋرىدىكەنسەن. بۇ يەرنىڭ خوجايىنى كىم، مېنىڭ قولۇمدىكى يەر خېتى كۆچكە ئىگىمۇ ـ ئەمەسمۇ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ سوراپ باق.

روئې ئاكىسىغا بۇرۇلدى.

— مانا بۇ ئايال كىشىنى چوڭ ئىشلارغا ئارىلاشتۇرغاننىڭ ئاقىۋىتى، — دېدى ئۇ نەپرەت بىلەن، — بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى بالدۇرراق بىز قولغا ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن ئالېكساندرا مۇنداق ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ئامراق، بىزمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپتۇق. بىز سېنىڭ كاللاڭنى ئىشلەيدۇ دەپ ئويلاپتۇقكەن، ئالېكساندرا. سېنىڭ مۇنداق ئەخمىقانە ئىش قىلىشىڭ خىيالىمىزغا كەلمەپتۇ.

ئالېكساندرا ئىچى تىتىلداپ، شىرەنى بارماقلىرى بىلەن چېكىشكە باشلىدى.

— مۇنداق تۇتامى يوق گەپنى قوي. بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى بالدۇرراق بىز قولغا ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى دەيسەن. ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇنقى گەپنى دەۋاتىسەنغۇ. لېكىن ئۇ چاغدا سىلەر قولغا ئالغۇدەك ئىش بارمىدى؟ مېنىڭ قولۇمدىكى بايلىقنىڭ كۆپ قىسمىغا بىز ئۆي ئايرىپ بولغاندىن كېيىن ئېرىشكەن. مەن ئۆزۈم

كىر گۈزۈۋالماقچى.

— مەن بېرىشنى خالىغان نەرسىلەرنى ئۇ ئەلۋەتتە قولىغا كىر گۈزۈۋالسا بولىدۇ.

ئوسكار تويۇقسىز تېكىلىنىپ ئولتۇردى، روئي چوت-كىنىڭ قىلىدەك چاچلىرىنى قامالاپ تۇتتى.

— ئۇنىڭغا بېرىسەن؟ — روئي ۋارقىرىدى، — بىز-نىڭ مال - مۈلكىمىزنى، بىزنىڭ قورۇ - جايىمىزنى؟

— قورۇ - جاينىڭ ئىشىنى بىلمىدىم، — دېدى ئا-لېكساندرا سالماقلىق بىلەن، — لېكىن بىلىمەن، ئوسكار ئىككىڭلار ئۇنى بالىلىرىڭلارغا قالدۇرماقچى. سىلەرگە تېگىشلىك قىسمىغا تەگمەيمەن، لېكىن ئۆزۈمگە تېگىش-لىك يەرلەرنى قانداق قىلىش پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ ئىختى-يارىدىكى ئىش، بالىلار.

— ئۆزۈمگە تېگىشلىك يەرلەر دېگىنىڭ قانداق گەپ! — روئي ۋارقىرىدى، ئۇ بارغانسېرى قىزىشىپ كېتىۋاتاتتى، — پۈتۈن يەر قورۇ - جاينىڭ بەدىلىگە كەل-گەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ يەرلەرنى بىز قورۇ - جاينى رەنىگە قويغان پۇلغا سېتىۋالغان. ئوسكار ئىككىمىز ئۆسۈمىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئاز جاپا تارتمىدۇق.

— راست، سىلەر ئۆسۈمنى قايتۇردۇڭلار، لېكىن سىلەر توي قىلغاندا، بىز يەرلەرنى بۆلۈشۈۋالغان، ئەينى چاغدا سىلەرمۇ رازى بولغان. شۇنىڭدىن بېرى دېھقانچى-لىق مەيدانىدىن ئۆزۈم يالغۇز قىلغان كىرىم سىلەر بىلەن بىللە ئىشلىگەن چاغدىكىدىن كۆپ ئارتۇق.

— سېنىڭ پۈتۈن كىرىمىڭ ئىلگىرىكى تۇپراقتىن كەلگەن، بىز ئۇ تۇپراققا نۇرغۇن تەر سىڭدۈرگەن، شۇن-

ىدى رەسمىي ئاچچىقى كەلدى.

— ئۇنداقتا مېنىڭ ئىشلىگەن ئىشىمچۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى بىر ئاز تىترەپ كەتتى.

روئىي كۆزلىرىنى گىلەمگە ئالدى.

— ئالېكساندرا، سەن هازىرغىچە ئەركىن ئىش تۇتۇپ كەلدىڭ! ئەلۋەتتە، بىز سېنى ئۆز مەيلىڭگە قويۇپ بەردۇق. سەن تەشكىللەش، باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئامراق، بىز كۆڭلۈڭنى ئاياپ ئىشلىرىڭغا ئارىلاشمىدۇق. چۈشىنىمىز، سېنىڭ بىزگە كۆپ ياردىمىڭ تېگىدۇ. بۇ ئەتراپتىن تىجارەتنىڭ يولىنى سېنىڭدەك بىلىدىغان ئايالىدىن يەنە بىرى تېپىلمايدۇ. بىز سەندىن پەخىرلىنىمىز، سېنى ئەقىللىق دەپ قارايمىز. لېكىن، ئەلۋەتتە، ئەمەلىي ئىش قىلغىنى يەنىلا بىز. ئەقىل كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ بولغىنى ئەلۋەتتە ياخشى، لېكىن قوناقلىقتىكى ياۋا ئوتلار ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، لېكىن ياخشى ئەقىل بەزىدە ياخشى هوسۇل ئېلىپ كېلىدۇ، بەزىدە يەرنى ساقلاپ قالىدۇ. قوناق تېرىشقىمۇ شۇ يەر كېرەكتۇ، — دېدى ئالېكساندرا سوغۇقلا قىلىپ، — روئىي، ئېسىمدە قېلىشىچە، قورۇ ـ جايىمىزنى دىن تارقاتقۇچى ئېرىكسونغا ئىككى مىڭ دوللارغا سېتىۋەتمەكچى بولغانىدىڭلار. ئەگەر مەن شۇ چاغدا قوشۇلغان بولسام، سىلەر بۇ كۈنلەردە دەريانىڭ ئايىغىدىكى مۇنبەتسىز تۇپراقتا جان تالىشىپ يۈرگەن بولاتتىڭلار. مەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغان بىر يىگىتتىن ئاڭلىۋالغىنىم بويىچە، دەسلەپتە بىر پارچە يەرگە بېدە تېرىسام، هەممىڭلار قارشى تۇرۇپ كەتكەنىدىڭلار.

تىرىشىپ، ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلىدىم، بۇنىڭغا سىلەرنىڭ چىشىڭلار پاتمايدۇ.

ئوسكار گەپنى چوڭ يەردىن باشلىدى:

— مەيلى ھۆججەتتە قانداق يېزىلسۇن، بىر ئائىلىنىڭ مال - مۈلكى ئەمەلىيەتتە شۇ ئائىلىدىكى ئەرلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. بىرەر چاتىقى چىقسىمۇ ئەرلەر مەسئۇل بولىدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدى روئې گەپ قىستۇرۇپ، — بۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئەقەللىي قائىدە. ئوسكار ئىككىمىز ھازىرغىچە نېمە دېسەڭ ھە دەپ كەلدۇق، بىر ئېغىز گېپىڭنى يىرمىدۇق. بۇ يەرلەرگە سەن ئىگە بولۇپ تۇرساڭ بولىدۇ، بىزمۇ ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن بىر چامدام يەرنىمۇ ئۆز ئالدىڭغا بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقۇڭ يوق. بىز ئىلگىرى بۇ يەرگە كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەن، ئەڭ دەسلەپ يەر سېتىۋالغان پۇلنىمۇ بىز چىقارغان. شۇڭا بۇ يەردىن چىققان ھەرقانداق بايلىق پۈتۈن ئائىلىمىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئوسكار ئۇكىسىغا ھە - ھۇ دەپ، ئۇنىڭغا قايسى تەرەپتىن گەپ ئېچىشنى بېشارەت قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— بىر ئائىلىنىڭ مال - دۇنياسى شۇ ئائىلىدىكى ئەرلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ، چۈنكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغىنى ئەرلەر، پۈتۈن ئىشنى قىلىدىغىنىمۇ ئەرلەر.

ئالېكساندرا ئۇلارغا نۆۋەت بىلەن قاراپ چىقتى، كۆزلىرى غەزەپكە تولدى. ئۇ باشتا تېرىككەن، مانا ئەم-

روئي ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى گەپتىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. مۇنداق تالىشىۋەرسە ئۇلارغا پايدىسىز ئىدى. ئۇ قولياغلىقى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتتى.

— بىز سەندىن ئەزەلدىن گۇمانلىنىپ باقمىغان، ئالېكساندرا، ھەرقانداق ئىشىڭغا ئۇنداق - مۇنداق دېمىگەن. سەن باشتىن - ئاخىر دېگىنىڭنى قىلىپ كەلدىڭ. لېكىن بىز ياغاچ ئەمەس، بۇ يەرگە تاسادىپىي كېلىپ قالغان بىر سەرگەردانىڭ مال - مۈلكىمىزنى ئالداپ كېتىشىگە، سېنىڭ بۇ ئىشتا كۆلكىگە قېلىشىڭغا قاراپ تۇرالمايمىز.

ئوسكار ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ قىستۇردى:

— راست دەيدۇ، ھازىر كىشىلەر سېنىڭ ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ زاڭلىق قىلىشىۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ سېنىڭ يېشىڭ چوڭ، ئۇنىڭ ئاز دېگەندىمۇ سەندىن بەش ياش كىچىك ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلەۋاتقىنى سېنىڭ پۇلۇڭ. ھەي، ئالېكساندرا، سەنمۇ قىرىق ياشقا كىرىپ قالدىڭ!

— بۇلارنىڭ ھېچقانداق ئادەم بىلەن ئالاقىسى يوق، بۇ پۈتۈنلەي كارل ئىككىمىزنىڭ ئىشى. سىلەر ئۆزۈمگە تەۋە مال - مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىشىمنى چەكلىيەلەمسىلەر - چەكلىيەلمەمسىلەر، بۇنى شەھەرگە كىرىپ ئادۋوكاتىڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار. مېنىڭ مەسلىھەتىم، ئادۋوكاتىڭلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىڭلار. چۈنكى بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر ماڭا پەقەت قانۇنىي يول بىلەنلا تەسىر كۆرسىتەلەيسىلەر، — ئالېكساندرا ئورنىدىن تۇردى، — مۇنداق كۆنگە قېلىشىمنى بۇرۇنراق بىلگەن بول-

شۇ چاغدىمۇ مېنى ئالدام خالتىغا چۈشتۈك دېگەنىدىڭلار، قوشنا ـ قولۇملارمۇ شۇنداق دېيىشكەن. سەنمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئوبدان بىلىسەن، بىزنىڭ بۇ كەنتنى بېدە قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. مەن يەرلىرىمىزگە ئەمدى بۇغداي تېرىساق بولىدۇ دېسەم، سىلەر زاڭلىق قىلىپ كۈلگەنىدىڭلار. مەن بۇغدايدىن ئۇدا ئۈچ يىل مول ـ هوسۇل ئالغاندىن كېيىن، قوشنىلىرىمىز ئاندىن پۈتۈن يېرىگە قوناق تېرىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتتى. ھە، شۇ نەرسىمۇ ئېسىمدە بار، روئي، بىز بىرىنچى قېتىم يەرلىرىمىزنىڭ ئاساسىي قىسمىغا بۇغداي تەرگىنىمدە، سەن يىغلامسىراپ كېلىپ، ھەممە ئادەم بىزنى زاڭلىق قىلىشىۋاتىدۇ، دېگەنىدىڭ.

— خوتۇن كىشى دېگەن مانا مۇشۇنداق، — دېدى روئي ئوسكارغا قاراپ، — ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن بىرەر نەرسە تەرسەڭ، ئاخىرىدا ئۇنى ئۆزى تەرگەن بولۇپ چىقىدۇ. ئاياللارنى چوڭ ئىشلارغا ئارىلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىنلا ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدۇ. سەن بىزنىڭ يول كۆرستىشىمىزنى خالىمايسەن، ئۇ چاغدا بىزگە شۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلاتتىڭ، ئامىنى بولسا جېنىڭدىن ئەزىز كۆرەتتىڭ.

— قاتتىق قوللۇق قىلدىڭ دەپ قوي. لېكىن مەن قەستەن ئۇنداق قىلمىغان، ئۇ چاغدىكى شارائىت شۇنداق قاتتىق ئىدى. بەلكىم مېنىڭ تەبىئىتىمدە مۇلايىملىق كەمدۇ، بىراق مېنىڭ شۇنداق بىر قىز بولۇپ قېلىشىم ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى ئەمەس. پىچەكگۈلنى ئالساق، ئۇنى پۈتاپ تۇرساڭمۇ، يەنىلا دەرەختەك قاتتىق تۇرىدۇ.

ئۆزىنىڭ قىزىق ياشقا كىرىپ كەتكىنىگە ئۆكۈنمەسلىكد-
ىمۇ مۇمكىن.»

## 11

شۇ كۈنى كەچ سائەت يەتتە يېرىملار بىلەن ئامى
قايتىپ كەلدى. قېرى ئافي ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ ئېتىنى
ئالدى. يىگىت ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ ھەدىسىنى ۋارقىر-
دى، ھەدىسى ياتاق ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ھۇجرىسىدىن
ېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ۋارقىرىدى.

ئامى ئۇنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلدى.

— سەن بىلەن ئازراق پاراڭلىشىۋالسام بولامدۇ؟ —
دېدى ئۇ، — كارل كېلىشتىن ئاۋۋال ساڭا دەيدىغان گېپىم
بار ئىدى.

ئالېكساندرا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا كەل-
دى.

— كارل نەدە قالدى؟

— قايتىپ كېلىۋېتىپ رونى بىلەن ئوسكارغا ئۇچ-
راپ قالدۇق. ئۇلار كارل بىلەن پاراڭلاشماقچى ئىكەن.
شۇنىڭ بىلەن ئۇچى ئوسكارنىڭ ئۆيگە كەتتى. چىقا -
لامسەن؟ — ئامى ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

— بىردەم ئولتۇرۇپ تۇر، كىيىمىمنى كىيىپلا چى-
قىمەن.

ئالېكساندرا ئىشىكنى ياپتى. ئامى كونا ياتما ئورۇن-
دۇقتا ئۆزىنى تاشلاپ، قوللىرىنى بېشى ئاستىغا قويدى.
ھەدىسى چىققاندى، ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. قانچىلىك

سام، بۇرۇنلا ئۆلۈپ تۈگىشەر ئىكەنمەن، — ئۇ سالماق-لىق بىلەن گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى.
روئى بىلەن ئوسكار بىر - بىرىگە سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى، ئەمدى كەتمەكتىن باشقا يول قالمىغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىرتقا چىقتى.
— مۇنداق چوڭ ئىشلاردا خوتۇن خەق بىلەن بىر يەرگە كەلگىلى بولمايدۇ، — دېدى ئوسكار هارۋىغا چىد - قىۋېتىپ، — بىراق نېمىلا بولسۇن، دەيدىغىنىمىزنى دە-ۋالدۇق.
روئى بېشىنى قاماللىدى.
— گەپلىرىمىز سەل قاتتىق كېتىپ قالغاندەك قىل-دى. لېكىن ئۇ ئەقلى بىلەن ئىش قىلىدۇ. سەن ئۇنىڭ يېشىنى تىلغا ئېلىپ يامان قىلدىڭ، ئوسكار. بۇ گېپىڭ ئۇنىڭغا هار كېلىپ، بىزگە ئۆچ بولۇپ قالىدىغان بولسا، تۈگەشكىنىمىز شۇ. ئۇ بىز بىلەن قېرىشىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشى مۇمكىن.
— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، — دېدى ئوس - كار، — ئۇ شۇ يېشىدا ياخشى - يامانني پەرق ئېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ شۇنداق قىلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇ توي قىلغۇسى بولسا، بۇرۇنراق قىلىشى، ئادەم ئەخمەق قىلغاندەك، هازىرغىچە سۆرۈلۈپ يۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى.
روئى يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.
«ئەلۋەتتە، — ئۇ ئۈمىدلىك هەم زىددىيەتلىك خىيال-لارغا چۆكتى، — ئالېكساندرا ئادەتتىكى ئاياللارغا ئوخ-شىمايدۇ. ئۇ بىزگە ئاداۋەت ساقلىماسلىقى مۇمكىن،

غەملىۇالغاندىن كېيىن بىرەر ئىشنىڭ يولىنى قىلىش ئۇ. چۇن، ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئايلىنىپ باقماقچى. مەن كۆز. لۈك يىغىمنى تۇگىتىپلا ماڭايمىكىن دەيمەن. روئې بىلەن ئوسكار بۇ گەپنى ئاڭلىسا چوقۇم قاتتىق خاپا بولىدۇ.

— خاپا بولۇشى ئېنىق، — ئالېكساندرا ئۇنىڭ يېنى. دىكى ياتما ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، — ئۇلار مەندىن خاپا. ئامى، مەن ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم، ئۇلار ئەمدى بۇ ئۆيگە دەسسىمەسلىكى مۇمكىن.

ئامى ئۇنىڭ گېپىگە تازا ئىرەن قىلمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئالېكساندرانىڭ غەمكىن تەلەپپۇزىغا دىققەت قىلمى. دى. ئۇ مېكسىكىدا ئۆتكۈزىدىغان ئەركىن تۇرمۇشى ھەققىدىكى خىيالدا ئىدى.

— نېمە ئىش بىلەن سوقۇشۇپ قالدىڭلار، — سورى. دى ئۇ خىيالى باشقا ياقتا.

— كارل توغرۇلۇق بولمامدۇ. ئۇلار مەن كارل بى. لەن توي قىلسام، بىر قىسىم مال - دۇنيايىمنى ئۇنىڭ ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

ئامى مۈرىسىنى ئېتىپ قويدى.

— قاملاشمىغان گەپ، — غۇدۇردى ئامى، — ئۇ خەق قاچانلا بولسا يوقىلاڭ گەپلەرنى تاپىدۇ.

ئالېكساندرا ئۆزىنى ئارقىسىغا سەل تاشلاپ سورى. دى:

— نېمىشقا قاملاشمىغان گەپ دەيسەن، ئامى؟

— سېنىڭ كاللاڭدا ئەزەلدىن مۇنداق خىيال يوق، شۇنداقمۇ؟ ئۇلار قاچانلا بولسا يوق ئىشلارغا كۆڭۈل ئاغرىقى تاپىدۇ.

كۆتكەنلىكى ئىنىق ئەمەس، ئۆي ئىچى قاراڭغۇ تارتىپ قالغانىدى. مۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى، ئۆتكۈر، ئېھ-تىياتچان كۆز ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرالمايدۇ، ئۇ ئەركىن-رەك سۆزلىشەلەيدۇ. ئۇ كۆزلەر بەزى تەرەپلەرنى شۇنداق ئېنىق كۆرىدۇ، بەزى تەرەپلەرنى بولسا پەقەتلا كۆرمەيدۇ. ئۆيىنىڭ گۇڭگاراق بولغىنى ئالېكساندراغىمۇ ياردى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن ئىششىپ كەتكەنىدى.

ئامى ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، يەنە ئولتۇردى.

— ئالېكساندرا، — ئۇ بىسىق ئاھاڭدا سۆز باشلى-دى، — مەن بۇ يىل كۈزدە قانۇن ئىنىستىتۇتىغا بارمايمى-كىن دەۋاتىمەن. ئۇ ئىشنى يەنە بىر يىل كېچىكتۈرسەك، مېنىڭ بىر يىل ئارام ئېلىپ، ئۇ يەر - بۇ يەرنى كۆرۈپ كەلگۈم بار. ئالدىرىغان بىلەن، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرمەيدى-غان كەسىپكە كىرىۋېلىشىڭ ئاسان، لېكىن چىقمىقىڭ تەس. كارل ئىككىمىز بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق.

— ناھايىتى ياخشى، ئامى. لېكىن يەنە يەر ئالىدىغان ئىشنى قىلما، — ئالېكساندرا كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە يۆلەندى، — ئەسلىدە سېنى بۇ قىشنى مەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزەر دەپ ئويلىغانىدىم.

— مەن خالىمايدىغان ئىشمۇ دەل مۇشۇ، ئالېك-ساندرا. مەن بىر يەردە تۇرالمايمەن، يېڭى - يېڭى يەر-لەرگە بارغۇم كېلىپ تۇرىدۇ. مەن مېكسىكا شەھىرىگە بېرىپ، ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىمنى ئىزدىمەكچى. ئۇ بىر ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن. ئۇ ماڭا خەت يېزىپ، قىلغۇدەك بىرەر ئىش تې-پىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەن يول خىراجىتىنى

ماكرىدىن باشقا، كارلنى بىردىنبىر دوستۇم دېسەم بولىدۇ.

ئامى مانا ئەمدى ئېسىنى يىغدى. ئالېكساندرانىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزىدىكى بىر ئىسىم ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقانىدى. ئۇ قوللىرىنى سوزۇپ، ھەدىسىنىڭ قولىنى قولاشمايغىنا تۇتتى.

— سەن پۈتۈنلەي ئۆز ئارزۇيۇڭ بويىچە ئىش قىلىشىڭ كېرەك، مېنىڭچە كارل ياخشى يىگىت، ئىككىمىز ئوبدان چىقىشىمىز. ئىككى ئاكامنىڭ ئۇ توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىگە مەن قىلچە ئىشەنمەيمەن، راست، ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. ئۇلار كارلدىن گۇمانلىنىدۇ، چۈنكى كارلنىڭ كاللىسى ئىشلەيدۇ. سەن ئۇسكارلارنىڭ قانداقلىقىنى بىلىسەن. سەن مېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقاندىن بېرى، ئۇلار ماڭا ياخشى كۆز بىلەن قارىمايدىغان بولدى. ئۇلار ماڭا يېتىشەلمەي ئاۋارە. ئەگەر مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولغان بولسام، ئۇلارنىڭ گېپىگە قىلچە پىسەنت قىلمىغان بولاتتىم. ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلغۇدەك يېرى يوق. كارل كۆكسى - قارنى كەڭ يىگىت، ئۇلارنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلمايدۇ.

— مەن بىلەلمىدىم. ئەگەر ئۇلار ماڭا قىلغان گەپنى ئۇنىڭغا قىلسا، ئۇ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئامى تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلەندى.

— سېنىڭچە شۇنداق قىلارمۇ؟ ھە راست، ماكرى، ئەگەر ھەدەڭ كارل بىلەن قېچىپ كەتسە، سىلەرنىڭ كۆڭلارنى شۇ چاغدا كۆرىمەن، دەۋاتاتتى.

— ئۇ راستىنلا شۇنداق دېدىمۇ؟ ئۇنىڭ ياخشى

— ئامى، — دېدى ئالېكساندرا گېپى تازا قولاشـ
ـماي، — سەن ھەممە ئىشنى مۇنداق مۇقەررەرلەشتۇ-
رۇۋەتمە. سەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش مېنى تۇرمۇش ئۇسۇ-
لىنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى يوق دەپ قارامسەن؟

ئامى گۇڭگالىق ئىچىدە ھەدىسىنىڭ يۈزىگە قارىدى.
ئۇلار يېقىن ئولتۇراتتى. ئامىغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى
ھەدىسى سېزىۋالالايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ بىر پەس
جىممىدە تۇرۇپ كېتىپ، خىجىللىق ئىچىدە ئېغىز ئاچ-
تى.

— ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق قارىمايمەن. سەن ئۆزۈڭ
خالىغان ئىشنى قىلىشىڭ كېرەك. مەن سېنى ھەر ۋاقىت
قوللايمەن.

— لېكىن، ئەگەر مەن كارل بىلەن توي قىلسام،
ساڭمۇ بىر ئاز كۆلكىلىك تۇيۇلامدۇ.

ئامى بىر ئاز ئولتۇرالماي قالدى. بۇ ئالدىراپ بىر
نېمە دەيدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

— ھەي، ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر سەن شۇنداق قىلـ
ـساڭ، مەن ھەيران قېلىشىم مۇمكىن، لېكىن نېمىشقا
ھەيران قالىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ بۇ ماڭا
مۇناسىۋەتسىز، سەن نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلساڭ بولىـ
ـدۇ، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن.

ئالېكساندرا چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى.

— مەن سېنى مېنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانـ
ـلىقىمنى ئازراق بولسىمۇ چۈشىنىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنـ
ـمەن. ئارتۇق ئويلاپ كەتكەنمۇ ئوخشايمەن. مېنىڭ تۇر-
مۇشۇم ناھايىتى زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئامى.

ئۇنىڭ كەمپۈت يايمىسى ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن-
دە، ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنچە خۇشال بولىدۇ؟ ئۇ نېمە
ئۈچۈن ئامىدىن باشقا ئادەملەرگىمۇ كۆكۈل بۆلىدۇ؟ ئامى
ئۇنىڭ ئاشۇ شوخ، يېقىملىق كۆزلىرىدىن ئۆزى ئىزدى-
گەن نەرسىگە نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ئېرىشەلمەي كەل-
دى.

ئامى تەسەۋۋۇر تۈلپىرىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، ئۆزى
ئىزدىگەن نەرسىنى ئاخىر تاپتى. قارىماققا ماكرى ئۇنى
سۆيىدىغاندەك قىلاتتى. ئالېكساندرا ئېيتقاندەك، ماكرى
بىر ئادەمنى سۆيسە، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيىدۇ. ئامى
خۇددى سېھىرلەنگەندەك، مۇشۇنداق خىيالىي دۇنيا ئىچىد-
ە سائەت - سائەتلەپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ روھى تېنىدىن
ئايرىلىپ، ئېتىز - قىرلاردىن ئېشىپ، ماكرى شارباتنىڭ
يېنىغا كەتكەندى.

ئالىي مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن تانسىلاردا، ئېگىز
بوي، تەقى - تۇرقى كېلىشكەن شۆھىتسىيلىك بۇ يىگىتكە
قىزلار قىزىقىش ئىچىدە كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتەتتى. ئۇ
بولسا قوشۇمىلىرىنى چىڭ تۈرۈپ، قوللىرىنى قوشتۇ-
رۇپ، تامغا يۆلەنگىنىچە، يا تورۇسقا، يا بولمىسا يەرگە
قاراپ تۇراتتى. قىزلار ئۇنىڭدىن سەل ئەيمىنەتتى. ئۇ
ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك كېلىشكەن يىگىت ئىدى،
لېكىن ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرمەيتتى. قىزلارغا ئۇ تولى-
مۇ ئەستايىدىل، قانداقتۇ غەم بېسىۋالغاندەك، بىر ئاز غە-
لىتە كۆرۈنەتتى. ئامى قاتناشقان ساۋاقداشلار يىغىلىشى
تانسا ئويناش بىلەن داغلىق ئىدى. ئامى بەزىدە رەسمىيەت
ئۈچۈن تانسا ئويناپمۇ قوياتتى. لېكىن ئۇ مەيلى تانسا

كۆڭلىگە رەھمەت. ئۇ شۇنداق ئويلايدۇ، — ئالېكساند-
رانىڭ ئاۋازى بوغۇلدى.

ئامى ئايغىننىڭ يېپىنى يېشىۋېتىپ ئېغىز ئاچتى:

— سەن ماكرى بىلەن پاراڭلىشىپ باقساڭ بولمام-
دۇ؟ كارل كەلدى، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلى-
دىم. ئەمدى ئۈستىگە چىقىپ كېتەي. ياق، كەچلىك
تاماق يېمەيمەن. كارل ئىككىمىز سائەت بەشتە بازاردىن
تاماق يەۋالغان.

ئامى ھەدىسى بىلەن پاراڭلىشىشتىن قۇتۇلغىنىغا خۇ-
شال. ئۇ ھەدىسىدىن بىر ئاز نومۇس قىلىپ قالغانىدى،
لېكىن بۇنى ئىمكان بار چاندۇرمىدى. ھەدىسىنىڭ ئويى
ئۇنىڭغا بىر ئاز ئورۇنسىز تۇيۇلدى، ھەتتا بىر ئاز كۈلكە-
لىك ھېس قىلدى. ئۇ يېتىش ئالدىدا ئويلىنىپ قالدى،
بۇ دۇنيادا قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان ئادەم توي قىلىش
خىيالىغا كېلىپ قالسا، بۇنىڭدىن قىيىن ئىش بولمىسا
كېرەك. تىمتاس قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، ئۇنىڭ ئالېك-
ساندرانىڭ ئىشى توغرۇلۇق ئۇزۇن ئويلىنىشى مۇمكىن
ئەمەس. كاللىسىدىكى پۈتۈن ئوبرازلار يوقاپ، پەقەت
بىرلا قالدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ كىشىلەر
توپى ئارىسىدا ماكرىنى كۆرۈپ قالدى. ماكرى خەير -
ساخاۋەت يىغىلىشىدا كەمپۈت سېتىۋاتاتتى. ئۇ قانداق
بولۇپ فرانك شاربات بىلەن قېچىپ كەتتى؟ قانداقسىگە
يەنە مۇشۇنداق كۈلۈپ - يايراپ يۈرىدۇ؟ قانداقسىگە ھەر-
قانداق ئىشتىن مۇشۇنداق خۇشاللىق تاپالايدۇ؟

نېمە ئۈچۈن ئۇنى شۇنچە كۆپ ئادەم ياخشى كۆرى-
دۇ؟ فرانسىيىلىك، بوخېمىيىلىك يىگىتلەر، يەنە پوپ

قاپسىز. مەنمۇ ئۇلاردىن پەرقلىنىپ كەتمەيمەن. مەن بەك ئاجىز ئىكەنمەن، روئي بىلەن ئوسكاردەك ئادەملەرنىڭ تەنقىدىنىمۇ كۆتۈرەلمىدىم. شۇنداق، مەن ئەتە كېتىمەن. سىزگە بىرەر نەرسە ئاتا قىلالماي، ھەتتا سىزنىڭ رازىلى-قىڭىزنى ئالالماي كېتىدىغان بولدۇم. بۇرۇن بۇ ئىش قولۇمدىن كېلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمدى قارىسام قو-لۇمدىن كەلمەيدىكەن.

— خەق خالىغان نەرسىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى، — دېدى ئالېكساندىرا ئازابلانغان ھالدا، — ماڭا پۇلنىڭ كېرىكى يوق. شۇنچە يىللاردىن بېرى سىز-گە موھتاج بولۇپ كەلدىم. ئېيتىپ بېقىڭا، بېيىشنىڭ نەتىجىسى دوستىنى قوغلاش بولسا، مەن بېيىپ نېمە قى-لىمەن؟

— مەن ئۆزۈمنى ئالدىيالمايمەن، — دېدى كارل ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن، — مەن ئۆزۈمنى ئويلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن. مەن باشقىلارغا ئوخشاش بىر تىرىشىپ باق-ماقچى. ھەممە ئادەم ئارىسىدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈر-گۈدەك بىر ئىش قىلىشىم كېرەك. سىزنىڭ ماڭا ئاتا قىل-ماقچى بولغان نەرسىڭىزنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، مەن يا بىر ئۇلۇغ ئادەم بولۇشۇم، يا بولمىسا ئەرزىمەس بىر ئادەم بولۇشۇم كېرەك. لېكىن مەن ھازىر ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس.

— كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ، — دېدى ئالېكساندىرا چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — سىز بۇ قېتىم كەتسىڭىز، قايتا كەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئىككىمىزنىڭ بىرىدىن ئىش چىقىپ قېلىشى ياكى ھەر ئىككىمىزدىن بىرەر ئىش چى-

ئويناۋاتقاندا بولسۇن، ياكى بىر بۇلۇڭدا يالغۇز تۇرغاندا بولسۇن، ماكرى شارباتنى خىيالىدىن چىقارغان ئەمەس. ئۇنىڭ بۇ سەۋداغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئىككى يىل بولدى.

## 12

كارل ياتاق ئۆيگە كىرگەندە، ئالېكساندرا لامپىنى ياندۇرۇۋاتاتتى. ئۇ لامپىنىڭ شىشىسىنى ئوڭشاۋېتىپ كارلغا قارىدى. كارل ناھايىتى چارچاپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئادەتتە تىك تۇرىدىغان مۇرىلىرى سالپىيىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، قارا كۆزلىرىنىڭ ئاستى كۆكىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ غەزەپ ئوتلىرى ئۆچكەن، يۈرىكىدە قالغىنى مەيۈسلۈك، بىزارلىق ئىدى.

— روئې، ئوسكارلار بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئالېكساندرا.

— كۆرۈشتۈم، — كارل كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇردى.

ئالېكساندرا ئېغىر تىنىدى.

— ئەمدى سىز كېتىسىز، بۇنى پەرەز قىلىپ بولغانىدىم.

كارل بىر ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلاپ، پېشانىسىگە چۈشۈۋالغان بىر تۇتام چېچىنى قولى بىلەن كەينىگە تارىدى.

— سىزنىڭ كەلگۈسىڭىزدىن ئۈمىد قالماپتۇ، ئالېكساندرا! — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن، — پېشانىڭىز تەتۈر ئىكەن، بىر توپ قاملاشمىغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا

# ئۈچىنچى قىسىم قىش ئەسلىمىسى

## 1

قىش «چېگرا سىزىقى»غا يەنە بىر قېتىم ماكانلاشتى. بۇ تەبىئەتنىڭ قانات - قۇيرۇقىنى تۈزەپ، ئارام ئېلىۋالىدىغان پەسلى. ئۇ بەرىكەتلىك كۈز بىلەن ھاياتلىقنى ئويغاتقۇچى باھار ئارىلىقىدا ئېغىر ئۇيقۇغا كېتىدۇ. قۇشلارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، قېلىن چۆپلۈكلەر ئارىسىدىكى جۇشقۇن ھايات ئۆچكەن. يايلاقتىكى لالما ئىتلار ئۇۋۇلىرىغا كىرىپ كەتكەنىدى. دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغان توشقانلار قىش قوينىدا ياتقان ئۇ باغدىن - بۇ باغقا يۈگۈرۈپ، بىرەر تۈپ يېسىۋىلەك غولى بولسىمۇ تېپىۋېلىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرەتتى. كەچ كىرىشى بىلەن، بۆرىلەر سوغۇق دالىدا قاتىراپ، يېمەكلىك ئىزدەپ ھۇۋۇلايتتى. رەڭگارەڭ ئېتىزلار ھازىر بىرلا رەڭگە كىرىپ قالغان، چارۋىچىلىق مەيدانى، بۇغدايلار يىغىۋېلىنغان ئېتىز، يول، ئاسمان. . . ھەممىسى قوغۇشۇن رەڭگىگە كىرگەنىدى. قاتار - قاتار چىتلاق ۋە دەرەخلەرنى تاقىرلىشىپ قالغان يەرلەردىن پەرقلەندۈرۈش تەس، چۈنكى ھەممىسى بىر خىل كۆكۈچ رەڭدە. يەر قاتتىق توڭلاپ كەتكەن، يولدا ياكى ھەيدەلگەن ئېتىزدا ماڭسا، پۇتقا پېتىپ ئاغرىيدۇ. ئاچچىق سوغۇق، قارامتۇل ئاسمان ئادەمنىڭ

قىپ قىلىشى مۇمكىن. بۇ دۇنيادا بەخت پەيدا بولغان ھامان تۈتۈۋېلىش كېرەك. بەخت دېگەن ئاسان قولدىن چىقىپ كېتىدۇ، لېكىن قايتا ئېرىشمەك تەس. مېنىڭ ھەممە نەرسەم سىزنىڭ، ئەگەر يۈرىكىڭىزدە ھەقىقىي مەن بولسام، ھەممىنى ئېلىپ كېتىڭ.

كارل ئورنىدىن تۇرۇپ جون بوگسېنىنىڭ سۈرىتىگە قارىدى.

— لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، سۆيۈملۈكۈم، ئۇنداق قىلالمايمەن! مەن كالىفورنىيىدە بىر قىشنى لاغاي-لاپ ئۆتكۈزۈۋەتمەي، دەرھال شىمالغا بېرىشىم كېرەك. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئۆزۈمنىڭ ئالغا بېسىش نىشانىمنى تاپىمەن. ئەمدى بىر ھەپتە ۋاقتىنىمۇ زايە قىلسام بولماي-دۇ. ماڭا سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، ئالېكساندرا، ماڭا بىر يىل ۋاقىت بېرىڭ!

— ئىختىيارىڭىزچە بولسۇن، — دېدى ئالېكساندرا ھارغىن ھالدا، — بىر كۈن ئىچىدە، بىر دەمدىلا ھەممە-دىن ئايرىلدىم، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم. ئامما كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — كارل جون بوگسېنىنىڭ سۈرى-تىدىن كۆز ئۈزمەي تۇراتتى. ئالېكساندرامۇ سۈرەتكە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنداق، ئەگەر دادام ماڭا تاپشۇرغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسى مۇشۇنداق بولغان-لىقىنى كۆرگەن بولسا كۆڭلى چوقۇم يېرىم بولغان بولات-تى. ئىلاھىم، ئۇ ھازىر يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، يۇرتداش-لىرى بىلەن جەم بولغان بولسۇن، ئىلاھىم، يېڭى دۇنيا-نىڭ خەۋەرلىرى ئۇ يەرگە يېتىپ بارالمىسۇن.

نىڭ بوسۇغىسىدىن تۇنجى ئاتلىغاندا بىرلا ئېغىز گەپنى
تەكرارلاپ كېلىۋاتاتتى: «ۋاھ، مانا ئەمدى بۇرۇنقى يىل-
لاردىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىدۇق! » ئالېكساندرا ئۇنى ئۆز
مەيلىگە قويۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن يۇرتىنىڭ قىزىق
گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ، بۇمۇ بىر ھۇزۇر. لې خانىم بۇ يەردە
بېشىغا ئۇخلاش بۆكى كىيىپ، دېرىزىلەرنى ئېتىپ ئۇخ-
لىيالايدۇ، ئاقىغا «ئىنجىل»نى ئوقۇتۇپ ئاڭلايدۇ. يەنە
ئامىنىڭ كونا ئۆتۈكىنى كىيىۋېلىپ، مال ئېغىللىرىدا
ئەركىن يۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ بەللىرى ئېگىلىپ ئىككى پۈك-
لىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئېتىز چاشقىنىدەك چاققان. ئۇ-
نىڭ يۈزى سىرلاپ قويغاندەك قوڭۇر رەڭدە، يۈزىنى
كىرچى خوتۇنلارنىڭ قولىدەك قورۇق باسقان، ئاغزىدا
ئۈچ تاللا ئۆتتۈر چىشى قالغان، چىشلىرىنى كۆرسىتىپ
كۈلگەندە، چىرايىدا ھەممىنى بىلىدىغاندەك بىر ھالەت
ئىپادىلىنىدۇ، ئادەمگە گويا، ئەگەر ئىشنىڭ يولىنى بىل-
گەن بولساڭ، كۈنلىرىڭ مۇنداق ئۆتمىگەن بولاتتى، دە-
ۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇ ئالېكساندرا بىلەن ياماقچىلىق
ئىشلىرىنى قىلىۋاتقاندا، شۈېتسىيە گېزىتىدىن ئوقۇۋال-
غان ھېكايىلەرنى ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيتتى، ۋەقەلىك-
لەرنى ئېرىنمەي تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەتتى، ياكى بولمى-
سا، قىز ۋاقتىدا گوتلاندىكى بىر سۈت فېرمىسىدا ئىش-
لىگەن چاغدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. بەزىدە
سۆزلەۋاتقان ھېكايىلىرىنىڭ قايسىسى توقۇلما، قايسىسى
ھەقىقىي بولغان ئىشلار، ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالاتتى، ئىش-
قىلىپ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن يىراق ئۆتمۈشتىكى
ئىشلار. ئۇ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئازراق قايناق سۇ ۋە

روھىنى بېسىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆلۈكتەك جانسىز مەنزىرىنى كۆرسە، ئادەم بۇ يەردىكى بارلىق جانلىق مەڭگۈلۈك ئۇيـ قۇغا كەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ.

ئالېكساندرانىڭ نورمال تۇرمۇشى يەنە ئەسلىگە كەلـ دى. ئامىدىن ھەر ھەپتىدە خەت كېلىپ تۇرىدۇ. كارل كەتكەندىن بېرى ئۇ روئې بىلەن ئوسكارنى كۆرۈپ باقمىـ دى. ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، دوست ـ دۈشمەنـ نىڭ ئالدىدا ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ نورۋېگىيە چېركاۋىغىمۇ بارماس بولدى. خانوۋېردىكى يېڭىلىق دىنىي جەمئىيىتىنىڭ چېركاۋىغا بارىدۇ ياكى ماكـ رى شاربات بىلەن كاتولىك دىنى چېركاۋىغا بارىدۇ. يەرـ لىكلەر ئۇنى «فرانسىيە چېركاۋى» دەپ ئاتايدۇ. ئالېكـ ساندرا كارل بىلەن بولغان ئىش ۋە ئۆزىنىڭ روئې ۋە ئوسكارلار بىلەن سوقۇشۇپ قالغان ئىشنى ماكرىغا ئېيتـ مىدى. ئۇ ئادەتتە ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە، مۇنداق ئىشلاردا ئۆزى بىلەن ماكرىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمايـ دىغانلىقىنى ئېيتىپ بولدى قىلىدۇ.

لې خانىم بۇ ئائىلىدىكى ئىناقسىزلىقنىڭ ئۆزىنى يىلـ دا بىر قېتىم ئالېكساندرانىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىشىدىن ئەنسىـ رەپ يۈرەتتى. لېكىن 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالېكساندرا ئانىغا تېلېفون بېرىپ، ئەتە ئۇنىڭ ئاپىسىنى ئەكېلىشكە ئافېنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئەتىـ سى بۇ موماي بوپىسىنى ئېلىپ ئالېكساندرانىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇن ئىككى يىلدىن بېرى، لې خانىم ئالېكساندراـ

(ئۇ يۇك رەختلەرگە ئۈچ ئىدى، قىشتىمۇ ئۇنداق رەختـ.
تىن كىيىم كىيمەيتتى) . ئۇنىڭ ياقىسىغا كانۋاي ئىشلەنـ.
گەن، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ئالتۇن بولاپكا قادالغانىدى،
بولاپكىغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنـ.
ىدى. ئۇ پەرتۇقنىڭ پۈرلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ
تاقىماي كەلگەنىدى، مانا ئەمدى چىقىرىپ رەسمىي تاقىـ.
ۋالدى. ماكرى ئارقىسىغا بىر قەدەم چېكىنىپ، ئىككى
قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىۋەتتى:
ــ ۋاھ، قالتىس چىرايلىق ئىكەن! مەن بۇرۇن كۆ.
رۈپ باقمىغان، شۇنداقمۇ، لي خانىم؟
لي خانىم خىرىلداپ كۈلۈپ، بوينىنى قىسىپ قويـ.
ىدى.
ــ راست، سىز كۆرۈپ باقمىغان. بۇنى تېخى تۇنۇ.
گۈن كەچتە تىكىپ پۈتتۈرگەن. قاراڭ، بۇ يىپلىرىغا،
شۇنداق چىداملىق، يۇسىمۇ ئۆڭمەيدۇ. رەختىنى سىڭلىم
شۋېتسىيەدىن ئەۋەتىپتىكەن، سىزگە چوقۇم يارايدۇ.
ماكرى يەنە ئىشىك ئالدىغا يۈگۈردى.
ــ بۇ ياققا كىرىڭ، ئالېكساندرا. مەن لي خانىمنىڭ
پەرتۇقىنى كۆرۈۋاتىمەن. قايتىشىڭلاردا شىللېر خانىمـ.
ىنىڭ ئۆيىگە چوقۇم چۈشۈپ ئۆتۈڭلار، ئۇ كرېست شەـ.
كىللىك گۈل چۈشۈرۈلگەن نەرسىلەرنى جېنىدەك ياخشى
كۆرىدۇ.
ئالېكساندرا كىيىملىرىنى سېلىۋاتقاندا، لي خانىم
ئاشخانىغا كىرىپ، ئوچاق ئالدىدىكى ياغاچ تەۋرەنمە ئو.
رۇندۇقتا ئولتۇردى، راسلانغان شىرەگە قىزىقىش ئىچىدە
قاراپ كەتتى. شىرە ئۈستىگە ئاق داستىخان سېلىنغان،

تاتلىق براندى ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئالېكساندرا بۇ نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ قويىدۇ. «ئۇلارنى ئىچىۋالسام تاتلىق چۈشلەرنى كۆرۈپ ئۇخلايمەن» دەپ قويىدۇ ئۇ، كۆزلىرىدىن شۇنچىكىم نۇر چاقناپ كېتىدۇ.

لي خانىم ئالېكساندرانىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىر ھەپتە-دىن كېيىن، بىر كۈنى ئەتىگەندە ماكرى شارباتتىن تېلې-فون كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، فرانك بۈگۈن شەھەرگە كىرىپ كەچتە بىراقلا چىقىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئۇلارنى چۈشتىن كېيىن قەھۋە ئىچىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغان-دى. لي خانىم تۇنۇگۈن كەچتە كىرېست شەكىللىك گۈل چىقىرىپ تىككەن پەرتۇقنى ئالدىراپ يۆيۈپ دەزماللىدى. ئۇ پەرتۇق چاقماق رەختتىن تىكىلگەن، ئېتىكىگە ئۇۋ مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن، دەرەخ، بىر بۇغا، ئۇۋ ئىتى ۋە ئۇۋچىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. چۈشلۈك تاماقتا ئالېك-ساندرا شۇنچە زورلىسىمۇ، لي خانىم تۈزۈك تاماق يېگە-لمى ئۇنىمىدى.

— ماكرىنىڭكىگىمۇ ئازراق قورساق ئېلىپ قوياي، — دېدى ئۇ خىرىلداپ كۈلۈپ.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولغان چاغ. ئالېك-ساندرانىڭ ھارۋىسى ماكرى شارباتنىڭ ھويلىسى ئالدىدا توختىدى. ماكرى قىزىل ياغلىق ئارتىۋالغان لي خانىمنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە ئۆيگە باشلىدى. ئالېكساندرا ئاتلىرىنىڭ ئۈستىگە ئەديىال يې-پىپ جايلاشتۇرۇپ كىرگۈچە، ئۇ لي خانىمنىڭ قات — قات كىيىۋالغان سىرتقى كىيىملىرىنى سالدۇردى. لي خا-نىم ئەڭ ياخشى تاۋاردىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيگەنىدى

ئۇ چاغدا ئۇ راستىنلا بىر غەلىتە قونچاقڤا ئوخشايتتى. مەن سىزنى تونجى قېتىم مىكېر جوننىڭ دۇكىنىدا كۆر-گەن چاغدىكى مەنزىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ماكرى. ئۇ چاغدا دادام ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. كارل مېڭىشتىن ئىلگىرى، ئىككىمىز شۇ ئىش توغرۇ-لۇق سۆزلەشكەنىدۇق.

— ئۇ ئىش ئېسىمدە بار، يەنە ئامى بىلەن ئۇنىڭ ئاسلىنى بار ئىدى. ئامىغا مىلاد بايرىمىلىق سوۋغاتنى قاچان ئەۋەتىسىز؟

— ئەسلىدە بالدۇرراق ئەۋەتىۋەتسەم بولاتتى. ئەمدى ئىتتىكرەك پوچتىدىن سېلىۋەتسەم، چوقۇم بايرامغا ئۇل-گۇرۇپ بارىدۇ.

ماكرى يىڭنە ـ يىپ قۇتىسىدىن سۆسۈن رەڭ بىر يىپەك گالىستۇكنى ئالدى.

— مەن بۇنى ئۇنىڭغا ئاتاپ توقۇپ قويغان. بۇ رەڭ بەك ياخشى، شۇنداقمۇ؟ بۇنى ئەۋەتمەكچى بولغان نەر-سىلىرىڭىزگە قوشۇپ سېلىۋېتەرسىز. مېنىڭ سوۋغا قىلغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇڭ، قىزلارنىڭ دېرىزىسى تۇ-ۋىدە مۇھەببەت ناخشىلىرى ئېيتقاندا تاقىۋالار.

ئالېكساندىرا كۈلدى.

— ئامى ئۇنداق ئىشلاردىن يىراقتەك قىلىدۇ. ئۇ بىر پارچە خېتىدە، مېكسىكىلىق قىزلار خېلى چىرايلىق كې-لىدىكەن، دەپتۇ. بۇ گېپىدىن ئۇ قىزلار تازا ياراپ كەتمى-گەندەك قىلىدۇ.

— ئامى مېنى ئالدىيالمايدۇ، — دېدى ماكرى بېشى-نى سىلكىپ قويۇپ، — ئۇ ئەگەر بىر گىتار ئېلىۋالسا،

ئۈچ كىشىلىك قاچا ـ قۇچا تىزىلغانىدى، شىرە ئۈستۈر- سىدا بىر قاچا قىزغۇچ قوغۇنگۈل تۇراتتى.

— ۋاھ، ئەجەب چىرايلىق پەرۋىش قىپسىز، تازىمۇ جىق ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنى قىشنىڭ سوغۇقىدىن قان- داق ساقلىدىڭىز؟

ماكرى دېرىزە تەكچىسىدە لىققىدە تۇرغان پانۇسگۈل ۋە قوغۇنگۈللەرنى كۆرسەتتى.

— ئوچاقنىڭ ئوتىنى كېچىچە ئۆچۈرمەيمەن، لي خانىم. ھاۋا بەك سوغۇق بولۇپ كەتكەن كۈنلىرى ئۇلارنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكېلىپ، ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويىمەن. ئادەتتە كېچىدە ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا گېزىت قويۇپ قويىمەن. فرانك دائىم مېنى بىكار ئاۋارە بولۇۋاتى- سەن دەپ زاڭلىق قىلىدۇ، گۈللىرىم ئېچىلمىسا يەنە: «ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئۇ نېمىلىرىڭگە نېمە بوپتۇ؟» دەپ قويىدۇ. كارلدىن خەۋەر بارمۇ، ئالېكساندرا؟

— ئۇ دەرياغا مۇز توڭلاشتىن ئىلگىرى داۋسونغا بېرىۋاپتۇ. ئەمدى باھار كىرمىگۈچە ئۇنىڭدىن خەت كەل- مەسلىكى مۇمكىن. ئۇ كالىفورنىيەدىن كېتىشتىن ئىل- گىرى ماڭا بىر تەشتەك ئاپېلسىن گۈلى ئەۋەتىپتىكەن، لېكىن تازا ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغانىكەن. مەن سىزگە ئامىنىڭ بىرمۇنچە خېتىنى ئالغاچ كەلدىم، — ئالېكساند- را ياتاق ئۆيدىن چىقىۋېتىپ، ماكرىنىڭ يۈزىنى چاقچاق قىلىپ چىمداپ قويدى، — قارىسام سىزگە زادىلا سوغۇق ئۆتمەيدىكەن. سىز ئەزەلدىن زۇكام بولۇپ باقمىغان، شۇنداقمۇ؟ ھەقىقەتەن ياخشى قىز ـ دە سىز. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا مەڭزىلىرى مۇشۇنداق قىزىل ئىدى، لي خانىم.

دىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتتىكىلەر بوخېمىيلىكلەرنىڭ
ئالدىغا ئۆتەلمىسە كېرەك. بىر قېتىم چېركاۋدىكى كىچ-
لىك تاماقتا شىللېر خانىم ماڭا يەتتە خىل بولكا پىشۇرالايدى-
غانلىقىنى سۆزلەپ كەتكەنىدى. لېكىن بىزنىڭ ماكرى
ئون نەچچە خىل پىشۇرالايدۇ.

لې خانىم قوڭۇر رەڭ باش بارمىقى ۋە بىگىز بارمىقى
بىلەن بىر پارچە بولكىنى قىسىپ ئېلىپ دەڭسەپ باقتى.

— پەيدەك يېنىككۇ بۇ، — دېدى ئۇ رازى بولغان
ھالدا، — پاھ، نېمىدېگەن تەملىك! — ئۇ قەھۋەنى ئارى-
لاشتۇرۇۋېتىپ ۋارقىرىدى، — يەنە ئازراق مۇراببا يېگۈم
كېلىپ تۇرىدۇ.

ئالېكساندىرا بىلەن ماكرى ئۇنىڭ تاماق يېيىشكە
ئۇستىلىقىنى ماختاپ كەتتى. ئاندىن ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ
ئىشلىرىنى سۆزلەشكە چۈشۈپ كەتتى.

— ھېلىقى كۈنى كەچتە سىز بىلەن تېلېفوندا سۆز-
لەشكەندە، ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ زۇكامداپ قالغان ئوخ-
شايدۇ دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. نېمە بولغانىدىڭىز؟ يىغلى-
غانمىدىڭىز يا؟

— يىغلىغان بولسام كېرەك، — دېدى ماكرى خىجا-
لەت ئىچىدە، — شۇ كۈنى كەچتە فرانك كېچە بىر ۋاقىد-
چە قايتىپ كەلمىدى. بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى ئۆيدە ئۆ-
زىڭىز يالغۇز قالسىڭىز، سىزمۇ غېرىبسىنارسىز؟

— بىر ئاز غېرىبسىنىمەن. ئەگەر پەقەت بولماي
كەتسە، چىقىپ بىرەرى بىلەن مۇڭدىشىپ كىرىمەن.
سىز ئىچىم پۇشىدۇ دېسىڭىز، بىزلەر قانداق قىلساق
بولىدىكىنتاڭ، — دېدى ئالېكساندىرا.

مۇھەببەت ناخشىلىرى دېگەننى ياڭرىتىۋېتىدۇ. ھەرقانداق يىگىت شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ چاغدا ئىسپانىيىلىك قىزلار دېرىزىدىن گۈل دېگەننى ياغدۇرۇۋېتىدۇ! ئەگەر مەن بولىدىغان بولسام، ھەر كۈنى ئالخشىمى ناخشا ئېيتىپ قىزلارنى ئۇخلاتمىغان بولاتتىم. سىزمۇ شۇنداق قىلاتتىڭىزمۇ، لى خانىم؟

لى خانىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ماكرى دوختۇرپكىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. بىر خىل مەززىلىك پۇراق رەتلىك، پاكىز ئاشخانىنى بىر ئالدى.

— پاھ، ئەجەب مەززىلىك پۇراپ كەتتا! — دېدى خانىم ئالېكساندراغا قاراپ كۆز قىسىپ قويۇپ، ئۇچ تال ئۇتتۇر چىشى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ قالدى، — مېنىڭ چىشلىرىمغا لايىق تازا يۇمشاق پىشقاندەك قىلىدۇ!

ماكرى ئوخشىغان بولكىنى ئالدى. ئۇنىڭغا ئۆرۈك مۇراببىسى سۇركەپ، ئۇستىگە شېكەر چېچىلغانىدى.

— بۇ ئېغىزىڭىزغا تېتىپ قالار، لى خانىم. ئالېكساندرا بەك ياخشى كۆرىدۇ. بوخېمىيىلىكلەر مۇنداق بولكا بولمىسا قەھۋە ئىچمەيدۇ. ئەگەر بۇنى ياخشى كۆرمىسىڭىز، مېغىز ۋە كۆكنار سېلىپ پىشۇرغان قاتلىما بار. ئالېكساندرا، ئاۋۇ قايماق قۇتىسىنى ئېلىۋېتەمسىز؟ مەن ئۇنى توڭلاپ قالمىسۇن دەپ دېرىزىگە قويۇپ قويغان.

ئۇچەيلەن شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغاندا، ئالېكساندرا ئېغىز ئاچتى:

— بولكىنىڭ تۈزىنىڭ كۆپلۈكىگە كەلگەندە، دۇنيا-

زىرغىچە ساقلاپ يۈرۈپتۇ ـ دە؟ ئۇنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزۇن يىللار بولغان.

ــ دېمەكچى، ئۇ ھاسىمۇ؟

ــ شۇنداق. ئۇنى يۈرتىدىن ئالغاچ كەپتىكەن. ئۇ-نىڭ بىلەن دەسلەپ تونۇشقاندا، ئۇ بۇ ھاسىنى قولىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ غەلىتىمىكەن؟ بىچارە فرانك!

ئالېكساندرا ھاسىنى ئايلاندۇرۇپ قويۇپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ ئۇ بۇنى تۇتۇۋالسا شۇنداق قىزىق كۆرۈنەر؟

ماكرى چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ سۆز باشلىدى:

ــ ياق، ھەرگىز ئۇنداق كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ چاغدا فرانك بۇ ھاسىنى تۇتۇۋالسا ئازراقمۇ غەلىتە بىلىنمەيتتى. ئۇ ياش ۋاقتىدا شۇنداق تېتىك ئىدى. ئادەم ئۆزى خالىمىغان ئىشلارغا ھامان يولۇقۇپ تۇرىدىكەن، ئالېكساندرا، ــ ماك-رى شارپىسىنى بەكرەك چىڭ باغلىدى، كۆزلىرى يەنىلا ھاسىدا ئىدى، ــ فرانك ئەگەر لايىق كەلگۈدەك بىرەرنى تاپقان بولسا، ياخشى ماسلىشىپ كەتكەن بولاتتى، ــ ئۇ خىيال ئىچىدە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئەڭ بولمىغاندا بىر نۇقتا ئېنىق، ئۇ باشقىچىرەك بىر خوتۇن ئېلىشى كېرەك ئىدى. بىلەمسىز، ئالېكساندرا، ھازىر بولسا مەن فرانكقا ئەڭ ماس كېلىدىغان خوتۇن تېپىپ بېرەلەيمەن. چاتاق يېرى نېمىكەن دېسىڭىز، سىز بىر ئەرنىڭ قانداق خوتۇنغا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋالىدىكەنسىز، كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ دەل ئۇنىڭغا يارىمايدىغان خوتۇن ئىكەنلىكىڭىزنى سېزىدى-كەنسىز. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىز قانداق قىلغان بولات -

— دائىم ئۇنداق بولمايمەن. قاراڭ، لې خانىمنىڭ قەھۋەسى تۈگەپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن لې خانىم بەك چارچاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. لې خانىم ماكرىغا كانۋاي ئىشلەيدىغان ئەۋرىشكىسىنى بېرىپ تۇرۇشنى ئېيتقانىدى. ماكرى بىلەن ئالېكساندرا ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ ئۇنى تېپىپ چۈشمەكچى بولدى.

— پەلتويىڭىزنى كىيىۋېلىڭ، ئالېكساندرا، ئۈستى بەك سوغۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەۋرىشكىنى نەگە قويغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن. كونا ساندۇقلارنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئاختۇرىدىغان گەپ، — ماكرى بىر شارپىنى ئېلىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىدىغان ئىشىكنى ئېچىپ، ئۆزى ئالدىدا يۇگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، — مەن كىتاب جازىسىنىڭ تارتمىلىرىنى ئاختۇرۇپ باقاي، سىز فرانكنىڭ كىيىملىرى ئېسىلغان تام ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدىكى باش كىيىم سالىدىغان كوروپكىلارنىڭ ئىچىگە قاراپ بېقىڭ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە قالايمىقانچىلىقلار بار.

ماكرى تارتمىلارنى، ئالېكساندرا ئىشكاپنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئالېكساندرا بىر چاغدا رەڭگى سېرىق، ئېگىلىپ تۇرىدىغان بىر تاياقنى كۆتۈرۈپ ماكرىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بۇ نېمەڭلار، ماكرى؟ فرانك ئىلگىرى ئىشلەتكەن نەرسە ئەمەستۇ؟

ماكرى تاياققا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى، ئاندىن يەردە ئولتۇردى.

— ئۇنى نەدىن تېپىپ چىقتىڭىز؟ فرانك ئۇنى ھا-

— مۇشۇ ئەۋرىشكىلەرمۇ، ماكرى؟

ماكرى ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى.

— ھە راست، بىز ئەۋرىشكە ئىزدىگىلى چىققان ئىدۇق ـ ھە؟ مەن فرانكقا ماس كېلىدىغان خوتۇننىڭ ئىشىنى ئويلاپلا، ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن. ئەمدى بۇلارنى يىغىشتۇرۇۋېتەي.

ماكرى ھاسىنى فرانك يەكشەنبە كۈنلىرى كىيىدىغان كىيىملەرنىڭ ئارقىسىغا قويۇپ قويدى. ئۇ كۈلۈپ تۇر-غىنى بىلەن، ئالېكساندرا ئۇنىڭ كۆز چانىقىدا ياش لىغىر-لاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

ئۇلار ئاشخانىغا قايتىپ چۈشكەندە، سىرتتا قار يې-غىشقا باشلىغانىدى. مېھمانلار قايتماقچى بولدى. ماك-رى ئۇلارنى ھارۋىنىڭ يېنىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئالېك-ساندرا ئاتلارنىڭ ئۈستىگە ياپقان ئەدىياللارنى ئېلىۋاتقان-دا، ماكرى لى خانىمنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشىگە ياردەم-لەشتى. مېھمانلار ئۇزاپ كەتتى. ماكرى ئارقىسىغا بۇ-رۇلۇپ، ئۆيىگە ئالدىرىماي كىردى. ئۇ ئالېكساندرا ئە-كەلگەن خەتلەرنى قولىغا ئالدى، لېكىن ئوقۇمىدى. ئۇ خەتلەرنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، ئۈستىدىكى چەت ئەل مار-كىلىرىنى كۆرۈپ چىقتى، ئاندىن دېرىزە سىرتىدا لەپىل-دەپ چۈشۈۋاتقان قارغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاشخانا ئىچى بارغانسېرى گۇگۇملىشىشقا باشلىدى، ئوچاقتىكى ئوتنىڭ شولىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ماكرىنىڭ كۆڭلىگە ئايان، ئامى خەتنى نامدا ئالېك-ساندراغا يازغىنى بىلەن، يېزىلغانلىرىنىڭ تولىسى ماك-رىغا تەۋە گەپلەر ئىدى. بۇ يىگىتلەرنىڭ ھەدىسىگە ياز-

تىڭىز؟ — سورىدى ماكرى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن.

ئالېكساندرا بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ئوچۇقلا ئېيتتى.

— لېكىن، — دېدى ئۇ يەنىلا، — مېنىڭچە فرانك ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يامان دېگىلى بولمايدۇ. كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن قارىغاندا، ئەڭ بولمىغاندا، سىز تۇرمۇشتا ھەرقانداق بىر ئايالدىن تۆۋەن تۇرمايسىز.

— ئۇنداق ئەمەس، — ماكرى بېشىنى چايقىدى، لەۋلىرىنى ئۇچلاپ، ئاغزىدىكى ئىسسىق ھاۋانى سىرتقا پۈۋلىدى، — مەن ئائىلىدە ئەركە چوڭ بولۇپ قالغان، ئۆز بېشىمچىراق، ئاغزىم ئىتتىك. فرانك پو گەپ قىلسا، قىلچە يۈز قارىماي رەددىيە بېرىمەن. بۇ قىلىقىمنى ئۇ ھەرگىز كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، بۇنى ھەرقاچان سېزىپ تۇرىمەن. ئاندىن مېنىڭ مىجەزىم يېنىك، فرانكقا خوتۇن بولغۇچى يۈزى تۆۋەن بولۇشى، يۈرىكىدە بىر فرانكتىن باشقا ئادەم بولماسلىقى، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر جانلىققا كۆز سالماسلىقى كېرەك. مەن ئۇنىڭ بىلەن يېڭى توي قىلغاندا ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدىم. لېكىن مېنىڭ يەنىلا بەڭۋاشلىقىم بار ئىكەن، بۇ ئادىتىمنى ئۇزۇنغا داۋاملاش - تۇرالمىدىم، — ماكرى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى.

ماكرىنىڭ ئېرى توغرۇلۇق مۇنداق ئوچۇق گەپ قىل- غىنىنى ئالېكساندرانىڭ تۇنجى قېتىم ئاڭلىشى. ئۇ بۇ گەپنى كوچىلاشنى خالىمىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمايتتى. ماكرى ئىچ سىرىنى تۆكۈ- ۋاتقاندا، ئالېكساندرا كوروپكىلارنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئىزدەشنى توختاتمىغانىدى.

ئازادە يۈرگەن، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان مېھىر - مۇ-
ھەببىتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن
ئىدى. بىچارە فرانك، توي قىلىپ ھېچبىر خوشلۇق كۆر-
مىدى. مەن ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك ھەممە ئادەمنى ئۇنىڭغا
قارشى قىلىپ قويغان ئوخشىمامدىمەن. نېمىشقىكىن ئۇ-
نى دائىم ئۆزۈمنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلاندۇرۇپ كېلىۋېتىپ-
تىمەن. ئەگەر مەن بولمىسام، ئۇ باشقىلار بىلەن ئوبدان
چىقىشىپ ئۆتۈشى مۇمكىن. ئۇنى ئوسال ئەھۋالغا چۈ-
شۈرۈپ قويۇۋاتقان ئادەم مەن ئوخشايمەن.

ئۇ يىلى قىشتا، ئالېكساندرا كېيىن ئاشۇ كۈنى چۈش-
تىن كېيىنكى ئىشنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ ماكرىنىڭ
ئۆيىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ كەلگىنى
شۇ بولۇپ قاپتۇ. شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن،
ماكرىنىڭ مىجەزى بارغانسېرى ئۆزگىرىپ كەتتى، ئا-
لېكساندرا بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا، ئۆزىنى بۇرۇنقى-
دەك تەبىئىي تۇتالمايدىغان، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دېمەي-
دىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئېغىر غەم بېسىۋالغاندەك، كۆڭلى-
دە تۆكەلمەي يۈرگەن سىرلىرى باردەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار
بۇرۇنقىدەك كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرمىدى. بۇنىڭغا ھاۋامۇ
سەۋەبچى بولدى. يىگىرمە يىلدىن بېرى مۇنداق قاتتىق
قار - بوران بولۇپ باقمىغان، مىلاد بايرىمىدىن مارتقىچە
بولغان ئارىلىقتا دالىدىكى پۈتۈن چىغىر يوللار قېلىن قارغا
كۆمۈلۈپ ياتتى. بۇ ئىككى قوشنا بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە
بېرىش ئۈچۈن ھارۋا يولىدا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى،
ئارىلىق بىر ھەسسە يىراقلاپ كېتەتتى. ئۇلار كۈندە كەچ-
تە دېگۈدەك تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇردى. لېكىن 1 - ئايدا

دىغان خەتلىرىدىن ئەمەس، ئۇنىڭغا يۇرەك سۆزلەر سىڭ-
دۇرۇلگەن، قاتتىق ئويلىنىپ يېزىلغان. ئۇ خەتلىرىدە
ئەينى چاغدا پورفىرىئو دىئازنىڭ كۇچلۇك هۆكۇمرانلىقى
ئاستىدا تۇرۇۋاتقان قەدىمكى مېكسىكا پايتەختىنىڭ قايناق
هاياتى هەققىدە تەپسىلىي يازغاندى، كالا، خوراز سو-
قۇشتۇرۇش، چېركاۋ، شادلىق بايرىمى، گۇل بازىرى،
فونتانلار، مۇزىكا، تانسا، يەنە سان خونكى كوچىسىدى-
كى ئاشپۇزۇلدا ئۇچراشقان هەرقايسى ئەل زاتلىرى هەق-
قىدە ئېرىنمەي يازغاندى. ئومۇمەن، مۇنداق خەتلەرنى
يىگىتلەر سۆيگەن قىزلىرىغا يازىدۇ. مەقسەت، ئۆزى ۋە
ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى هەققىدە ئۇلاردا قىزىقىش پەيدا قى-
لىش، ئۆزىنى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قوينىغا تاشلاش.
ماكرى ئۆزى يالغۇز قالغاندا ياكى كەچتە ئولتۇرۇپ
يىڭنە ئىشلىرىنى قىلىۋاتقاندا، ئامى تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ
قانداقلىقى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلارغا غەرق بولۇپ
كېتىدۇ. ئۇ يەردە گۇللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرىدۇ،
كوچا سەنئەتكارلىرى بازارنى چاك كەلتۈرۇپ يۇرىدۇ،
پەيتۇنلار موكىدەك ئۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. چېركاۋنىڭ ئىشى-
كىدە ئاياغ مايلايدىغان بىر ئەما بالا بار، سەن قانداق
مۇزىكىنى تەلەپ قىلساڭ، ئۇ ئاياغ كوروپكىسىنىڭ ئاغ-
زىغا چېكىپ ئورۇنلاپ بېرىدۇ. . ماكرى يىگىرمە ئۇچ
ياشقا كىرىپلا بۇ دۇنيانىڭ خۇشاللىقلىرىدىن ئايرىلىپ
قالغانىكەن، ئىستىقبالى پارلاق ياش تەۋەككۇلچىگە تە-
سەۋۋۇرنى بولسىمۇ هەمراھ قىلىپ قويۇۋەتسۇن، بۇنىڭ
ئۆزىمۇ بىر خۇشاللىق. «ئەگەر مېنى دېمىگەن بولسا، —
ئويلىدى ماكرى، — فرانك ئىلگىرىكىدەكلا ئەركىن -

ـداق قېتىپ كەتتى، سۆندۈرمەن دېسەڭىز ئاسانلا قولـ
ـڭىزنى يارىلاندۇرۇۋالىسىز. لېكىن ئاشۇ سوغۇق قار دۆـ
ۋىلىرى ئاستىدىكى دەرەخ يىلتىزىدا ھاياتلىق سىرلىرى
يەنىلا مەۋجۇت، خۇددى ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى قاندەك
ئىللىقلىق بار. باھار يەنە كېلىدۇ، ئاھ، باھار چوقۇم
كېلىدۇ!

2

ئالېكساندىرا تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي بولغان بولسا،
ماكرىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلالىغان،
ئامىنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىنى بۇرۇنلا كۆرۈپ يەتكەن بولاتـ
تى. لېكىن، ئامى نۇرغۇن قېتىم ھېس قىلغىنىدەك، بۇ
دەل ئالېكساندىرانىڭ ئاجىزلىق تەرىپى ئىدى، يەنە بىر
تەرىپى، ئۇ ياشاۋاتقان تۇرمۇش مۇھىتىمۇ ئۇنىڭ كۆزـ
ـتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرالمايتى. ئۇ پۈتۈن زېھنىي كۈچىـ
ـنى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا قاراتـ
ـقان، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى، ئالاھىدىلىكلىرى ئاـ
ساسەن تەبىئىي پېتى قالغان. بۇ گويا يەر ئاستىدىكى بىر
ئېقىنغا ئوخشايدۇ، نەچچە ئايدا بىرەر قېتىم تاسادىپىي يەر
ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ يەر ئاستىغا
چۈشۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ يوقاپ كەتمەيدۇ، يەر ئاستىدا
يەنىلا مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئىگىلىكىنىڭ باشقىلارغا قارىغانـ
ـدا گۈللەپ ياشنىشىدا باشقا ئالاھىدە سىر يوق، ئۇ مول
تەبىئىي ئىقتىدارىنى ئۆزىنىڭ ئىشىغا مەركەزلەشتۈرگەن،
بارلىقىنى ئۇنىڭغا ئاتىغان.

تېلېفون ئۈچ ھەپتە ئۈزۈلۈپ قالدى.

ماكرى ئەڭ يېقىن قوشنىسى شىللېر خانىمنى پات - پات يوقلاپ تۇردى. شىللېر خانىمنىڭ رېماتىزىم كېسىلى ئېغىر بولغاچقا ماڭالمايتتى، ئۇنىڭغا موزدۇزلۇق قىلىدىغان يالغۇز توكۇر ئوغلى قارايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ماكرى ھەرقانچە قار - يامغۇر بولسىمۇ، فرانسىيە چېركاۋىغا ۋاقتى - ۋاقتىدا بېرىپ تۇردى. ئۇ ھەقىقىي تەقۋادار قىز. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن، فرانك ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلدۇ، يەنە ئېزىتقۇلۇق، چۈشكۈنلۈك بىلەن تولغان ئەيش - ئىشرەت دۇنياسىدا تۇرۇۋاتقان ئامى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ. شۇ يىلى قىشتا، ئۇ ھەرقانداق يەرگە قارىغاندىمۇ، چېركاۋدىن ئۆزىگە بەكرەك تەسەللى تېپىپ كەلدى. چېركاۋ ئۇنىڭغا بارغانسېرى يېقىنلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازابلاۋاتقان بوشلۇقنى تولدۇرۇپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئېرىگە ئىمكان بار سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ئېرى كەچلىرى دائىم ئىشلەمچىلەر بىلەن قارتا ئوينايتتى، ماكرى بىر چەتتە ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلاتتى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن چىراي ئېچىپ ئولتۇراتتى. لېكىن كۆڭلىدە ئويلاۋاتقىنى كەڭ دالا ئىدى. سىرتتىكى چىتلاقلار ئۈستىدە قارلار ئۇچۇپ يۈرىدۇ، باغدىكى كۆچەتلەر ئاپئاق قاردىن لىباس كىيگەندى. ئۇ گۈللىرىنىڭ غېمىنى قىلىپ قاراڭغۇ ئاشخانىغا كىرگەندە، ئاپئاق قارغا كۆمۈلۈپ ياتقان دالىغا، باغ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن قارلارغا دېرىزىدىن قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ ئاشۇ قېلىن قارلارنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ باقاتتى. ھازىر دەرەخ شاخلىرى شۇن-

ئۆردەكتەك چىرايلىق جانىۋارنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئىدى. ئامما شۇنداق ھېسسىياتتا بولسا كېرەك. چۈنكى ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇ شۇ ئىشنى پات - پات سۆزلەپ يۈردى: «ھەدە، ئېسىڭدە باردۇ، بىز كۆرگەن ھېلىقى ياۋا ئۆردەك...» ئالېكساندرانىڭ خاتىرىسىدە، ئۇ ھاياتىدا ئەڭ خۇشال ئۆتكەن بىر كۈن. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇ ياۋا ئۆردەكنى ئېسىدىن چىقارمىدى، گويا ئۇ ئۆردەك ھازىرمۇ شۇ يەردىدەك، قۇياش نۇرى ئاستىدا ئۆزى تەنھا سۇ ئۈزۈپ يۈرگەندەك، مەڭگۇ قېرىماس، مەڭگۇ ئۆزگەرمەس پەرىزات قۇشتەك تۇيغۇدا بولۇپ يۈردى.

ئالېكساندرانىڭ نۇرغۇن كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلىرى مانا مۇشۇ ئىشقا ئوخشاش ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز. لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. ئۇنىڭ ئىدىيىسى گويا بىر پارچە ئاق كىتاب، ئۇنىڭغا ھاۋا رايى، مال - چارۋا ۋە جىمى جانلىقنىڭ ئىشلىرى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتابنى ئوقۇشنى خالايدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس، پەقەت ئاز ساندىكى بەختلىك ئادەملەر بۇنىڭ سىرتىدا. ئۇ مۇشۇ كەمگىچە بىرەر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان، ئۇ توغرۇلۇق ئاچچىق - تاتلىق خىياللاردىمۇ بولۇپ باقمىغان. ئۇ ياش چاغلىرىدىمۇ ئەرلەرنى پەقەت كۈندىلىك ئىشلىرىدىكى ھەمراھى دەپلا بىلەتتى. ئۇ ئېغىر يىللاردا ئۆسۈپ چوڭ بولغان.

گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن قىزلىق دەۋرىگە پەقەت بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ سىڭىپ كەتكەن. بۇ

ئۇ قارىماققا تولىمۇ تىنچ كۆرۈنىدىغان تۇرمۇشىدا، بىر مەزگىل ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلغان، بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەتراپىدىكى تەكشى، جىگەر رەڭ دۇنيا بىلەن ئالاھىدە يېقىنلاشقاندەك ھېس قىلغان كۈنلىرى. تۇپراقتىكى قايناق ھاياتىي كۈچ ئۇنىڭ بەدىنىگە سىڭىپ كىرگەندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن يەنە ئامى بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەسلەشمۇ كۆڭۈللۈك. بىر يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتتى، ئالېكساندرا ئامىنى ئېلىپ دەريا بويىدىكى يەرلەرنى كۆرۈپ كەلگىلى ماڭدى. ئۇلار سەھەردىلا يولغا چىققان، چۈش بولغاندا نۇرغۇن يول بېسىپ بولغانىدى. ئامى قورسىقىم ئېچىپ كەتتى دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئارقىسىغا قايتتى. يول ئۈستىدە ئاتنى سۇلۇغا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى دەريا بويىدىكى ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن تۆپىلىككە چىقىپ، قارىياغاچنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تامىقىنى يېدى. ئۇزۇندىن بېرى يامغۇر ياغمىغاچقا، دەريا سۈيى ئازلاپ تېگى كۆرۈنۈپ قالغان، يالىلداپ پارقىراپ تۇرغان قۇملار سىرغىپ ئېقىپ تۇراتتى. قارشى قىرغاقتىكى مەجنۇنتالنىڭ ئايىغىدا تار بىر بوغۇز بار ئىدى، ئۇ يەردىكى سۇ خېلى چوڭقۇر، خۇددى قۇياش نۇرى ئاستىدا مۈگدەپ قالغاندەك، تولىمۇ ئاستا ئاقاتتى. ئۇ يەردە بىر يالغۇز ياۋا ئۆردەك يۈرەتتى. ئۇ سۇغا بېشىنى چۆكۈرۈپ، پەيلىرىنى تاراپ، ئەركىن - ئازادە ئۈزۈپ ئويناپ يۈرەتتى. ئالېكساندرالار ئۇ يەردە خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى، ئۆز ئالدىغا پەيزى سۈرۈۋاتقان ئۆردەكنى قانغۇچە تاماشا قىلدى. ئالېكساندرا ئاشۇ ياۋا

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ ئۇنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان چاغلاردا ئەمەس، كۆپرەك ئېغىر چارچاپ كەتكەن چاغلاردا پەيدا بولىدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە ئۇ سىرتتا پۈتۈن بىر كۈن ئىشلەيدۇ، ئىشلەمچىلەرنىڭ ماللارغا تامغا بېسىشىغا نازارەت قىلىدۇ، ياكى چوشقىلارنى هارۋىغا بېسىشىدۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، بەدەنلىرى مۇز چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. مۇنداق چاغلاردا، ئۇ ئۆيدە ئېچىتىلغان پۇراقلىق ئىسسىق هاراقتىن بىر رومكا ئىچىۋېلىپ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتىدۇ، هارغىنلىقتىن پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىيدۇ. بۇ چاغدا، ئۇ ئۇيقۇغا كېتىشتىن ئىلگىرى هېلىقى خىيالىي تۇيغۇ يەنە پەيدا بولىدۇ: بىر ئادەم ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭىدۇ، ئۇ تولىمۇ بەستلىك ئەر، ئۇنىڭ پۈتۈن هاردۇقىنى چىقىرىۋېتىدۇ.

خىل خىيالىي تۇيغۇ كۆپرەك يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن پەيدا بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ بىر ھەپتە ئىچىدە قانغۇچە ئۇخلاپ، ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرىدىغان بىر كۈن. ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ سەھەردىكى ئۆزگىچە تونۇش ئاۋازلارغا قۇلاق سالىدۇ — تۇگمەندىكى چاقپەلەكنىڭ شامالدا غىچىرلىغان ئاۋازى، يەنە ئاممىنىڭ ئاشخانا ئالدىدا ئايغىنى مايلىغاچ ئىسقىرت-قان ئاۋازى. ئۇ مۇشۇنداق ئېرىلىپ ياتقان بەزى چاغلار-دا، ئاجايىپ بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ، ناھايى-تى بەستلىك بىر ئادەم ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاستا ئېلىپ ماڭى-دۇ. ئۇ ئادەم ئەلۋەتتە ئەر، لېكىن ئۇ تونۇيدىغان ئەرلەرگە قىلچە ئوخشىمايدۇ، ئۇلاردىن قاۋۇل، بەستلىك، چاق-قان، ئۇنى خۇددى بىر باغ سامانىنى كۆتۈرگەندەك، كۆ-چىمەيلا كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. ئالېكساندرا ئۇ ئەرنى ئەزەل-دىن كۆرۈپ باقمىغان، لېكىن ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۇ ئەرنىڭ قۇياش نۇرىدەك ئالتۇن رەڭ، ۋايىغا يېتىپ پىشقان قوناقتەك خۇش پۇراقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ئۇ ئەرنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاشقانلىقىنى، ئېڭىشىپ ئۇنى كۆ-تۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ قۇ-چىقىدا ئېتىز - دالىدا شامالدەك تېزلىكتە كېتىۋاتقانلىقى-نى سېزىدۇ. ھەر قېتىم مۇشۇنداق خىيالىي تۇيغۇدىن كې-يىن، ئۇ ئۆزىگە خاپا بولىدۇ، ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ، ئاشخانىدىن ئايرىپ ياسىۋالغان مۇنچىدا بولۇشىغا يۇيۇنى-دۇ، ئاخىرىدا قاشتېشىدەك سۈزۈك بەدىنىگە بىرنەچچە چېلەك سوغۇق سۇ تۆكۈش بىلەن بولدى قىلىدۇ. «چېكرا سىزىقى» دىكى ھەرقانداق بىر ئەر بۇ بەدەننى كۆتۈرۈپ ئۇزۇنغا ماڭالمايدۇ.

كىيگەن، بېلىگە يىپەك بەلۋاغ باغلىغان، ئۈچىسىغا كۆمۈش تۈگمىلىك قارا مايكا كىيگەنىدى. ئامى تۈنۈگۈن كەچتە قايتىپ كەلگەنىدى. ھەدىسىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ مەستلىكى كەلدى، ئۇنى چىركاۋدا يېپىلىدىغان كەچلىك تاماقتا بىللە ئېلىپ بارماقچى بولدى، ئۇنىڭغا مېكسىكىدىن ئالغاچ كەلگەن كىيىملىرىنى كىيۈۋېلىشنى تاپىلىدى. ئۇ بۇنى مۇنداق چۈشەندۈردى:

— يۇز - ئابرۇيلۇق ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرى چىركاۋغا غەيرىي - غەيرىي ياسىنىپ بارىدۇ، بەزى يىگىتلەرمۇ شۇنداق. ماكرى ئۇ يەردە كىشىلەرگە پال ئاچىدۇ. ئۇ ئوماخادىن بىر قۇر بوخېمىيە كىيىمى ئەكەلدۈرۈپتۇ، ئۇ كىيىملەرنى دادىسى يۇرتىغا بارغاندا ئالغاچ كەلگەنىكەن. سەن بۇ كىيىملەرنى كىيىپ بارساڭ، ئۇلار چوقۇم خۇشال بولىدۇ. ئاندىن گىتارىڭنى ئېلىۋال. بۇ سورۇنغا ھەربىر ئادەم قولىدىن كېلىشىچە كۈچ چىقىرىشى كېرەك. بىز بۇ جەھەتتە ھازىرغىچە بىرەر ئىش قىلالمىغانىدۇق. ئىلگىرى بىرەر ئىش قىلىشمۇ قولىمىزدىن كەلمىگەنىدى.

كەچلىك تاماق سائەت ئالتىدە چىركاۋنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە يېپىلەتتى، ئارقىدىن خەير - ساخاۋەت يىغىلىشى بار ئىدى، تېپىشماق تېپىش ئويۇنى، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ئېلىپ بېرىلاتتى. ئالېكساندرا ئۆيدىن سەھەر يولغا چىققان، ئۆينى سىگنا بىلەن نىلېس جانسونغا تاشلاپ بەرگەنىدى، ئۇلار كېلەر ھەپتە توي قىلماقچى ئىدى. سىگنا تارتىنىش ئىچىدە، توينى ئامى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

ئالېكساندرا ئىنىسىدىن تولىمۇ رازى. ئۇلار ھارۋا

# تۆتىنچى قىسىم ئاق ئۈجمە دەرىخى

## 1

فرانسىيە چېركاۋى (ھەقىقىي نامى ساينت ئاگنېس
چېركاۋى) كىچىك تاغ چوققىسىغا جايلاشقان. نەچچە
چاقىرىم يىراقلىقتىن كەڭ كەتكەن ئېتىزنىڭ ئۈستىدىن
قارىسىڭىز، قىزىل خىشتا سېلىنغان ئېگىز ئىمارەتنى،
ئۇنىڭ ئۇچلۇق ئۆگزىسىنى كۆرىسىز. لېكىن ساينت
ئاگنېس كەنتى تاغ ئېتىكىدە چۆكۈپ ياتىدۇ. چېركاۋ
ئېگىزدە، ھەممىگە نەزەر تاشلاپ تۇرىدۇ، پەستىن قارى-
غاندا تولىمۇ ھەيۋەت كۆرۈنىدۇ. تاغ باغرى كەتكەن ئې-
تىزلىق. چېركاۋنىڭ جايلاشقان ئورنى ۋە ئەتراپىدىكى
مەنزىرە ئادەمگە فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېتىز-
لىق ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەدىمىي چېركاۋنى
ئەسلىتىدۇ.

ئىيۇنىنىڭ بىر چۈشتىن كېيىن، ئالېكساندرا بوگسېن
مۇنبەت فرانسىيە كەنتىدىن چېركاۋغا بارىدىغان يولدا
ھارۋا بىلەن كېتىۋاتاتتى. كۈن نۇرى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇدۇل
چۈشۈپ تۇراتتى، تاغ ئۈستىدىكى قىزىل رەڭلىك چېر-
كاۋ شەپەق نۇرىغا چۆمگەنىدى. ئالېكساندرانىڭ يېنىدا
چەت ئەللىكلەردەك غەيرىي كىيىنگەن بىر يىگىت ئولتۇ-
راتتى. يىگىت بېشىغا مېكسىكىنىڭ ئېگىز قالپىقىنى

بولغىن، دۇنيادا بۇنىڭدىن كۆڭۈللۈك ئىش يوق ئىكەن. ياق، ياق، ئانچىلىك ئازراقمۇ بىئارام بولمىدى. ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولدى. بالا بۇ دۇنياغا كۈلۈپ كەلدى، ھازىرغىچە چىرايىدىن كۈلكە كەتمىدى، بارساڭ كۆرىسەن! — ئۇ ئامىنىڭ بىقىنلىرىغا نوقۇپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى.

— نوقۇۋەرمىگىنە، بىقىنلىرىمنى تېشىۋەتمىگىن يەنە، — دېدى ئامى ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، — مەن بالاڭغا ئىستاكان، قوشۇق، ئەدىيال، ئاياغ دېگەندەك بىر تاغار نەرسە ئېلىپ كەلدىم. بىرەر دارىلئېيتام ئاچساڭمۇ يېتىدۇ. مەن ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنلىكىڭدىن بەك خۇشال بولدۇم، راست دەۋاتىمەن!

يىگىتلەر ئامىنى ئارىغا ئېلىۋېلىشقان، ئۇنىڭ كىيىملىرىگە ھەۋەس بىلەن قارايتتى، ئۇ كەتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا بىراقلا سۆزلەپ بەرگۈسى كېلەتتى. نورۋېگىيە جىلغىسىغا قارىغاندا فرانسىيە كەنتىدە ئامىنىڭ ئاغىنىلىرى كۆپرەك ئىدى. فرانسىيە ۋە بوخېمىيە يىگىتلىرى شوخ، خۇش چاقچاق، يېڭىلىققا ھېرىسمەن ئىدى. نورۋېگىيە ياشلىرى ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، شەخسىيەتچى، كۆرەلمەس ئىدى. ئامى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاچقا، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ قالغان، ئەگەر ئامى ئۇلارغا يوغانچىلىق قىلسا، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىدى. فرانسىيە يىگىتلىرى بولسا زامانىنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىمايتتى، باشقىلاردىن يېڭى - يېڭى ئىشلار — يېڭى پاسوندىكى كىيىم - كېچەكلەر، يېڭى ئويۇن، يېڭى ناخ-

بىلەن ئېگىز ـ پەس فرانسىيە كەنتىدىن ئۆتۈپ، ئېگىز-لىكتىكى چېركاۋغا كېتىۋاتقاندا، ئالېكساندرانىڭ خىيالـ-غا ناھايىتى ئىلگىرىكى ئامى بىلەن دەريا بويىدىن ھارۋىـ-لىق قايتىپ، تېخى بويسۇندۇرالمىغان «چېگرا سىزىقى»-غا كېلىۋاتقان چاغدىكى مەنزىرىلەر كەچتى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېدى: شۇنداق، ئۆكۈنگۈدەك ئىش يوق. ئامىمۇ، ئۇنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىمۇ ئۇنى ئۇمىدسىزلەن-دۈرمىدى. بۇ ئائىلىنىڭ بالىلىرى ئىچىدە سىرتقى دۇنيا-غا ماسلىشالايدىغانلاردىن ئاخىر بىرى چىقتى، ئۇ يەرگە باغلىنىپ قالمىدى، يەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئۆز ئالدىغا خاسلىق ياراتتى. ئالېكساندرا ئويلىدى، مانا بۇ ئۇنىڭ تىرىشىش نىشانى ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ھايا-تىدىن ناھايىتى رازى.

ئۇلار چېركاۋغا يېتىپ كەلگەندە، يەر ئاستى ئۆيـ-نىڭ ئىشىكى ئالدىغا نەچچە ئون ئات ھارۋىسى باغلىنىپ كەتكەنىدى. يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئىشىكى تاغ چوققىسىغا ئېچىلغان، سىرتى يىگىتلەر چېلىشىپ ئوينايدىغان، ئې-گىزگە سەكرەشنى مۇسابىقىلىشىدىغان قۇملۇق مەيدانى ئىدى. ئامېردا شۇارنىنىڭ ئاتا بولغىنىغا بىر ھەپتە بولغا-نىدى. ئۇ ئېتىلىپ چىقىپ ئامىنى قۇچاقلىدى. ئامېردا يالغۇز ئوغۇل، شۇڭا توققۇزى تەل ئىدى. ئۇ كىچىك ئاپىسىنىڭ ئېرى زاۋئېيدەك يىگىرمە بالا تېپىشنى ئويلايد-تى.

— سەن مېنىڭ بالامنى كۆرگىلى نېمىشقا كەلمەيـ-سەن؟ — دېدى ئامېردا ئامىنى چىڭ قۇچاقلاپ، — ئەته چوقۇم كەلگىن بولامدۇ؟ ئامى، ئۆيلىنىپ دەرھال بالىلىق

ئىچىگە ئاق باغىرداق تاقاپ، ئاق كوپتا كىيگەنىدى. بې-
شىدىكى سېرىق يىپەك ياغلىق چاچلىرىنى يېپىپ تۇرات-
تى. قۇلىقىغا ئۇزۇن مارجان ھالقا ئېسىۋالغانىدى. ئۇ
يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى، ھاممىسى ئۇنىڭ قۇلىقىنى
تېشىپ قويغان. ئۇ چاغلاردا يۇقۇملىنىپ قېلىش دېگەن-
لەرگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيتتى، سۇپۇرگىنىڭ
تېلىدىن بىر تالنى سۇندۇرۇپ قۇلاققا ئۆتكۈزۈپ قوياتتى،
جاراھەت ساقايغاندا، ئاندىن كىچىك ئالتۇن ھالقا سېلىپ
قوياتتى.

ئامى كەنتتىن قايتىپ كېلىپ، ھېلىقى ئاغىنىلىرى
بىلەن ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىدا تۇراتتى. ماكرى ئۇنىڭ
گەپ قىلغانلىقىنى، گىتار چالغانلىقىنى ئاڭلىدى، لاۋېر
ماسسېر ئاۋازىنى غەلىتە چىقىرىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.
ئامى كىرمىگەنسېرى ماكرىنىڭ ئىچى تىتىلداپ كېتىۋا-
تاتتى، ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى كۆرەلمەسلىك ئۇنىڭغا
ئەلەم قىلغانىدى. ئۇ بىرمۇنچە يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئامى-
نى ئىزدەش قاملاشمايتتى. تاماقتا قوڭغۇراق چېلىنىپ،
يىگىتلەر كىرىپ بىرىنچى شىرەدە ئولتۇرۇشقا باشلىغان-
دا، ماكرى ھەممىنى ئۇنتۇپ، يىگىتلەر ئىچىدىكى بويى
ھەممىدىن ئېگىز، كىيىنىشى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرق-
لىنىپ تۇرىدىغان يىگىتكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ
ئوڭايسىزلىنىشلىرىنى قىلچە يوشۇرمىدى، ئامىغا قولىنى
ئۇزاتقاندا چىرايى قىزارغان، كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ئۇ
ئامىنىڭ قارا رەڭلىك چاپىنىغا خۇشاللىق بىلەن قاراپ
كەتتى. بۇ چاپان ئامىنىڭ ئاق تېرىسى ۋە ئالتۇن رەڭ
چاچلىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇپ تۇراتتى. ماكرى بىر

شا، يېڭى ئۇسسۇل توغرۇلۇق پاراڭلارنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. ئۇلار شۇ تاپتا كەنتنىڭ ئۇ بېشىدىكى پوچتىخانىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئەمدىلا سېلىنغان كۇلۇبنى كۆرستىپ كېلىش ئۇچۇن، ئامىنى ئارىغا ئېلىپ مېڭىشىتى. ئۇلار تاغ باغرىغا يۇگۇرۇپ چۇشۇشتى. ئۇلار توختىماي كۇلۇشەتتى، گەپ قىلىشاتتى، بەزىلىرى ئىنگلىزچە، بەزىلىرى فرانسوزچە سۆزلەيتتى.

ئالېكساندرا يېڭى ئاقارتىلغان سالقىن يەر ئاستى ئۆيىگە كىردى. ئاياللار شىرەلەرنى راسلاۋاتاتتى. ماكرى ئورۇندۇق ئۇستىگە چىقىۋالغان، چاققانغىنا چېدىر ياساش بىلەن ئالدىراش ئىدى، چېدىر ئىچىدە باشقىلارغا پال سالماقچى ئىدى. ئۇ ئورۇندۇقتىن سەكرەپ چۇشۇپ ئالېكساندراغا قاراپ يۇگۇردى، يېرىم يولغا كەلگەندە توختاپ قېلىپ، ئۇمىدسىزلەنگەن هالدا ئۇنىڭغا قارىدى.

— هە، ئۇ بىردەمدىن كېيىنلا كېلىدۇ، ماكرى. يىگىتلەر ئۇنىڭغا نېمىنىدۇ كۆرسەتكىلى بىر يەرگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنى كۆرسىڭىز تونۇمايسىز، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى يېنىمدا كىچىك بالا قالماپتۇ. ئۇنىڭ چېكىشى مېكسىكا تاماكىسى، سۆزلىشى ئىسپانچە بولۇپ كېتىپتۇ. سىز بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، قىزچاق. بۇ چىرايلىق هالقىنى نەدىن ئالدىڭىز؟

— بۇ مومامنىڭ هالقىسى ئىدى، دادام ماڭا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يۇرگەن، بۇ قېتىم كىيىم - كېچەكلەر بىلەن بىللە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. ئەمدى ئۇ مېنىڭ بولدى.

ماكرى ئۇچىسىغا قولدا توقۇلغان يوپكا، ئۇستىگە

شۇئارىنىغا (ھېلىقى يىگىرمە بالىنىڭ ئانىسى) ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كالا بىلەن ئېلىشىش ئويۇنىدا بىر تورېئادورنىڭ ئۆلگەنلىك ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۇندىدى. ماكرى ئانىنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ قالدۇرماي ئاڭلايتتى، پەقەت فرانكىنىڭ تەخسىسىگە يېمەكلىك سېلىپ بېرىۋاتقاندىلا كۆزلىرى ئانىدىن بىردەملىك ئايرىلاتتى. ئانىنىڭ ھېكايىسىدىن قان پۇراپ تۇراتتى، زاۋئې خانىم تولىمۇ قىزىقىپ ئاڭلىدى، ئۆزىنىڭ تورېئادور بولۇپ قالمىغىنىغا شۈكۈر قىلدى. ئانى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولغاندا، ماكرى سوئال دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى: ئاياللار كالا بىلەن ئېلىشىشنى كۆرگىلى بارغاندا قانداق كىيىم كىيىدىكەن؟ قارا ياغلىق ئارتىۋالامدىكەن؟ ئۇلار ئەزەلدىن بېشىغا شلەپە كىيمەمدىكەن؟

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ياشلار چوڭلارغا تېپىشماق تېپىش ئويۇنى ئويناپ بەردى. ئويۇن ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا، چوڭلار قىزىق پاراڭلارنى قىلىشىپ ئولتۇردى. ئۇ كۈنى سودىگەر ۋە دۇكاندارلارنىڭ خەير - ساخاۋەت يىغىلىشىغا تولۇق قاتنىشىشى ئۈچۈن، ساينت ئاگنېستىكى بارلىق دۇكانلار كەچ سائەت سەككىزدىلا تاقىلاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ھەممىدىن قىزىقتى. چۈنكى فرانسۇز يىگىتلەر باھا قويۇشتا ئېلىشىپ قالغاندەك مىجەزى بار ئىدى، پۇلنى ھەرقانچە بۇزۇپ - چاچسىمۇ كۆڭلىدە پۇشايمان قىلمايتتى. بارلىق يىپ - يىڭنە خالتىسى، ئورۇندۇق - كۆرپىسى ۋە كەشتىلەنگەن ساپما كەشلەر سېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئانى كۆڭلىكىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى چۈشكەن قىممەت-

نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. خۇشال بولسا پۈتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەس-سەپ چاۋاك چېلىشتىن يانمايتتى. ئەگەر باشقىلار شاڭ-خو قىلسا، ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ كۈلەتتى.

— ئۇ يەردە ئەرلەر كوچىغا چىقسا مۇشۇنداق كىيىم كىيىۋالامدۇ؟ — ماكرى ئامىنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ بىر ئاي-لىنىپ چىقتى، — ئاھ، مۇشۇنداق كىيىملەرنى كىيىدى-غان ئادەملەر بار يەردە بولۇپ قالسامچۇ! تۈگمىسى جىڭ كۈمۈشمۇ؟ شىلەپىنى كىيىپ بېقىڭا، كۆرۈپ باقاي، بەكلا ئېغىردەك قىلىدىغۇ، قانداق كىيىپ يۈرىسىز؟ بىز-گە كالا بىلەن ئېلىشىش ئويۇنى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي دېمەيسىزغۇ؟

ماكرىنىڭ ئامى كەتكەندىن بېرى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىراقلا تۆكۈۋەتكۈسى، بىر مىنۇتمۇ ساقلىغۇ-سى يوق ئىدى. ئامى چىرايىدا خۇشاللىق كۈلكىسى، يەنىلا شۇ ئېغىر - بېسىقلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە، ئاق كۆڭلەك كىيگەن فرانسۇز قىزلارمۇ ئامىنىڭ ئەتراپى-دىن ئايلىنىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ئالېكساندىرا بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ماكرىغا مە-لۇم، بىرنەچچە فرانسۇز قىز ئامى بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى. ئۇ ئامىنىڭ ھەدىسى بىلەن بىر شىرەگە ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىر-جەم بولدى. ئۇ فرانكنى ئۇلارنىڭ شىرەسىگە تارتىپ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ياخشىراق ئاڭلاش ئۈچۈن، ھەدە - ئىنىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. ئالېكساندىرا ئامىنى زاۋئىي

سىرەپ، ــ ئۇ ئادامىس ئارىلى، ئاپامنىڭ يۇرتى. سىز ناھايىتى زېرەك ئىكەنسىز، قىزىم، ــ ئۇ ماكرىنىڭ سېرىق ياغلىقىنى ئۇرۇپ قويۇپ ۋارقىرىدى، ــ كېلىڭلار، يىگىتلەر! بۇ يەردە ئالدىن كۆرەر ھەقىقىي بىر دانىشمەن بار ئىكەن!

ماكرى پال ئېچىشقا ئۇستا ئىدى، بەزىدە پالغا مەسخىرىلەرنىمۇ قوشۇپ قوياتتى. ئۇ مال - دۇنيا دېسە جېنىنى بېرىدىغان بىرونوغا، سىز بارلىق پۇلىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنسىز، ئون ئالتە ياشلىق بىر قىز بىلەن توي قىلىپ، قاتتىق - قۇرۇق بولكىلارنى غاجىلاپ، خۇشال - خورام كۈن ئۆتكۈزىدىكەنسىز، دېدى. قورسىقىغا ئۆلگۈدەك ئامراق رۇسسىيلىك سورتقا، سۆيگىنىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنسىز، ئورۇقلاپ قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالىدىكەنسىز، كېيىن دەردكە چىدىماي ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋالىدىكەنسىز، دېدى. ئامېردغا بولسا، يىگىرمە بالىلىق بولىدىكەنسىز، ئۇنىڭ ئون توققۇزى قىز ئىكەن، دېدى. ئامېردا فرانكنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ، ئۆزۈڭنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق سەنمۇ پال ئاچقۇزۇپ باقساڭ بولمامدۇ، دېدى. فرانك ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ غۇدۇردىدى:

ــ ئۇ ماڭا ئاللىبۇرۇنلا پال سېلىپ بولغان، پېشانەم تەتۈر ئىكەن! ــ ئۇ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ، خوتۇنىغا غەزەپ بىلەن قارىدى.

فرانك يۈرىكىدىكى كۈندەشلىك ئازابىنى بېسىش ئۈچۈن، بىرەر ئادەمنى تېپىپ زەھرىنى چېچىشنى ئويلايتتى، ئويلىغانسېرى ئازابلىناتتى. بەزىدە ئۇ ئويلاپ كېتىپ

لىك تاش تۇگمىنى ئېلىپ، كىم ئارتۇق قىلىپ ساتقۇچى-
نىڭ قولىغا بەردى. سورۇندا قاتتىق غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.
فرانسۇز قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ
قىلاتتى. قىزلارنىڭ سۆيگەن يىگىتلىرى بىر - بىرىگە
پول بەرمەي باھانى ئۆرلىتىۋەتتى. ماكرىنىڭمۇ ئۇنى ئال-
غۇسى كېلىپ، فرانكقا ئىشارەت قىلدى، لېكىن فرانك
بۇنى كۆرمەسكە سېلىۋالدى، بۇ ئىشىدىن ئۇزىچە ئىچىدە
خۇشال بولدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ھەزىلكەشلەردەك كىيىن-
ۋالغان بىر ئادەمگە مۇنچە قىلىپ كېتىش ئەرزىمەيتتى.
ئاخىرىدا ئۇ تۇگمە فرانسىيىلىك بانكىرنىڭ قىزى مۇلۋىيە
سورۋالنىڭ قولىغا چۈشتى. ماكرى مۇرىسىنى ئېتىپ قو-
يۇپ، ئۇزىنىڭ چېدىرىغا كىرىپ كەتتى، بىر تال شامنىڭ
يورۇقىدا قارتىنى شىيلىغىنىچە ۋارقىرىدى:
— پال ئاچىمەن، پال ئاچىمەن!
ياش دىن تارقاتقۇچى دوشنى باستېر بىرىنچى بولۇپ
كېلىپ پال ئاچقۇزدى. ماكرى ئۇنىڭ ئاپئاق، ئۇزۇن قو-
لىنى تۇتۇپ قارىدى، ئاندىن قارتا سۇغاردى.
— قارىسام سىز سۇ ئۈستىدە ئۇزۇن سەپەر قىلىدى-
كەنسىز، باستېر. سىز پات ئارىدا سۇ ئوراپ تۇرغان بىر
كەنتكە بارىدىكەنسىز. ئۇ كەنت بىر ئارالدەك قىلىدۇ،
دەريا - ئېقىنلار كۆپ، يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن ئى-
كەن. سىز بىر مومايىنى يوقلاپ بارىدىكەنسىز. موماي
بېشىغا ئاق شىلەپە كىيگەن، قولىقىدا ئالتۇن ھالقا بار
ئىكەن. سىز ئۇ يەرگە بېرىپ ناھايىتى خۇشال بولىدىكەن-
سىز.
— نەق تاپتىڭىز، — دېدى باستېر مىسكىن كۈلۈم -

قىلىشقا باشلىغاندىن باشلاپ، ماكرى بارغانسېرى ئۇنىڭ-
دىن يىراقلىشىپ كەتتى. باشتا ئەجەبلىنىش ئىچىدە كۆز
يېشى قىلىپ يۈردى، جىمىغۇر، ئۇنىڭدىن بىزار بولىدى-
غان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق
بارغانسېرى يوغىناپ، بۇرۇنقى ئىناقلىق يوقالدى. ماك-
رىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى باشقا ياققا بۇرۇلۇپ
كەتتى. فرانك بۇنى تۇتۇۋېلىشنىڭلا كويىدا يۈرۈپ كەل-
دى. ئۇ ماكرىنىڭ مۇھەببىتىنى باشقا بىر ئىشقا يۆتكە-
گەنلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى ماكرى مۇھەببەتسىز ياشى-
يالمايدىغان ئايال ئىدى. فرانك قەلبىدىكى تۈگۈننى يې-
شىشقا تىرىشاتتى. ماكرىنىڭ يۈرىكىگە زادى نېمە يو-
شۇرۇنغان؟ ئۇنىڭ يۈرىكى قەيەردە؟ قوپال فرانكنىڭ زىل
تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ ماكرىنىڭ ئىلگىرى ئۆزىنى
قانچىلىك ياخشى كۆرگەنلىكىنى ئەزەلدىن تەگەپ باقمايت-
تى. ماكرى ئۇنىڭ بۇ تەرىپىدىن مىننەتدار ئىدى.

ماكرى بىلەن فرانسۇز يىگىتلەر پاراڭلىشىۋاتقاندا،
ئامبىردا ئامىنى ئۆينىڭ ئارقىسىغا تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ
قىزلارغا بىر چاقچاق قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى:
سائەت ئون بىر بولغاندا ئامبىردا كارىدورغا كىرىپ توك-
نىڭ باش مەنبەيىنى ئۈزۈۋېتىپ، پۈتۈن چىراغنى ئۆچۈ-
رۈۋېتىدىكەن. دوشنى پوپ چىراغلارنى ياندۇرۇپ بولغۇ-
چە بولغان ئارىلىقتا يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى
قىزلىرىنى سۆيۈۋالىدىكەن. ئەمدى ئەڭ يامان توسالغۇ بو-
لىدىغىنى ماكرىنىڭ چېدىرىدىكى شام ئىدى. بۇ يەردە
ئامىنىڭ سۆيگەن قىزى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇ بىر ئامال
قىلىپ شامنى ئۆچۈرۈپ، يىگىتلەر ئۈچۈن بىر ياخشىلىق

دۇ، ئەگەر بىرەر ئەردىن خوتۇنىغا پايدىسىز بىرەر ئىس-
پاتنى تۇتۇۋالغان بولسا، ئۇ ئەرگە چىن دىلىدىن رەھمەت
ئېيتقان بولاتتى. ئۇ ئىلگىرى ناھايىتى ياخشى ئىشلەۋات-
قان يىللىقچى يونگ سىمېركانى ئىشتىن قوغلىۋەتكەن-
دى. چۈنكى ئۇ، ماكرى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ
قارايتتى. لېكىن ئۇ يىللىقچى كەتكەندىن كېيىن ماكرى
ئۇنى تىلغىمۇ ئېلىپ قويمىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن
خىزمەتكار بىلەن ئوخشاشلا ياخشى ئۆتۈۋەردى. دېھقان-
چىلىق مەيدانىدىكى ئىشچىلار ماكرى ئۈچۈن ھەرقانداق
ئىشنى قىلىشقا،رازى ئىدى. فرانك ماكرى بىلەن چىقى-
شالمىغان بىرەر ئادەمنى ھازىرغىچە ئۇچرىتىپ باقمىدى.
فرانكنىڭ كۆڭلىگە ئايان، ئەگەر ئۇ ھەممىدىن ئاغرىنىپلا
يۈرىدىغان مىجەزىنى ئۆزگەرتسىلا، خوتۇنى ئۇنىڭ يېنىغا
قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ.
بۇ مىجەز ئۇنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، ئۆزگەر-
تىمەن دېسىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بەلكىم ئۇ ئۆزىنى مېھ-
رىبانلىققا ئېرىشىۋاتىمەن دېگەندىن كۆرە، مۇشۇنداق
خورلىنىپ يۈرۈۋاتىمەن دېگەننى بەكرەك خالىسا كېرەك.
ئەگەر ئۇ ماكرىنى بىرەر قېتىم باش كۆتۈرەلمىگۈدەك
ئازابقا پاتۇرۇپ قويالىغان بولسىمۇ، بەلكىم بۇ يولدىن
قايتىپ، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقار ئىدى.
لېكىن ماكرىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن يەرگە قاراپ
قالغان يېرى يوق. ئۇلار مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن دەسلەپ-
كى مەزگىللەردە ماكرى ئۇنىڭ قولى ئىدى؛ ماكرى ئۇنى
بەكلا چوڭ بىلگەچكە، ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىق-
مايتتى. لېكىن ئۇ ماكرىنى بوزەك قىلىپ، يولسىزلىق

ئامى كارنىينى قىرىپ كۈلۈپ قويدى.

ــ مۇنداق نەرسىگە قىزىققان ئادەم ئۈنىڭغا ئېرىشىشى كېرەك، ــ دېدى ئۇ سۇسلا قىلىپ، ئاندىن بۇرۇلكىسىنىڭ يانچۇقىنى كولاپ، بىر تال ئوقچىلىك ئېسىل تاشنى ئېلىپ، ئۇستەلنىڭ بۇ تەرىپىدىن سوزۇلۇپ، ماكرىنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى، ــ مانا بۇنى ئېلىڭ، ئەمدىغۇ بولغاندۇ؟ دىققەت قىلىڭ، باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن. ئەمدى بۇ تاشنى ئوينىۋېلىش ئۇچۇن مېنىڭ چىقىپ كېتىشىمنى خالايسىزغۇ دەيمەن.

ماكرى تاشنىڭ سىلىقلىقىغا، كۆك رەڭگىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى.

ــ ئاھ، ئامى! ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە مۇشۇنداق چىرايلىقمۇ؟ ئۇ يەردىن كېتىشكە قانداق كۆزىڭىز قىيدى؟

دەل شۇ چاغدا ئامېردا چىراغنى ئۆچۈردى. زالدا ئۇپۇر - توپۇر ۋە خىرىلداپ كۈلگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى ماكرىنىڭ چېدىرىدا پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان شامنىڭ يورۇقىغا مەركەزلەشتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بۇ يورۇقلۇقمۇ ئۆچتى. قاراڭغۇلۇق قاپلىغان زالنى شىۋىرلاشلار ۋە كۈلكە ئاۋازى قاپلىدى. ماكرى چۆچۈپ كېتىپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، ئامىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. دەل شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ئامىنىڭ لەۋلىرىنى سېزىپ ئۈلگۈردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇندىن بېرى تەۋرىنىپ تۇرغان پەردىشەپ يىرتىلدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ سۆيۈشۈشلەرگە ئەسىر بولۇپ بولغانىدى. بۇ قۇرامىغا يەتكەن بىر ئەرنىڭ،

قىلىپ قويىماسمۇ؟ ئامى بۇ ئىشنى ئۆزى توغرىلاپ بېرە-لەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سائەت ئون بىرگە بەش مىنۇت قالغاندا، ئامى بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ماكرىنىڭ چېدىرىغا كىردى، فرانسۇز يىگىتلەر ئۆز ئالدىغا سۆيگەن قىزلىرىنى ئىزدەپ كېتىشتى. ئامى قارتا ئۇستىلىگە يۆلىنىپ، ماكرىغا پۈ-تۈن مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ماڭا پال ئاچالارسىزمۇ؟ — دېدى ئامى شۇئىر-لاپ. بۇ ئۇنىڭ بىر يىلغا يېقىندىن بېرى ماكرى بىلەن ئايرىم تۇرۇپ قىلغان تۇنجى سۆزى ئىدى، — مېنىڭ تەق-دىرىمدە ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمىدى، مەن يەنىلا شۇ بۇرۇنقى ئامى.

ئۆز كۆڭلىدىكىنى كۆز ئارقىلىق يەتكۈزۈشتە ئامى-نىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەممۇ بارمىدۇ، دەپ ئويلاپ كېتەتتى ماكرى دائىم. بۈگۈن كېچە ئۇ ئامىنىڭ ئاشۇ تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قال-غاندا، ئۇنىڭدىكى مەستانىلىكتىن تەسىرلەنمەي تۇرالمى-دى. ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ بولغۇچە، بۇ مەستانىلىكنىڭ نۇرلىرى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، يۈرىكىگە كىرىپ ئو-رۇنلىشىپ بولدى. ئۇ قارتىنى ھە دەپ شىيلاشقا باشلى-دى.

— مەن سىزدىن خاپا بولۇپ قالدىم، ئامى، — دېدى ماكرى رەنجىگەن چىرايدا، — سىز ئۇ چىرايلىق تۈگمىنى نېمىشقا ساتقىلى بېرىسىز؟ فرانكنىڭ ئۇنى ماڭا ئېلىپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ. مېنىڭ ئۇ-نى شۇنداق ئالغۇم بار ئىدى.

سىرلىق كۆزلىرىنى يەردىن ئالمايتتى. ماكرى چېدىرنى سۆكۈپ، ياغلىقلارنى رەتلىك قاتلاۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يەردىن ئۈستۈن قىلمايتتى. ياشلارنىڭ ھەممىسى زالنىڭ گىتار چېلىنىۋاتقان ئۇ بېشىغا بېرىۋالغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ماكرىنىڭ قۇلىقىغا ئامى بىلەن لاۋېرنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا،
بار بىر توپراق، قۇياشقا چۆمۈلگەن،
ئاھ، مېكسىكا، كۆزلىرى نۇرغا كۆمۈلگەن!

ئالېكساندرا قارتا ئۈستىلىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سىزگە يىغىشتۇرۇشۇپ بېرەي، ماكرى، بەك چارچاپ كەتكەندەك كۆرۈنىسىز.

ئۇ ماكرىنىڭ بىلىكىگە قولىنى قويۇپ، ئۇنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ماكرى بۇ يېقىملىق قولدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قەددىنى رۇسلاپ تۇردى. ئالېكساندرا قولىنى تارتىۋالدى، ماكرىنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئەجەبلەندى، كۆڭلى ئاغرىدى.

ئالېكساندرادا تەقدىرچىلىك تەرەپدارلىرىدىكىدەك ئادەم چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل تەمكىنلىك بار، يەنە كېلىپ بۇ تەمكىنلىك ئالدىدا تەمتىرەيدۇ، چۈنكى ياشلار ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتمىگۈچە، يۈرىكى ئازابتىن تولغىنىپ ئىڭرىمىغۇچە، يۈرىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلمايدۇ.

يەنە ياش بىر يىگىتنىڭ سۆيۈشى ئىدى، ئۇنىڭدا ھېيقىش
بار، لېكىن شۇنداق يېقىملىق ئىدى. ئۇ دۇنيادىكى باشقا
ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ ئەمەس، پەقەت ئامىننىڭ سۆيۈشى
ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەندىن كې-
يىنلا، ماكرى بۇنىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى-
نى ئاندىن تونۇپ يەتتى. ئەمدى ئامىچۇ؟ ئۇنىڭ تەسەۋ-
ۋۇرىدا تۇنجى سۆيۈش شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئىش ئى-
دى. ھازىر قارىسا ئۇ شۇنداق يېنىك، شۇنداق تەبىئىي
بولدى، خۇددى ئىككىسى تەڭلا يېنىك نەپەس ئالغاندەك؛
ئۇنىڭغا ئازراق قايغۇمۇ ئارىلاشقاندەك قىلىدۇ، خۇددى
بىر - بىرىنىڭ يۈرىكىدە قانداقتۇ بىر نەرسىنى ئويغىتىپ
قويۇشتىن قورققاندەك.

چىراغ قايتا يانغاندا، ئەتراپنى كۈلگەن، ۋارقىرىغان
ئاۋازلار بىر ئالدى. فرانسۇز قىزلارنىڭ مەڭزىلىرى ھايا-
جاندىن قىزارغان، چىرايلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. پە-
قەت چېدىر ئىچىدە ئۇن - تىنسىز ئولتۇرغان ماكرىنىڭلا
چىرايى تاتارغان، سېرىق ياغلىقنىڭ ئاستىدا، قان دىدارى
قالمىغان مەڭزىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىزىل مار-
جان پۇلاڭلاپ تۇراتتى. فرانك تېخىچە ئۇنىڭغا قاراپ
تۇراتتى، لېكىن بىر نەرسىنى كۆرگەندەك قىلمايتتى.
نۇرغۇن يىللارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ماكرىنىڭ يۈزىدىكى
قاننى قاچۇرغۇدەك سېھرىي كۈچى بار ئىدى. ئۇ بەلكىم
بۇنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇ، ياكى بولمىسا بۇنىڭغا ئەزەلدىن
دىققەت قىلمىغاندۇ! ئامى شۇ تاپتا زالنىڭ يەنە بىر بېشىدا
نېرى - بېرى مېڭىپ يۈرەتتى، مېكسىكىدا ئۆگىنىۋالغى-
نى بويىچە مۇرىلىرىنى چايقاپ قوياتتى، ھاياجانغا تولغان

ئالېكساندرا بىلەن ماكرى سىگنانى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئافي هارۋىنى هەيدەپ ئالدىدا ماڭدى، يىگىت بىلەن قىز بىردىن ئىنەكنى يېتىلەپ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئۇلار ئۇزاپ كەتمەي تۇرۇپلا، ئامى ئۇزىنى بېسىۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ ئىككىسى ئۆينى ئۇبدان تۇتۇپ كېتكۈدەك، — دېدى ئالېكساندرا ئۇيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، — ئۇلار هايات يولىدا قارامىلىق قىلمايدۇ. قارىمامسىلەر، ئىنەكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئېغىلىغا سولىۋالمىغۇچە خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى. ماكرى، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتكارلىققا ئومايلارنى ياللىسام بولغۇدەك. قىزلار ئۆزۈن ئىشلەپ بېرەلمەيدىكەن، ئۇلارنى ئەرگە بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولىدىكەنمەن.

— سىگناغا هەيرانمەن، نېمىشقا مۇنداق مىجەزى ئوسال ئەرنى تېپىۋالغاندۇ! — دېدى ماكرى ئۆز قارىشىنى ئېيتىپ، — ئەسلىدە ئۇنى بۇلتۇر قىشتا بىزنىڭ ئۆيدە ئىشلىگەن سىمېركا دېگەن يىگىت بىلەن تېپىشتۇرۇپ قويغۇم بار ئىدى. ئۇ ياخشى يىگىت ئىدى، مېنىڭچە سىگنامۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى.

— راست، مېنىڭچىمۇ ياخشى كۆرەتتى، — دېدى ئالېكساندرا ئۇنىڭ گېپىنى قوللاپ، — لېكىن قارىشىمچە، سىگنا نىلىېستىن بەك قورقىدۇ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشكە هەرگىز جۈرئەت قىلالمايتتى. هازىر ئويلاپ باقسام، ئاشۇ قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى قورقىدىغان ئەرلەرگە تېگىۋاپتۇ. قارىسام نۇرغۇن شۋېتسىيىلىك قىزلاردا ئىنەكنىڭ مىجەزى بار ئىكەن. سىلەر بوخېمىيىلىك-

# 2

سىگنانىڭ توي زىياپىتى يېڭىلا ئاخىرلاشتى. تويغا رىياسەتچىلىك قىلغان، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان باستېرمۇ، مېھمانلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇزاشتى. قېرى ئافې يېڭى توي قىلغان يىگىت بىلەن قىزنى تويلۇق سوۋغاتلار بىلەن بىللە ئالېكساندرانىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ شىمالىدىكى تۇرالغۇسىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ھارۋىنى قوشۇپ تەييار بولدى. ئافې ھارۋىنى ئىشىك ئالدىغا ئەكېلىشىگە، ئامى بىلەن ماكرى سوۋغاتلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئالېكساندرا سىگنانىڭ ئالدىغا خوشلاشقاچ كېرىپ، بىرنەچچە ئېغىز نەسىھەت قىلدى. ئالېكساندرا ھەيران بولدى، سىگنا پۇتىغا قوپال خۇرۇم ئاياغ ئالماشتۇرۇۋالغان، كۆڭلىكىنى مېڭىشقا ئەپچىل قىلىپ قايرىۋالغانىدى. بۇ چاغدا، نىلىس ئالېكساندرا سىگناغا تويلۇق سوۋغات قىلغان ئىككى ئىنەكنى يېتىلەپ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى.

ئالېكساندرا بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي سىگنا، نىلىس ئىككىڭلار ھارۋىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋېرىڭلار، ئىنەكلەرنى ئەتە ئەتىگەن ئافې ئاپىرىپ بەرسۇن.

سىگنا ئىككىلىنىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ كەتتى. بىر چاغدا ئېرى ۋارقىرىدى، ئالدىراپ شىلەپىسىنى ئوڭشاپ كىيدى.

— مېنىڭچە يەنىلا ئېرىمنىڭ دېگىنى بويىچە قىلاي - لى، — دەپ غۇدۇرىدى ئۇ بىر خىل ھودۇقۇش ئىچىدە.

داۋاملاشتۇردى:

— بىلەلمىدىم، سىز راستىنلا ھېسسىياتقا مۇشۇن-داق پەرۋاسىز قارامسىز؟ بەزىدە سىز ماڭا ھەممە يىگىت-لەرگە بىر خىل كۆزدە قارايدىغاندەك سېزىلىسىز. مەن، لاۋېر ماسسېر ياكى يونگ مسېر كا بولسۇن، سىز ئۇچۇن ھەممىسى ئوخشاشتەك تۇيۇلىدۇ. سىز راستىنلا شۇنداق-مۇ؟

— بەلكىم شۇنداقتۇرمەن. سىزنىڭچە قانداق بولسام بولاتتى؟ ئەتىدىن كەچكىچە يىغلاپ ئولتۇرسام بولامتى؟ تولا يىغلاپ كۆز ياشلىرىممۇ قۇرۇپ كەتتى، ئەمدى. . . ئەم-دى باشقا بىرەر ئىش قىلىشىم كېرەك.

— سىزنىڭ ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمدۇ؟ — ئامى دا-ۋاملىق سوئال قويدى.

— ياق، ئىچىم ئاغرىمايدۇ. ئەگەر مەن سىزگە ئوخشاش ئەركىن - ئازادە بولغان بولسام، ھەرقانداق ئىش ئالدىدا ئازابلانمىغان بولاتتىم. خۇددى ناپولېئون برۇنو خەير - ساخاۋەت يىغىلىشىدا ئېيتقاندەك، ھەرگىزمۇ بىر قىزنىڭ ئەتراپىدىلا چۆرگىلەپ يۈرمىگەن بولاتتىم، تۇن-جى نۆۋەتلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ يىراق - يىراقلارغا كې-تىپ، تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن قىزىقچىلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولغان بولاتتىم.

— مەن شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم، لېكىن ئازراقمۇ پايدىسى بولمىدى. ھەرقانداق يەر كۆڭۈل سىر-لىرىمنى ئېسىمگە سېلىپ تۇرىدۇ. قانچە ياخشى يەرگە بارغانسېرى، سىزگە شۇنچە موھتاج بولىمەن، — ئۇلار پەلەمپەي يېنىغا كەلدى. ئامى پەلەمپەينى كۆرسىتىپ ئۆ -

لەر ھاياجان كىلىسىلەر، بىزنىڭ ھىسسىياتىمىزنى ھەر-گىز چۈشەنمەيسىلەر. بىز ئەمەلىيەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بىرىدىغان مىللەت، مىجەزى قوپال ئادەملەر ياخشى باش-قۇرغۇچى بولالايدۇ دەپ قارايمىز.

ماكرى مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئارقىسىغا ئۆ-رۈلۈپ، بويىنىغا چۈشۈۋالغان چىچىنى ئوڭشىدى. قانداق بولدى، يىقىلىدىن بىرى ئالىكساندرانىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ياقماس بولۇپ قالغانىدى، ئالىكساندرانىڭلا ئەمەس، ھەممە ئادەمنىڭ گىپى ياقمايتتى، ھەممە ئادەمدىن بىزار ئىدى.

— مەن ئۆزۈم يالغۇز كىتىۋېرىمەن، ئامى، بولدى، شىلەپىڭىزنى ئالماڭ، — ئۇ ياغلىقىنى ئالدىراپ تاڭدى، خەيرلىك كەچ، ئالىكساندرا، — ئۇ ئارقىسىغا قاراپ ۋار-قىرىدى، ئاۋازى تەبىئىي ئەمەس، شىغىللىق يول بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئامى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىك - ئىتتىك قەدەم ئېلىپ ماڭدى، يىتىشىۋالغاندىن كىيىن قەدىمىنى ئاستى-لاتتى. كىچىنىڭ سەلكىن شامىلى جانغا راھەت، يۇلتۇز-لار خىرە، بۇغداي باشاقلىرى ئۈستىدە يالتىراق قوڭغۇزلار پارقىراپ كۆرۈنىدۇ.

ئىككىسى بىرلىكتە بىر پەس ماڭغاندىن كىيىن ئامى ئېغىز ئاچتى:

— ماكرى، ئويلاپ يىتەلمىدىم، مىنىڭ قانچىلىك ئىچىم سىقىلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟

ماكرى ئۈندىمىدى، ئۇ ئاق ياغلىق تاڭغان بىشىنى سەل ئىگىپ كىتىۋاتاتتى.

ئامى يولدىكى بىر داڭگالنى تېپىپ قويۇپ گىپىنى

— ھەممىنى ئەمەس، مەن سىزنى تاشلاپ كېتەلمەي-
مەن. مەن بىلەن كېتىشنى خالامسىز، ماكرى؟
ماكرى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.
— ئامى! مۇنداق قاملاشمىغان گەپ ئاغزىڭىزدىن
قانداق چىقتى؟ مەن ئۇنداق قىزلاردىن ئەمەس، بۇنى سىز
ئوبدان بىلىسىز. سىز مېنى مۇشۇنداق ئازابلاۋەرسىڭىز،
مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى ماكرى ئازابلانغان ھالدا.
— ماكرى، ماڭا يەنە بىر ئىشنى دەپ بەرسىڭىزلا،
سىزنى قايتا ئاۋارە قىلمايمەن. بىر مىنۇت تۇرۇپ تۇرۇڭ،
ماڭا قاراڭ. ئەنسىرىمەڭ، بىزنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ.
ھەممە ئادەم ئۇخلاپ قالدى. پارقىراۋاتقىنى يالتىراق قوڭ-
غۇز. ماكرى، توختاڭ، ماڭا قاراڭ.
ئامى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ، خۇددى
جۈيلۈپ قوپۇپ كەتكەن ئادەمنى ئاستا ئويغىتىۋاتقاندەك،
ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئاستا ئىرغىتتى.
ماكرى يۈزىنى ئۇنىڭ بىلەكلىرى ئاستىغا يوشۇردى.
— بولدى، مەندىن گەپ سوراۋەرمەڭ. مەن ھېچنې-
مىنى ئۇقمايمەن، پەقەت ئۆزۈمنىڭ شور پېشانە ئىكەنلى-
كىمنىلا بىلىمەن. مەن ئەسلىدە سىز قايتىپ كەلسىڭىز
كۆڭۈل ئازابلىرىم يېنىكلەپ قالار دەپ ئويلىغانىدىم.
ئاھ، ئامى، — ئۇ ئامىنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ يىغلاشقا
باشلىدى، — ئەگەر سىز بۇ يەردىن كەتمىسىڭىز، مەن
قانداق قىلىمەن؟ مەن كېتەلمەيمەن، لېكىن ئىككىمىزنىڭ
بىرى چوقۇم كېتىشىمىز كېرەك. ئەجەبا سىز بۇنى ھېس
قىلمىدىڭىزمۇ؟
ئامى بېشىنى ئېگىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ مۈرد-

تونىدى، ــ بۇ يەردە بىردەم ئولتۇرايلى، سىزدىن سورايدى-
غان بىر ئىش بار، ــ ماكرى پەلەمپەينىڭ ئەڭ ئۈستىگە
چىقىپ ئولتۇردى، ئامى ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇردى، ــ
ئەگەر ماڭا ياردىمى بولۇپ قالار دەپ قارىسىڭىز، مەن
بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، بىر ئىشنى سۆزلەپ بەر-
سىڭىز. ئېيتىپ بېرىڭ، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، سىز
فرانك شاربات بىلەن نېمە ئۈچۈن قېچىپ كەتتىڭىز؟!
ماكرى ئۆزىنى كەينىگە تارتتى.
ــ چۈنكى ئۇ چاغدا مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، ــ
دېدى ماكرى قەتئىيلىك بىلەن.
ــ راستمۇ؟ ــ ئامىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى.
ــ راست، ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم. قېچىپ كې-
تىش تەكلىپىنى مەن ئوتتۇرىغا قويغانغۇ دەيمەن. باشتا
خاتا قىلغان ئادەم مەن.
ئامى باشقا ياققا قارىۋالدى.
ــ ئەمدى بۇ ساۋاقنى ئېسىمدە تۇتۇشۇم كېرەك، ــ
ماكرى گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ فرانك ھازىرمۇ ئەينى
چاغدىكىگە ئوپئوخشاش، پەقەت ئەينى چاغدا مەن ئۇنى
ئۆزۈم ئىزدەپ يۈرگەن ئادەم دەپ قاراپ قالغان يېرىملا
بار. مەن بەك ئۆز بېشىمچى، ھازىر شۇنىڭ زىيىنىنى
تارتىۋاتىمەن.
ــ زىيان تارتىۋاتقان ئادەم يالغۇز سىزلا ئەمەس.
ــ شۇنداق بولىدىكەن، ئادەم بىر يەردە خاتالىشىپ
كەتسە، قەيەردىن ئۆزۈپ چىقىشىنى بىلمەيدىكەن. لېكىن
سىز كەتسىڭىز بولىدۇ، ھەممىنى تاشلاپ كەتسىڭىز بو-
لىدۇ.

چېچىلىپ ياتقان كىتابلارنى ئېلىپ، روھسىز ھالدا يە-
شىككە تاشلايتتى. ئۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى خۇشياقماي
يىغىشتۇرۇۋاتاتتى، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىز
ئىدى. ئالېكساندىرا ئۇستەل يېنىدا ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى
قىلىۋاتاتتى. ئۇ چۈشتىن كېيىندىن بېرى ئامىنىڭ نەرسە -
كېرەك رەتلىشىگە ياردەملىشىكەنىدى. ئامى كىتابلىرىنى
رەتلىگەچ ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى - بېرى ئۆتۈپ يۈرۈپ
ئويلايتتى، ھازىر ھەدىسىدىن ئايرىلىش بىرىنچى قېتىم
ئالىي مەكتەپكە ماڭغان چاغدىكىدەك تەس ئەمەس. ئۇ بۇ
قېتىم ئۇدۇل ئوماخاغا بېرىپ، شۋېتسىيىلىك بىر ئادۋوكاتنىڭ
ئىش بېجىرىش ئورنىدا قانۇن ئۆگەنمەكچى، 10 - ئايغا
بارغاندا، ئان ئاربونىڭ قانۇن ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇ-
ماقچى. ئۇ ھەدىسى بىلەن كېلىشىۋالدى، ئالېكساندىرا
مىلاد بايرىمىدا مىچىگانغا بېرىپ (بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ-
زۇن سەپەر ئىدى)، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ھەپتە بىللە
تۇرماقچى. بىراق ئامىنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇرىدۇ، ئالدىن-
قى قېتىمقىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىمقى ئايرىلىش
مەڭگۈلۈك ئايرىلىشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ ھازىردىن
باشلاپ يۇرتىدىن بىراقلا ئايرىلىپ چىقىپ، يىڭنىچە بىر...
ئۇ نېمىلىكىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايدۇ. ئۇ كەلگۈسى توغرۇلۇق ھەر-
قانچە قىلىپمۇ ئېنىق بىر يەرگە كېلەلمىدى، ئويلىغانسېرى كۆز
ئالدى خىرەلەشتى. لېكىن بىر نەرسە ئېنىق، ھازىر ئالېكساندىرا
ئۇچۇن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىدىغان ۋاقىت كەلدى، بۇ قېتىم-
قى سەپەر بۇنىڭ ئۇچۇن ھەقىقىي بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ
بولۇپ قېلىشى كېرەك.

ئۇ نېرى - بېرى مېڭىپ كىتاب رەتلەپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ

لىرى، ماكرى تۇتۇپ تۇرغان بىلىكىمۇ قېتىپ قالغاند-
ىدى. ماكرىنىڭ ئاق كىيىمى قاراڭغۇدا كۆل رەڭ كۆرۈنەت-
تى. ئۇ گويا ئازاب ئىچىدىكى ئەرۋاھ ئىدى، تۇپراقنى
يېرىپ چىققان سايە ئىدى، ئۇ ئامىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ-
دىن كۆڭلىگە تەسەللى تېپىشنى ئىستەيتتى. ئۇنىڭ ئارقا
تەرىپىدىكى بۇغدايلىقتا يالتىراق قوڭغۇزلار نېرى - بېرى
ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئامى ماكرىنىڭ ساڭگىلىغان بېشىغا
قولىنى قويدى.

— سىزگە ۋەدە بېرەي، ماكرى، ئەگەر مېنى سۆيىد-
ىغانلىقىڭىزنى ئېيتسىڭىزلا، مەن بۇ يەردىن كېتىمەن.

ماكرى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بېشىغا يېقىنلاش-
تۇردى.

— مەن سىزنى نېمىشقا سۆيمەيدىكەنمەن؟ ئەجەبا
سىز بۇنى ھازىرغىچە بىلمەمسىز؟

بۇ قېتىم ئامىنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئۇ ماك-
رىنى ئىشىكى ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن سىرت-
تا ساق بىر كېچە ئايلىنىپ يۈردى. تاڭ نۇرى يالتىراق
قوڭغۇز ۋە يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرگەندىلا ئاندىن
ئۆيگە قايتتى.

3

سىگنا توي قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، بىر كۈنى
كەچ، ئامى ياتاق ئۆيدىكى بىر يەشىك ئالدىدا زوڭزىيىپ
ئولتۇرۇپ كىتابلارنى تېڭشۋاتاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ
ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، ئۆي ئىچىدە

نىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ئار-تىپ قويمىدى. مەن ھازىرمۇ دادامنىڭ يەكشەنبە كۇنى ئاق كۆڭلەك كىيىپ ئولتۇرۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن خەت يېزىۋاتقان چاغدىكى ھالىتىنى سېغىنىمەن. ئۇ خەت-نى مەتبەئەدە باسقاندەك شۇنچىلىك رەتلىك، شۇنچىلىك چىرايلىق يازاتتى. ئەستايىدىل ئولتۇرۇپ يازغاندا، سې-نىڭ خېتىڭمۇ ئۇنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

— بوۋام باشقىلارغا راستىنلا ئەسكىلىك قىلغان، شۇنداقمۇ؟

— ئۇ بىر بۇززۇق خوتۇنغا ئۆيلىنىپتىكەن. . . شۇ-نىڭدىن كېيىن، شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارغا نۇرغۇن ئەسكىلىك قىپتۇ. دادام بۇ يەرگە دەسلەپتە كەلگەندە دائىم كۆپرەك پۇل تېپىپ، ئاندىن يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، بوۋام ماتروسلارنى قاقشىتىپ يەۋالغان پۇللارنى قايتۇرۇپ بې-رىشنىلا ئويلاپ كەلگەن.

ئامى ياتما ئورۇندۇقتا قىمىرلاپ قويۇپ ئېغىز ئاچ-تى:

— مېنىڭچە شۇنداق قىلالىغان بولسا قالتىس ئىش بولاتتىكەن، شۇنداقمۇ؟ دادام روئي بىلەن ئۇسكارغا پە-قەتلا ئوخشىمايدىكەن، قانداق دېدىم؟ ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن قانداق ئىدى، پەقەتلا ئېسىمدە يوق.

— ۋاي، ئۇلارغا ئازراقمۇ ئوخشىمايدۇ! — ئالېك-ساندرا قولىدىكى ئىشنى تىزىغا قويدى، — دادامنىڭ ئۇ-لارغا قارىغاندا پۇرستى ياخشى ئىدى، مېنىڭ دەۋاتقىنىم پۇل تېپىشنىڭ پۇرستى ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-نىڭ پۇرستى. دادام سالماق، لېكىن ناھايىتى زېرەك ئى-

قانداقتۇر بىر نەرسىنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ ئېلىۋېلىۋاتقان-لىقىنى ھېس قىلدى. ئاخىرىدا ئۇ كىچىك ۋاقتىدا كارىۋات قىلىپ ياتقان ياتما ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ، تورۇستىكى تونۇش يوچۇققا قاراپ ياتتى.

— ھېرىپ قالدىڭمۇ، ئامى؟ — سورىدى ھەدىسى.

— ئىشنى قىلغۇم كەلمىدى، — غۇدۇرىدى ۋە ئۆرۇ-لۇپ ھەدىسىگە قارىدى. ئۇ چىراغ يورۇقىدا ئالېكساندرا-نىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلەپ نەزەر تاشلىدى. ماكرى ئېيە-تىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ھەدىسىنىڭ چىرايلىق قىز ئىكەن-لىكىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئالېكساندراغا ئەزەلدىن بىر قىز ئەمەس، بىر ھەدە نەزەرىدىلا قاراپ كەلگەن. ئۇ ھەدىسىنىڭ سەل ئېگىلگەن بېشىغا، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ جون بوگسېننىڭ چىراغ ئۈستىدىكى سۈرى-تىگە قارىدى. «ياق، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ھە-دەمنىڭ تەقى - تۇرقى ئۇنى تارتمىغان، ئۇنىڭغا قارىغاندا رەسىمدىكىگە مەن بەكرەك ئوخشايمەن.»

— ئالېكساندرا، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىز، — سەن يې-زىنى ئۈستىلى قىلىۋالغان، ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان تارتى-مىلىق ئۈستەل دادامنىڭمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ئالېكساندرا قولىدىكى يىڭنە ئىشنى توختاتماي، — بۇ دادامنىڭ بۇرۇنقى ياغاچ ئۆيگە بىرىنچى قېتىم سېتىۋالغان نەرسىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ يىللاردا بۇ خېلى ئېسىل نەرسە ھېسابلىناتتى. دادام يۇرتى-غا ئۇزۇلدۇرمەي خەت يېزىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۇرتىدا نۇرغۇن ئەل - ئاغىنىلىرى بار ئىدى، دادام ئۆلۈپ كەتكۇ-چە ئۇلار بىلەن توختىماي خەت يېزىشىپ تۇردى. بوۋام-

ﻜﻰ ﺑﺎﻻ ﺗﻮﻏﺮﯗﻟﯘﻕ ﻧﺎﺧﺸﭽﯘ؟
— ئېسىمدە. ئۇ ناخشىنى دائىم مېكسىكىلىقلارغا ئېيتىپ بېرىمەن. ئۇلار يېڭى نەرسىلەرگە ئامراق كېلىدىكەن، — ئامى گەپتىن بىر پەس توختاپ، خىيالچان هالدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — دادام بۇ يەردە ناهايىتى جاپالىق ئىشلىگەن، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق، ئۇ تۇرمۇش ئېغىر يىللاردا ئۆلۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئۈمىدۋار ئىدى، تۇپراقنى ئىشىنەتتى.
«مېنىڭچە ساڭىمۇ ئىشىنەتتى» دېدى ئامى ئۆزى - ئۆزىگە. ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. بۇ يېقىملىق، دوستانە، ئۆزئارا چۈشىنىش بىلەن تولغان سۈكۈت ئىدى. ئامى بىلەن ئالېكساندرا نۇرغۇن بەختلىك مىنۇتلارنى مانا مۇشۇنداق سۈكۈت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن.
ئاخىرىدا ئامى تۇيۇقسىزلا:
— روئې بىلەن ئوسكار ئەگەر نامرات بولغان بولسا، هازىرقىدىن بەختلىك ياشارمىدى؟
— مۇمكىن، — دېدى ئالېكساندرا كۈلۈپ، — لېكىن ئۇلارنىڭ باللىرى ئۆزلىرىنى بەختلىك هېس قىلمايتتى. مېنىڭ مىرىدىن ئۈمىدىم چوڭ.
ئامىنىڭ تېنى شۈركەنگەندەك بولدى.
— مەن بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئىشلار بارغانسېرى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ ئەڭ يامان يېرى، ئۇلار ئەزەلدىن بىلمىگەن ئىشلارنى بىلىشكە ئىنتىلمەيدۇ. ئالىي مەكتەپتىمۇ ئەهۋال شۇنداق. هەرقانداق ئەهۋالدا ئۆزلىرىدىن شۇنداق رازى. يوغانچىلىق بىلەن تولغان شۋېتسىيىچە كۈلۈمسىرەشنىڭ

ىدى. سەن ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ قالىسەن، ئامى.
ئالېكساندرانىڭ سېزىشىچە، ئامى ئۇرۇق - ئەۋلادى ئىچىدىن ئۆزى پەخىرلەنگۈدەك بىرەرىنى تېپىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئالېكساندراغا ئايان، ئامى رويئي بىلەن ئوسكار-دىن يىرگىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار جاھىل ھەم يوغانچى. ئامى ئۇلار توغرۇلۇق كۆپ گەپ قىلمايدۇ، لېكىن ئالېكساندرا ئۇنىڭدىكى بىزارلىقنى سېزىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئوقۇشقا ماڭ-غان چېغىدىلا ئىككى ئاكىسى نارازى بولغانىدى. ئەڭ ياخشىسى ئامى ئالىي مەكتەپتىكى ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمى-سە، ئۇلار شۇنىڭدىن رازى بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ئامىنىڭ گەپ - سۆزى، كىيىنىشى، كۆز قارىشىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشلەرنى ياقتۇرمايتتى. ئامىنىڭ كۆزقاراشلىرىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بار، بىلمەيدۇ، پەقەت پەرەز قىلى-دۇ. چۈنكى ئامى ئۇلار بىلەن پەقەت ئائىلە ئىشلىرى توغرۇلۇقلا پاراڭلىشىدۇ، باشقا تەرەپتىكى گەپ - سۆز-لەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق قىزىقىشىنى ئۇ-لار پۈتۈنلەي قۇرۇق تېرە تاراقشىتقانلىق دەپ قارايدۇ.
ئالېكساندرا يىڭنە ئىشىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى.
— ھازىرمۇ ئېسىمدە، دادام ياش ۋاقتىدا ستوكھولم-دىكى بىر مۇزىكا ئۆمىكىگە — ئەرلەر خور ئۆمىكىگە قاتناشقان. مەن دائىم ئاپام بىلەن بېرىپ ئۇلارنىڭ ناخشى-سىنى ئاڭلايتتىم. ئۇلار بىرەر يۈزچە ئادەم ئىدى، ھەم-مىسى قارا رەختتىن كىيىم كىيىپ، ئاق كېپىنەك گالىس-تۇك تاقايتتى. مەن سەھنىدە دادامنى كۆرگەندە ئىچ - ئىچىمدىن پەخىرلىنىپ كېتەتتىم. ئۇ ساڭا ئۆگىتىپ قوي-غان شۋېتسىيە ناخشىسى ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟ كېيىنى-

ھالەتتە تۇرغاندەك تۇيۇلدۇ.

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. ھەيرانمەن، ئادەم بەزى ئىشلارنى پەقەتلا ئۇنتۇمايدىكەن، بەزى ئىشلار بولسا ئەستىن ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن، — ئامى بىر ئەسنەپ قويۇپ تىكلىنىپ ئولتۇردى، — بولدى، ئەمدى كىرىپ ئۇخلاي، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالېكساندرانىڭ يېنىغا باردى، ئېگىلىپ ئۇنىڭ مەڭزىگە يېنىك سۆيۈپ قويدى، — ياخشى چۈش كۆر، ھەدە. مېنىڭچە بىز ئۆل-چىمىمىزدىن ئېيتقاندا، سەن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشى-نىڭ.

ئامى چىراغنى ئېلىپ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. ئا-لېكساندرا ئامىنىڭ كېچىلىك كىيىمىنىڭ يىڭنە ئىشىنى پۈتتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن داۋاملىق ئولتۇردى. بۇ يەشىكنىڭ ئەك ئۈستىگە سېلىناتتى.

4

ئەتىسى ئەتىگەن، ئامېردانىڭ خوتۇنى ئانچىرك ئاش-خانىدا پىرەنىك پىشۇرۇۋاتاتتى، شۋارئىن خانىم ئۇنىڭغا قارىشىپ بېرىۋاتاتتى. ئاشتاختا بىلەن پەشنىڭ ئارىلىقىدى-كى يەردە ئامېردا كىچىك ۋاقتىدا ياتقان بۆشۈك تۇراتتى، ئۇنىڭدا ئامېردانىڭ قارا كۆز ئوغلى ئۇخلاۋاتاتتى. ئاذ-چىر كىنىڭ ئىككى مەڭزى ھاياجاندىن قىزارغان، قوللىرى خېمىر، ئۇ بالىسىنىڭ يېنىدا توختاپ كۈلۈمسىرەۋاتا-قاندا، ئامى بوگسېن بىيىنى مىنىپ كېلىپ ئاشخانا ئالدى-دا توختاپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى.

تېگىگە ھېچ يەتكىلى بولمايدۇ. بوخېمىيىلىكلەر ۋە گېر-مانىيىلىكلەر باشقىلا بىر ئادەم.

— بولدى قىل، ئامى، ئۆز خەلقىڭدىن مۇنداق يۈز ئۆرۈپ كەتمە. دادامنىڭ قىلچە يوغانچىلىقى يوق ئىدى، ئوتتو تاغام شۇنداق. روئې بىلەن ئوسكارمۇ يىگىت چاغ-لىرىدىلا ئۇنداق ئەمەس ئىدى.

ئامى ھەدىسىنىڭ گەپلىرىگە ھەيران قالغاندەك قاراپ قويدى، لېكىن بۇ توغرۇلۇق تالىشىپ ئولتۇرمىدى. ئۇ ئوڭدىسىغا بولۇپ، قوللىرىنى كىرىشتۈرۈپ بېشى ئاس-تىغا قويغىنىچە تورۇسقا قاراپ ئۇزۇن ياتتى. ئالېكساندرا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلارغا كاللا قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەت-تى. ئۇ ئامىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، خۇددى تۇپراققا ئىشەنگەندەك. ئامى مېكسىد-كىغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئەسلىگە قايتقان، ئۆيدىن چىقىشنى خالىمايدىغان، بۇرۇنقىدەك ئالېكساندرا بىلەن مۇڭدىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالغاندى. ئۇ ئەمدى ئىشەندى، ئامىنىڭ نەمۇ نە ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان قىزغىنلىقى ئۆتۈپ كەتكەن، تۇرمۇش-تا بىر يەرگە كۆڭۈل توختىتىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغاندى.

— ئالېكساندرا، — دېدى ئامى تۇيۇقسىز، — بۇ-رۇن ئىككىمىزنىڭ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا كۆرگەن ھې-لىقى ياۋا ئۆردەك ئېسىڭدىمۇ؟

ھەدىسى بېشىنى كۆتۈردى.

— مەن ئۇنى دائىم ئەسلەپ قالىمەن. خۇددى ئۇ ھازىرمۇ شۇ يەردە تۇرغاندەك، بىز كۆرگەن چاغدىكىدەك

قورسقىغا قىچا مەلھەمى سۇركەپ چىقتىم. ئۇنىڭ قور-
سقى كېچىچە توختىماي ئاغرىپ چىقتى. ئەتىگەندە خې-
لى ياخشى بولۇپ قالدى دەۋاتقان. بۇ ئىسسىقتا ئېتىزغا
بارماي، ئۆيدە ئارام ئالسا بولاتتى.
ئانچىركىنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۇنچە ئەنسىرەپ كېتىۋات-
قاندەك قىلمايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئامىرداغا كۆڭۈل بۆلمەيدى-
غانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇ-
شىغا ئىشەنچىسى كامىللىقىدىن. ئامىردا قول ئىلكىدە
بار، زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان كېلىشكەن يىگىت،
بۆشۈكتە دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان يۈرەك پارىسى پار-
قىراپ يېتىپتۇ، ئېتىزدا يېڭى سېتىۋالغان ئورۇش ماشىنى-
سى بار. ئۇلاردىن ئارتۇق بەختلىك ئادەم بارمۇ؟
ئامى بابېيستىنىڭ بېشىدىكى يۇمشاق قارا چاچلارنى
سىلىدى.
— ماڭا قاراڭ، ئانچىرك، ئامىردانىڭ ئەجدادلىرى
ئىچىدىكى ئاياللاردىن بىرەرى ئىندىئانمىكىن دەيمەن. بۇ
بالا ئىندىئانلارغا شۇنداق ئوخشاپتۇ.
ئانچىرك ئامىغا قاراپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قوي-
دى. لېكىن بۇ گەپ شۋارئىنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تېگىپ
كەتتى، ئۇ فرانسىيىنىڭ يەرلىك تىلىدا بىرمۇنچە بىر
نېمىلەرنى دەپ كەتتى، ئامى قورقىنىدىن دەرھال ئاشخا-
نىدىن چىقىپ، ئېتىغا مىنىپ تىكىۋەتتى.
ئامى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ دەرۋازىسىنى ئات
ئۈستىدە تۇرۇپلا ئاچتى، ئېتىزلارنى ئارىلاپ، دان ئايرىش
ماشىنىسى قويۇلغان مەيدانغا كەلدى. دان ئايرىش ماشىنى-
سىنى ماتور ھەرىكەتلەندۈرەتتى. بۇغداي باشاقلىرى ئۇ-

— مېردا ئېتىزدا، ئامى، — ئانچىرك ئاشخاندا پەش تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ۋارقىرىدى، — ئۇ بۇ-گۇن بۇغداينى ئورۇشقا باشلىدى، يېقىن ئەتراپتىكى قە-يەرنىڭ بۇغدىيى پىشقان بولسا شۇ يەرنى ئورۇماقچى. سىزمۇ بىلىسىز، بۇ يىل بۇغداينىڭ بويى بەك پاكار بول-غاچقا، بىر ئورۇش ماشىنىسى ئالغان. ئۇ بەك قىممەت ئىكەن، شۇڭا قوشنا - قولۇملارغا ئىجارىگە بېرىپ ئاز-راق پۇل تاپسىمىكىن دەيمەن. ئۇ بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكى-لىرى بىلەن بىرلىشىپ بىر هور دان ئايرىش ماشىنىسى ئالغان. سىز ئورۇش ماشىنىسىنىڭ قانداق ئورۇدىغانلىقى-نى بىر بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ. شۇنچە ئالدىراش، بىر-مۇنچە ئادەمنىڭ ئامىقىنى ئېتىدىغان تۇرۇپ، مەن چېغىم-دا بۇگۇن ئەتىگەن بېرىپ بىرەر سائەتچە كۆرۈپ كەلدىم. مېردانىڭ ياردەمچىلىرىغۇ خېلى بار، لېكىن ماشىنىنىڭ ئېپى - جېپىنى ئۇنىڭدىن باشقىسى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئېتىزدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلالمايدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى يوق، ئەسلىدە يېتىپ ئارام ئالسا بولاتتى.

ئامى بوۋاق ئاكېرتو بابتېستىنىڭ شارىكتەك دۇگىلەك كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقۇزۇش ئۇچۇن بۆشۈككە ئېگى-شىپ ئەركىلىتىۋاتاتتى.

— مىجەزى يوقمۇ؟ داداڭغا نېمە بولدى، بالام؟ ئۇنى تولا كۆتۈرتۈپ هاردۇرۇۋەتتىڭمۇ يا؟

— نەدىكىنى؟ — دېدى ئانچىرك دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ، — بىز ئۇنداق باللاردىن ئەمەس دېگىنە، قوزام. تېخى دادىسى بابتېستىنى تولا ئويغىتىۋېتىپ ئاۋارە قىلدى-دۇ. كېچىدە نەچچە قېتىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېردانىڭ

رەپكە بېرىپ ماتورغا قاراپ كېلەيلى. باشقۇرغۇچى يې-
گىي، شۇڭا پات ـ پات بېرىپ قاراپ تۇرمىسام بولمايدۇ.
ئامى ئۇنىڭ چىرايىدىكى قېرىلىقنىڭ بىر ئاز تەبىئىي
ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. بىر چوڭ دېھقانچىلىق مەيدا-
نىنى باشقۇرۇشقا يېتىشەلمەي ھەرقانچە ئالدىراش بولسى-
مۇ، مۇنداق بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئىككى-
سى بۇلتۇرقى بىر دۆۋە چۆپنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ كې-
تىۋاتقاندا، ئامېردا ئوڭ تەرىپىنى تۇتۇپ، چۆپ ئۈستىگە
ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.
— ۋايجان، بۇ يەر بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئامى.
بىرەر ئەزايىمدىن چاتاق چىققان ئوخشايدۇ، چوقۇم شۇن-
داق بولدى.
ئامى ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەن يۈزىنى تۇتتى.
— دەرھال ئۆيگە قايتىپ يېتىپ ئارام ئال، ئاندىن
دوختۇرغا تېلېفون بېرەيلى، مېردا! شۇنداق قىلمىساق
بولمايدۇ.
ئامېردا ئورنىدىن تەستە تۇردى، ئامالسىزلىقنى ئى-
پادىلەپ قوللىرىنى يېيىپ قويدى.
— قانداق ئارام ئالالايمەن؟ مېنىڭ كېسەل بولغۇدەك
ۋاقتىممۇ يوق. ئۈچ مىڭ دوللار خەجلەپ ئالغان ماشىنا
ماڭا قاراشلىق تۇرىدۇ. بۇغدايلار پىشىپ كەتتى، كېلەر
ھەپتىگە قالسىلا دېنى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. بۇغدايلىرىم
بوي تارتمىغان بىلەن ئوبدان دان ئالدى. ئۇ نېمىشقا ئاس-
تىلاپ قالدى؟ دان ئايرىش ماشىنىسىغا بۇغداي ئۇلگۇر-
مەيۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟
ئامېردا بۇغدايلىقنى ئارىلاپ يۈگۈردى، بەدىنى سەل

نىڭغا ئورۇش ماشىنىسىنىڭ ساندۇقى ئارقىلىق يەتكۈزۈلەتتى. ئامېردا ماشىنىنىڭ يېنىدا يوق بولۇپ چىقتى. ئامى بۇغدايلىقنى ئارىلاپ ئۇنى داۋاملىق ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ ئاغىنىسىنىڭ ۋىجىكرەك، ئەمما كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان بەستىنى يىراقتىنلا تونۇۋالدى. ئامېردا ئورۇش ماشىنىسىدا ئولتۇراتتى، ئاق كۆڭلىكى شامالدا كۆپۈشۈپ تۇراتتى، چىغ قالپىقىنى قىرلاپ كىيىۋالغانىدى. ئورۇش ماشىنىسىغا قاۋۇل ئاتتىن ئالتىسى قوشۇلغان، كۈچ بىلەن سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. ئاتلار ماشىنىغا كۆنۈك بولمىغاچقا، ئۇلارنى باشقۇرۇشقا خېلى كۈچ كېتەتتى، بولۇپمۇ ئايلانمىلارغا كەلگەندە، ئاتلار نېرى - بېرى تارتىشىپ ئاۋارە قىلاتتى. ئامى ئاغىنىسىگە باشقىدىن قايىل بولدى، يۈرىكىنى يەنە بۇرۇنقىدەك ھەسەتكە ئوخشاپ كېتىدىغاندەك بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بولدى. ئۇ ئامېردانىڭ ئۆز ئىشلىرىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىغا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ ھەرقانداق ئىشنى دۇنيادا ئەڭ مۇھىم ئىش دەپ بىلىپ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيتتى. «ئالېكساندرانى باشلاپ كېلىپ بۇ ماشىنىنى كۆرسىتىپ قويسام بولغۇدەك، قالتىس نەرسىكەن ئەمەسمۇ بۇ» دەپ ئويلىدى ئامى.

ئامېردا ئامىنى كۆرۈپ قول پۇلاڭلاتتى، يىگىرمە بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكىلارنىڭ بىر ئورنىدا بوجىنى قولۇڭغا ئال، دەپ چاقچاق قىلدى. ئۇ ئورۇش ماشىنىسىنى توختاتمايلا ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئامىغا قاراپ يۈگۈردى، ئامىمۇ ئاتتىن چۈشتى.

— يۈر، مەن بىلەن، — دېدى ئامېردا، — ئاۋۇ تە-

يىغلىپ، ئامېرداننىڭ كېسەل ئەھۋالى توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتاتتى.

فرانك كېتىشىگىلا، ماكرى ئالېكساندراغا تېلېفون بەردى. دوستىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشىمۇ كۆڭۈلگە بىر ئارام. ئالېكساندرا ئۇنىڭغا ئامېرداننىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى: ئۇنى ئېتىزدىن يۆلەپ ئېلىپ كەلگەندە ئاممۇ بار ئىكەن. ئامى ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماپتۇ. سائەت بەشتىن ئاشقاندا دوختۇرلار ئامېردانى ئوپېراتسىيە قىپتۇ. سوقۇر ئۈچەي بولۇپ قالغانىكەن. دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۈچ كۈن بۇرۇنلا ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك ئىكەن. ئامېرداننىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىكەن. ئامى تېخى يېڭىلا قايتىپ كەپتۇ، ھېرىپ ھالى قالماپتۇ، مىجەزىمۇ تازا يوق ئىكەن. ئالېكساندرا ئۇنىڭغا براندى ئىچكۈزۈپ ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ.

ماكرى تېلېفوننى قويۇپ قويدى. ئۇ ئامىنىڭ بۈگۈن بىر كۈن ئامېرداننىڭ يېنىدا بولغانلىقىنى ئۇقتى، بىچارە ئامېرداننىڭ ئاغرىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر يېڭى مەنىگە ئىگە بولدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ، ئامى ئاغرىپ قالسا، ئامېردا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ! ماكرى گۆشگالىق ئىچىگە پاتقان ياتاقتا قاراپ، ئۆزىدە كەم كۆرۈلىدىغان بىر خىل يالغۇزلۇق ھېس قىلدى. ئامى ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇنىڭ كېلىپ قېلىش ئېھتىمالىمۇ يوقتا چىقتى دېگەن گەپ. ئۇ كۆڭۈل ئىزدەپ ئالېكساندرانىڭ ئۆيىگىمۇ بارالمايدۇ. ئۇ ئامى كەتكەندىن كېيىن ھەممە گەپنى ئالېكساندراغا ئېيتماقچى. شۇنداق بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەممە نەرسە

ئوڭغا ئېگىلگەنىدى. ئۇ باشقۇرغۇچىغا ماشىنىنى توختىتماسلىقنى ئېيتتى.

ئامى ھازىر ئۆزىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشىدىغان پەيت ئەمەسلىكىنى سېزىپ، ساينت ئاگنېستىكى ئاغىنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ قويۇش ئۈچۈن ئېتىغا مىنىپ ماڭدى. ئۇ ئاۋۋال لاۋېر ماسسېرنىڭ ئۆيىگە باردى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مېھمانخانىسىدىكى ئەينەكنى سۇرتكەچ، يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان داغدۇغىلىق كونفىرماتىئون ئىبادىتى مۇراسىمىدا ئوقۇلىدىغان قەسىدە «شەرەپ» نى ئەستايىدىل مەشىق قىلىۋاتاتتى.

ئامى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئامېردانى ئىككى نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئېتىزلىقتىن تەستە يۆلەپ ئېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلارغا ياردەملىشىپ ئامېردانى ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى.

5

شۇ كۈنى كەچ سائەت بەشتە فرانك شاربات ئەمدىلا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كېلىپ تۇرۇشىغا، مورېس ماسسېر (لاۋېرنىڭ دادىسى) ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئامېردانىڭ جىددىي كېسەل بىلەن يېتىپ قالغانلىقىنى، خانوۋېردىكى ياردەمچى دوختۇر كەلسىلا، باللارد دوختۇرنىڭ ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. فرانك كەچلىك تاماقنى ئوپۇل - توپۇل يېدى - دە، ماكرىغا ئەھۋالنى قىسقىچىلا ئېيتىپ قويۇپ، ساينت ئاگنېسقا ئاتلىق ماڭدى. ماسسېر ئائىلىسىدىكىلەر مېھمانخانىغا

قانلار ئېقىپ بولۇپ، نىمجان بولغاندا، ئاخىرىدا بىر جەسەتكە ئايلانغاندىلا، ئاندىن ئاسارەتتىن قۇتۇلىدۇ. ماكرى يولىنى داۋاملاشتۇردى، كۆرگىلى ئەمما يەتكىلى بولمايدىغان يۇلتۇزلارغا قارىدى.

ئۇ پەلەمپەيگە بارغاندا، كىمنىدۇ كۇتۇۋاتقاندەك ئولتۇردى. ئۆزۈك سۆيگەن ئادەم بىلەن تەك بەھرىمەن بولالمىغان تۇرمۇشنى تۇرمۇش دېگىلى بولامدۇ!

شۇنداق، ماكرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئامى بۇ يەردىن كەتتى، ئۇلار ئەمدى قايتا كۆرۈشەلمەيدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دېيىشكۇدەك گەپمۇ قالمىدى. ئۇلار ئەك ئاخىرقى پۇللىرىنى ئىشلىتىپ بولدى، قالغىنى پەقەت ئالتۇن. بىر - بىرىگە مۇھەببەت بېغىشلىغان كۆنلەر ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى بىر - بىرىگە بېغىشلايدىغىنى پەقەت يۇرەكنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالىدۇ. ئامى كەتتى، ئۇنىڭ كۆنلىرى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئۆتىدۇ؟ مەلۇم تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئاسانراق ئۆتىدۇ، ئۇ ئەك بولمىغاندا قورقۇنچ ئىچىدە يۈرىدىغان ھالەتتىن قۇتۇلىدۇ. ئامى كەتكەندىن كېيىن مۇقىم بىر خىزمەت قىلسا، ئۆزىنى ئامىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان روھىي ئازابتىن قۇتۇلىدۇ. ئۇ ئەمدى ئامىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسلىمىلىرى بىلەن قانداق ياشىغۇسى كەلسە شۇنداق ياشايدۇ. بۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئادەمگە ھېچقانداق زىيىنى يوق. ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن بولسا بۇ ئىشلار بەرىبىر. ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا ئېنىق، بىر قىز ئاۋۋال بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇ ئادەم ھايات ۋاقتىدا يەنە بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ قاد-

ئۇچۇق بولۇپ كېتىدۇ.

لېكىن ئۇ بۈگۈن كېچە ئۆيدە غېرىبسىنىپ ئولتۇرسا بولمايدۇ. نەگە بارسا بولار؟ ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باغدىن ئۆتتى. گۈگۈم قوينىدا ياۋا كېۋەزنىڭ هىدى دىماغقا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ياۋا ئەتىرگۈلنىڭ پۇرىقى يازنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ كۈچلۈك بۇ پۇراققا ئورۇن بوشاتقانىدى. غەرب تەرەپ يەنىلا قىزىل، گۈگۈم چۈشۈشكە پەيدا بولغان بىر تال يۇلتۇز بوگسېن ئائىلىسىنىڭ تۈگمىنى ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. ماكرى بۇغدايلىقنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى چىتلاقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئالېكساندرالارنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يولغا چۈشۈپ ئاستا ماڭدى. ئامىنىڭ كېلىپ ئامېردانىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ قويمىغانلىقىغا ئۇنىڭ كۆڭلى ئاغرىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئامىنىڭ كەلمەسلىكى تەبىئىي ئەھۋال ئەمەس ئىدى. ئەگەر ماكرى كۆڭۈلسىز ئىشقا ئۇچرىسا، ئەلۋەتتە، دۇنيادا ئەڭ كۆرۈشۈشنى خالايدىغان ئادىمى ئامى ئىدى. بەلكىم ئامى ماكرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ.

ماكرى ئېتىزلىقتىن ئۇچۇپ چىققان پەرۋانىدەك، تار يولدا ئاستا ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يىل - ئايلار ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى تۇپراقتەك پايانسىز: باهار، ياز، كۈز، قىش، باهار. . . مەڭگۈ بىر خىللا، سەۋرچان تۇپراق، سەۋرچان كۆچەت، سەۋرچان جانلىق؛ مەڭگۈ ئوخشاش ئارزۇ - ئارمان، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوخشاش كۈرەش. هاياتلىق خوراپ تۈگىگەندە، ئاخىرقى

ئوچۇق پەيتوندا ئولتوراتتى، ئىككى دىن تارقاتقۇچى ئۇ-نىڭغا ھەمراھ ئىدى. يىگىتلەر شوندىق تەكشى ھەربىكەت بىلەن باش كىيىملىرىنى ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى ھەمدە باشلىرىنى توۋەن قىلىپ تۇرۇشتى، ئېپىسكوپ ئىككى بارمىقىنى چىقىرىپ، ئۇلارغا بەخت تىلىدى. چە-ۋەندازلار خۇددى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدەك پەيتوننى ئوراپ مېڭىشتى. ھەر قېتىم بىرەر ئات ئىگىسىگە بوي-سۇنماي قاتاردىن ئالدىغا چىقىپ كەتكەندە، ئېپىسكوپ سىمىز قوللىرىنى ئۇزۇيلاپ كۆلۈپ كېتەتتى ۋە ھەمراھلى-رىغا:

— ئېمىدىگەن ياخشى يىگىتلەر بۇ! بىزنىڭ دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك چەۋەندازلىرى بار ئىكەن، — دەپ قوياتتى.

ئۇلار كەتكەندە يېرىم مىل كېلىدىغان يەردىكى قەبرىس-تانلىققا كەلدى. چېر كاۋ مەمۇرىيىتىگە قاراشلىق بىرىن-چى چېر كاۋ مۇشۇ يەرگە سېلىنغانىدى. قېرى بىئان سو-گېن قەبرىستانلىقتا جوتو، گورجەك بىلەن ئامېر داغا يەر-لىك كولاۋاتاتتى. ئېپىسكوپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ باش كىيىمىنى ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. يىگىتلەر مەس-لىھەتلىشىۋالغاندەكلا قېرى بىئاندىن كۆزلىرىنى ئېلىۋە-شىپ، تاغ ئۈستىدىكى قىزىل رەڭلىك چېر كاۋغا قاراش-تى. چېر كاۋ ئۈستىدىكى ئالتۇن رەڭلىك كرېست چوغ-دەك يالىلداپ تۇراتتى.

مىسسا سائەت ئون بىردا ئوقۇلىدىغان بولدى. چېر-كاۋغا ئادەم توشۇشقا باشلىغاندا، ئامى بوگسىن ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، تاغ ئۈستىگە چىقىۋاتقان چوڭ - كىچىك

نىڭ ئالدىغا يىغىلىشتى. ئۇلار ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى تارتىشىپ تۇرۇپ، ئۇلۇپ كەتكەن ئاغىنىسى توغرۇلۇق پەس ئاۋازدا پاراڭلىشاتتى. ئۇلار ئامىردانىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئامىردانىڭ ھاياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن قىزىل خىشلىق چىركاۋغا نەزەر تاشلايتتى. ئامىردانىڭ ئەڭ جىددىي ۋە ئەڭ بەختلىك ۋاقىتلىرى مۇشۇ يەردە ئۆتكەن. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا چىركاۋنىڭ سايىسىدە ئوينىغان، چېلىشقان، ناخشا ئېيتقان، مۇھەببەتلەشكەن. ئۈچ ھەپتە ئىلگىرىلا ئۇ مەغرۇر ھالدا بالىسىنى ئىسىم قويدۇرغىلى ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار شەكسىز ئىشىنىدۇ، ئاشۇ كۆرۈنمەس قول ھازىرمۇ ئامىردانىڭ يېنىدا. ئامىردا پانىي ئالەمدىكى چىركاۋ ئارقىلىق كىشىلەر نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئارزۇ ۋە ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئاخىرقى نىشان — زەپەر ماكانىغا يېتىپ باردى.

بۇيرۇق بېرىلىشى بىلەن، يىگىتلەر ئاتلىرىغا مىنىشىپ كەنتتىن ئاستا چىقتى. لېكىن كەنتتىن چىقىپ، تاڭ شەپىقىگە چۈمۈلۈپ تۇرغان ئېتىزلىققا كېلىشكە، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى باشقىچە ئويناقشىشقا باشلىدى، يىگىتلەرمۇ يۈرىكىدىكى ياشلىق ئوتلىرىنى باسالماي قالدى. ئۇلار ئېرۇسالىمغا بېرىپ بىر تاۋاپ قىلىپ كېلىشكە تەشنا ئىدى. ئۇلار ئۆتكەنلا يەردە نۇرغۇن ئادەم ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشىنى ئاڭلاپ ناشتىلىقلىرىنى تاشلاپ قاراشتى، نۇرغۇن ئاياللار ۋە بالىلار ئالدىغا چىقىشتى. ئۇلار ساينت ئاگنېس كەنتىنىڭ شەرقىگە بەش مىل كېلىدىغان يەرگە بارغاندا ئېپىسكوپ بىلەن ئۇچراشتى. ئېپىسكوپ ئۈستى

ۋىشلىك خىياللار ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇ ئاغرىپ قالغان-
دىمۇ؟ ئېرى بىلەن سوقۇشۇپ قالغانمىدۇ؟ بۇ سورۇنغى-
مۇ كېلەلمىگىنىگە قارىغاندا، خېلى ئېغىر كۆڭۈل ئاغرى-
قى تارتقان ئوخشىمامدۇ؟ بەلكىم ئۇ مېنى ئىزدەپ بارىدۇ-
دەپ ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئۇ مېنى ساقلاۋاتامدىغاندۇ؟ كۈچلۈك
ھاياجان، ئېغىر ھەسرەت ئۇنى بۇ دىنني مۇراسىم قوينىغا
ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ئۇ لاۋېرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان-
دا، ئۆزىنى گاڭگىراتقان، ھالىدىن كەتكۈزگەن ھېسسى-
يات توقۇنۇشلىرى ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندەك بولدى.
ئۇنىڭ تەپەككۇر ئاسمىنىدا بىر نۇر چاقنىغاندەك بولدى،
يۈرىكىدە بىر خىل ئېتىقاد پەيدا بولدى: ياخشىلىق ھامان
يامانلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادەم ياخشىلىققا قاراپ يۈز-
لىنەلەيدۇ. ئۇ ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان بىر ما-
كاننى كۆرگەندەك بولدى، ئۇ يەر تەڭسىزلىك، جىنايەت
دېگەنلەردىن خالىي، مەڭگۈلۈك مۇھەببەتلا بار ئىدى. ئۇ
كىشىلەر توپى ئارىسىدىن فرانك شارباتقا قارىدى. ئادەم-
نى مەھلىيا قىلىدىغان بۇ ماكاندىن پەقەت ئۇنى ھېس
قىلالايدىغان ئادەملەرلا ھوزۇرلىنالايدۇ، ھېس قىلالمايدى-
غان ئادەملەر ئۈچۈن ئۇ مەۋجۇت ئەمەس. شارباتتا بار
نەرسىلەرگە ئۇ ھەۋەس قىلمايدۇ. ئۇ مۇزىكا ئىچىدىن
تېپىۋالغان روھ ئۇنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ. فرانك شاربات
مۇنداق روھنى ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان، ئۇ بۇ روھ-
نىڭ يېنىدا مىڭ يىل ياشىسىمۇ ئۇنى تاپالمايدۇ. تاپقان
تەقدىردىمۇ، خۇددى ئىمپېراتور شىللود[1] بىگۇناھلارنى

① مىلادى 1 ـ ئەسىردىكى يەھۇدىي پادشاھى، بىگۇناھلارنى قىرىش بىلەن نام چىقارغان.

هارۋىلارغا قارىدى. قوڭغۇراق چېلىنغاندىن كېيىن ئۇ
فرانك شارباتىنىڭ تاغ ئۈستىگە چىقىپ ئېتىنى تۈۋرۈككە
باغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. دېمەك، ماكرى بۈگۈن كەلمەي-
دىكەن - دە. ئامى بۇرۇلۇپلا چېركاۋغا كىرىپ كەتتى.
چېركاۋدا ئامېردانىڭ ئورنىلا بوش قالغانىدى. ئامى شۇ
ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى. ئامېردانىڭ بىرنەچچە نەۋرە
قېرىنداشلىرى ئۈچىلىرىدا قارىلىق كىيىم، يىغلاپ ئولتۇ-
رۇشاتتى. ھەممە ئورۇن توشۇپ بولدى، قېرىلار بىلەن
بالىلار ئارقا تەرەپتىكى بوش ئورۇندا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇش-
تى. بۈگۈنكى مۇراسىمغا پۈتۈن بازاردىكى ھەربىر ئائى-
لىدىن دېگۈدەك بالىلار كەلگەنىدى، ئەڭ بولمىغاندا بىرەر
ئۇرۇق - تۇغقىنى بار ئىدى. مۇقەددەس غىزاغا ئېغىز
تېگىدىغان ئۆسمۈرلەر توپى كىرىپ، ئۆزلىرىگە ئېلىپ
قويۇلغان ئورۇنلاردا ئولتۇرۇشتى. بىر - بىرىدىن پاك،
سەممىي چىرايلارغا قارىسا ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلەت-
تى. مىسسا باشلانماي تۇرۇپلا كەيپىيات ناھايىتى جانلى-
نىپ كەتتى. قەسىدە ئوقۇش گۇرۇپپىسىدىكىلەر قەسىدى-
نى ئەزەلدىن مۇنداق تەسىرلىك ئوقۇپ باقمىغان. لاۋېر
ماسسېر «شەرەپ قەسىدىسى»نى ئېيتقاندا، ھەتتا ئېپىس-
كوپمۇ كۆزلىرىنى فىسگارموندىن ئالالماي قالدى. تەقدىم
قىلىش مۇراسىمىدا، ئۇ مۇزىكىسىنى گونو① ئىشلىگەن
«بۈۋى مەريەمگە سالام»نى ئېيتتى. بۇ ساينت ئاگنېستى-
كى ھەممە ئادەم ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان مۇزىكا ئىدى.
ئامىنىڭ يۈرىكىنى ماكرى توغرۇلۇق ھەر خىل تەش-

① گونو — 19 - ئەسىردە ئۆتكەن فرانسىيىلىك مەشھۇر مۇزىكانت. ئۇ ئىشلىگەن «بۈۋى مەريەمگە سالام» ناملىق مۇزىكا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان.

فرانك شاربات قېرى موسېس ماسسېرنىڭ ئۆيىگە تاماققا كەلدى. تاماقتىن كېيىن فرانك بىلەن موسېس بىراندى ئىچكەچ قارتا ئويناش ئۈچۈن ئارقا ئۆيگە چىقىپ كەتتى، ئامى لاۋېرغا ھەمراھ بولۇپ بانكىرنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. چۈنكى ئېپىسكوپ لاۋېرنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولغاندا، ئامى زادىلا ئولتۇرالمىدى، ئاخىر «مۇقەددەس شەھەر» دېگەن ناخشا ئېيتىلىۋاتقاندا سورۇندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، ئېغىلغا كىرىپ ئېتىنى ئېلىپ چىقتى. مالۋىنا ئۇنى مەيۈس ئۇزىتىپ قالدى. ئامى چەكسىز ھاياجان ئىچىدە ئىدى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا شۇنداق يېقىن سېزىلدى، ھايات شۇنداق قىسقا ھەم ئاددىي، ئۆلۈم شۇنداق يېقىن، روھ بولسا خۇددى بۈركۈت كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئامېردانىڭ مەڭگۈلۈك ماكانى بولغان يەرلىككە قارىدى، بۇ يەرمۇ ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق سېزىلمىدى. ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بۇ ئاددىي ماكان ئۇنىڭغا تولىمۇ گۈزەل كۆرۈندى. يۈرەك ئۆز رىتىمىنى يوقاتقاندا، ئاشۇ كۆل رەڭ تۇپراققا تەشنا بولۇپ ئاغرىيدۇ. ئادەم ئەسەبىي بىر ھالەتكە كەلگەندە ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. قاراڭغۇ يەرلىك پەقەت قېرى، چۈشكۈن، پۈت - قولى چولاق ئادەملەرنىلا قورقۇتالايدۇ. ياش، قىزغىن، مەرد - مەردانىلەر ئۆلۈم ئالدىدا ھەرگىز تىترىمەيدۇ. ئامى قەبرىستانلىقتىن ئۆتكەندىلا، ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئاندىن سەزدى. خۇشلىشىۋالىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئا-

قىرغاندەك، رىملىقلار پىدائىيلارغا زىيانكەشلىك قىلغان-دەك، ئۇنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ.

بۇۋى. . . مەريەم. . . ئانا،

لاۋېرنىڭ قىسىگارمونغا تەگكەش قىلىنغان ئاۋازى نا-ھايىتى مۇڭلۇق چىقاتتى.

سىز. . . ئۇچۇن. . . ئىبادەت قىلىمىز!

ئىلگىرى بىرەرى ئامىدەك ھېسسىياتقا كېلىپ باقمان-مۇ، بىرەرى مۇزىكىدىن ئۇنىڭدەك سىرلىق بېشارەت ئې-لىپ باقمانمۇ، ئامى بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاپ ئولتۇرمىدى. كونفىرماتسىئون ئىبادىتىنىڭ ئارقىسىدىنلا مىسسا ئۆتكۈزۈلەتتى. مىسسا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كىشىلەر تېخى ھېلىلا ھەقىقىي دىنىي مۇرىتقا ئايلانغان باللارنى ئورىۋېلىشتى، قىزلارنى، ھەتتا ئوغۇللارنى سۆيۈشتى، قۇچاقلاشتى، كۆز ياشلار باللارنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلدى. ئاياللار ھاياجاندىن ياش تۆكۈشەتتى. ئائىلە ئاياللىرى قاي-نام ـ تاشقىنلىقىقا چۆمگەن بۇ سورۇندىن تەستە سۇغۇرۇ-لۇپ چىقىپ، تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈش-تى. مۇشۇ رايونغا قاراشلىق سىرت كەنتلىكلەر چۈش-لۈك تامىقىنى بازاردا يېيىشكە قالدى. بۈگۈن ساينت ئاگ-نېستىكى ھەربىر ئائىلىدە دېگۈدەك مېھمان كۈتۈلەتتى. باستېر دوشنې، ئېپىسكوپ ۋە سىرتتىن كەلگەن دىن تار-قاتقۇچىلار بانكىر فارېېن سوۋانىڭ ئۆيىگە، ئامى بىلەن

ىدىن ئالا - بۇلىماچ يورۇقلۇق چۈشۈرۈپ تۇراتتى. باغ ئالتۇن نۇرغا چۆمۈلگەن، مانا، نۇرنى ھەقىقىي رېئال دۇنيا دېسە بولىدۇ، دەل - دەرەخلەر بولسا ئاشۇ نۇرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە سۇندۇرىدىغان نەرسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئامى گىلاس دەرەخلىرى ئارىسىدىن ئاستا ئۆتۈپ، بۇغدايلىققا قاراپ ماڭدى. ئۇ ھېلىقى تونۇش بۇلۇڭغا بارغاندا، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى، قولى بىلەن ئاغزىنى ئەتتى. ماكرى ئاق ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا يېنىچە يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمى چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان، كۆزلىرى يۇمۇق، قوللىرى شۇنداقلا تاشلانغانىدى. ئۇ بۈگۈن بىر كۈننى ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى مۇكەممەل مۇھەببەت قوينىدا ئۆتكۈزگەن، شۇڭا مۇشۇنداق راھەتلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكى يېنىك كۆتۈرۈلۈپ چۈشەتتى، تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئامى ئۇنىڭ يېنىدا يېتىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ مەھكەم قۇچاقلىدى. ماكرىنىڭ مەڭزىلىرىگە قىزىللىق يۈگۈردى، ئۇ ھېقىقەتەك چىرايلىق كۆزلىرىنى ئاستا ئاچتى. ئامى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۆزىنىڭ، دەرەخنىڭ ۋە قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆردى.

— مەن دەل مۇشۇ مەنزىرىنى چۈشەۋاتاتتىم، — دېدى ماكرى پەس ئاۋازدا ۋە يۈزىنى ئامىنىڭ مەيدىسىگە ياقتى، — چۈشۈمنى بۇزماڭ!

7

ئۇ كۈنى كەچتە فرانك شاربات ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئېغىلدا ئامىنىڭ ئېتى تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئامىنىڭ يۈرىكىنىڭ مۇنچىلىك يوغىناپ كەتكەنلىكىدىن

خىرقى قېتىملىق ئايرىم ئۇچرىشىشى بولۇپ قالار. بۇ-گۈن ئۇ ھېچبىر تارتىنىشمايلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىدۇ.

ئېتىزدىكى زىرائەتلەر پىشىپ كەتكەن، چۈشتىن كې-يىنىنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىدا خۇددى دوخۇپكىدىن كېلىۋات-قان بولكىنىڭ پۇرىقىدەك، پىشىپ ۋايىغا يەتكەن بۇغداي-لارنىڭ ھىدى دىماغىنى ياراتتى. بۇغداي ۋە ئۇچقۇلاقلار-نىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى، ئۇ ئۆزىنى چۈش دۇنياسىدا ھېس قىلدى. ئۇ شۇتاپتا ئارد-لىقى بارغانسېرى قىسقىراۋاتقان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى ھېس قىلالمايتتى. ئۇنىڭغا ئاستىدىكى ئات ئۇ-چۇۋاتقاندەك ياكى رېلىس ئۈستىدە ئۇچۇۋاتقان پويىزدەك بىلىندى. قۇياش نۇرى كېڭىيىپ بارىدۇ، قىزىل رەڭلىك ئاشلىق ئامبىرىنىڭ دېرىزىسىدىكى ئەينەكلەر نۇر چاقنى-تىپ تۇرىدۇ. بۇلار ئۇنىڭغا چەكسىز خۇشاللىق ئاتا قىل-دى. ئۇ خۇددى ساداقىتىن ئايرىلغان ئوقتەك ئالدىغا ئۇچ-تى. ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تولغان قەدەملىرى شاربات ئائىلە-سىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارىدىغان يولغا تاشلانغان-دى.

ئامى شاربات ئائىلىسىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشكەندە، ئات قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەندى. ئۇ ئېتىنى ئېغىلغا باغلاپ، ئالدىراپ ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىچى قۇرۇق. ماكرى شىللېر خانىمنىڭ ئۆيگە ياكى ئالېكساندرانىڭ يېنىغا كەتكەن ئوخشايدۇ. مەيلى، ئامى ئۆزىنى تاتلىق ھېسلارغا چۆمدۈرىدىغان باغ، ئۇجمە دەرەخلىرىنى كۆ-رۈپ كەتسىمۇ رازى. . . ئۇ باغقا كىرگەندە، قۇياش بۇغ-داي ئېتىزلىرى ئۈستىگە باش قويغانىدى. نۇر سىزىقلى-رى خۇددى توردىن ئۆتكەندەك، ئالما دەرەخلىرى ئارىسى-

خۇددى قەپەستەك ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىنغان، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى. ئۇ، باش-قىلار، بولۇپمۇ خوتۇنۇم مېنى قەپەسكە بەند قىلىپ قوي-دى، دەپ قارايتتى، ئۆزۇمنى ئۆزۈم چۈشەپ قويۇۋاتى-مەن، دېگەننى ئەزەلدىن خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئۇ مىل-تىقنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، كاللىسىدا ئاجايىپ دەبدە-بىلىك خىياللار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قو-رالنى ھەقىقىي ئىشلىتىشكە توغرا كېلىپ قالسا، قورقۇپ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ.

فرانك باغقا تۇتىشىدىغان قاشانىڭ ئىشىكىگە كەل-دى، ئۇ يەردە خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك تۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئاشلىق ئامبىرى ۋە چوپ دۆۋىلى-رى تەرەپلەرنى بىر قۇر ئىزدەپ، سىرتتىكى چوڭ يولغا چىقتى. ئاندىن چىتلاقنىڭ يېنىدىكى يول بىلەن ماڭدى. چىتلاقنىڭ ئېگىزلىكى فرانكنىڭ بويىدەك ئىككى چىقات-نى ھەم ئىنتايىن قويۇق ئىدى، يوپۇرماقلىرىنى قول بىلەن قايرىپ قارىمىسا، ئىچىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئاي يو-رۇقىدا يالغۇز ئاياغ يول ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. تىم-تاسلىقتا چۆمگەن يېقىملىق كېچىدە، فرانك بىر خىل شىۋىرلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى، نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلى-كىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، توسالغۇسىز ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى. فرانك قۇلاق-لىرىنى دىڭ قىلدى، ئاۋاز توختاپ قالدى. ئۇ نەپىسىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇردى، بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كېتى-ۋاتاتتى. ئۇ چىتلاقنىڭ يوپۇرماقلىرىنى قايرىپ ئىچى تە-رەپكە قاراپ، ئۇجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى چىملىقتا

قاتتىق ھەيران بولدى. فرانك باشقىلارغا ئوخشاشلا بۈگۈن بىر كۈننى ناھايىتى ھاياجان ئىچىدە ئۆتكۈزدى، ئۇ چۈشتىن باشلاپ ھاراقنى ئوبدانلا ئىچىپ قويدى، شۇ تاپتا تېرىسىگە پاتماي تۇراتتى. ئۇ ئاتنى باغلاۋېتىپ، ئاچچىق بىلەن نېمىلەرنىدۇ غۇدۇراپ قويدى، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۆينىڭ قاپقاراڭغۇ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى. ئۇ تىۋىش چىقارماي ئۆيگە كىردى، ئىشىك تۇۋىدە جىمجىت تۇرۇپ قولاق سالدى، ھېچقانداق سادا يوق، ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە كىردى، ئۈستۈنكى قەۋەتلەرنىمۇ ئالا قويماي ئىزدىدى، يەنىلا ھېچكىم يوق. ئۇ تەپەككۇرنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن پەلەمپەينىڭ ئەڭ تۆۋەنكى باسقۇچىدا ئولتۇردى. ئەتراپ ئاجايىپ جىمجىت، ھېچقانداق سادا يوق، پەقەت ئۇنىڭ ئېغىر نەپىسىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز، بۇغدايلىقتىن مۇشۇكياپىلاقنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى. فرانك بېشىنى كۆتۈردى، كاللىسىدىن يالتتىدە قىلىپ بىر خىيال ئۆتتى، يۈرىكىگە تېخىمۇ ئاغرىق كىرىپ، غەزىپى قايناپ تاشتى. ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ، تام ئىشكاپتىن قاتىللىق قورالى ۋىنچېستېر — 405نى ئالدى.

فرانك مىلتىقنى ئېلىپ ئۆيدىن چىققاندا، ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى قىلچە بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر دۈشمىنى بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئۈمىدسىز ھالەتكە كەلگەنلىكىدىن رازى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى دائىم ئۈمىدسىز ئەھۋالدا دەپ قاراشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. چۈشكۈنلۈك، جىمغۇرلۇق ئۇنى

تۇيۇقسىز ئايال مىدىرلىدى. باشتا بىر ۋارقىرىدى. كېيىن ئارقا - ئارقىدىن ئۇلاپ ۋارقىراۋەردى. ئۇ تېخى ھايات ئىكەن! ئۇ چىتلاق تەرەپكە ئۆمىلەپ كېلىۋاتاتتى! فرانك مىلتىقنى تاشلاپ، يالغۇز ئاياغ يولنى بويلاپ كەينىگە يۈگۈردى، ئۇ سەندىرەكلەپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئاران كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ باقمىغان. ۋارقىرىغان ئاۋاز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي كېلىۋاتاتتى. ئاۋاز بارغانسېرى ئاجىزلاپ، قوپاللىشىپ، جىمىپ قالدى. ئۇ توختاپ قالغاندەك قىلاتتى. فرانك چىتلاق تۈۋىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، خۇددى توشقاندەك ئولتۇردى. ئۇ ئەتراپقا قۇلاق سالدى، ئاۋاز بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى، بوغۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. ۋارقىراش. . . ئىڭراش. . . ۋارقىراش. . . ئاۋاز جىمىقتى. فرانك ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى، ئۇ نېمىلەرنىدۇ دەپ غۇدۇرايتتى، بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇيتتى. ئۇ كۆنۈپ قالغىنى بويىچە، ئالدى - كەينىگە قارىماي ئۆيىگىلا يۈگۈردى. ئىلگىرى بىر كۈن قاتتىق ئىشلەپ، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە، مۇشۇ ئۆيدىن ئاراملىق تاپاتتى. لېكىن بۈگۈن ئىچىنى قاراڭغۇلۇق باسقان ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئىختىيارسىز كەينىگە داجىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلەتتى، يەنە بىر ئايال باغ ئىچىدە قانغا مىلىنىپ ئىڭرىماقتا ئىدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىڭراۋاتقان ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەنىدى. شۇ تاپتا ئۆينىڭ ئىشىكى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قاماللاپ تۇتتى. نەگە بېرىش كېرەك؟ ئۇ

بىر جۈپ قارا كۆلەڭگىنى كۆردى. ئۇنىڭغا ئۇلار ئۇنىڭ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغاندەك، نەپەس ئاۋازىنى ئاڭ-لاپ قالغاندەك بىلىندى، لېكىن ئۇلار ھېچنېمىنى سەزمى-گەنىدى. فرانك ئەزەلدىن ھەرقانداق ئىشنى ئاشۇرۇپ ئويلاشنى ياخشى كۆرەتتى، بۇ قېتىم ئۇ ئىشلارنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك يامان ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ يەردە قارىسى كۆرۈنۈۋاتقىنى بەل-كىم بوگسېن ئائىلىسىدىكى بىرەر ئىشچى قىزدۇ. . . بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىغا ئوخشايدىغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، بۇ قېتىم ئۇ تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى پۈتۈن قان مېڭىسىگە تەپتى، ھېچنېمىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەي، خۇددى ئوت ئىچىدە قالغان ئادەم-دەك جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتتى. مىلتىق دەرھال قولغا چىقتى، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قارىغا ئېلىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق ئۈزدى، ئاندىن بىرى بۇيرۇق قىلغاندەك توختاپ قالدى. ئۇ ئوق ئۈزگەندە، بىر بولسا كۆزىنى يۇمۇۋالدى، بىر بولسا كۆزى تورلىشىپ قالدى، ئىشقىلىپ كۆزى ھېچنېمىنى كۆرمىدى. ئۇ ئىككىنچى پاي ئوقنى ئۈزگەندە ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىل-دى، لېكىن جەزملەشتۈرەلمەيدۇ. ئۇ چىتلاق يوپۇرماقلى-رىنى قايرىپ، ئۈجمە دەرىخى ئاستىدىكى بىر جۈپ قارا كۆلەڭگىگە يەنە قارىدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن سەل يىراق-لاشقان، مىدىرلىماي تۇراتتى. . . ياق، پۈتۈنلەي جىم ئەمەس، ئاينىڭ دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقان يورۇقىدا بىر ئەرنىڭ تارتىشقان قوللىرىدا يەردىكى چۆپ-لەرنى قاماللاپ تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇ شۇنداق قورقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئايالغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويغانلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كاللىسىغا سىغدۇرالمىدى. بىر ئايالنىڭ قانغا مىلىنىپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرغىچە، يىرتقۇچ ھايۋانغا يەم بولسامچۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ. ماكرى نېمىشقا ئېھتىيات قىلمايدۇ؟ ئۇ فرانكىنىڭ ئاچچىقى كەلسە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىغۇ؟ فرانك ھەر قېتىم باشقىلار بىلەن تاكاللىشىپ قالغاندا، ئۇ فرانكىنىڭ قولىدىكى مىلتىقىنى ئېلىۋالاتتى. بىر قېتىم مىلتىقنى تارتىشىۋاتقاندا تېخى ئوقمۇ چىقىپ كەتكەن. ماكرى مۇنداق ئىشلاردىن قورقمايتتى. لېكىن فرانكىنىڭ مىجەزىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن دىققەت قىلمايدۇ؟ ئامى بوگسىن بىلەن مۇھەببەتلىشىمەن دېسە پۈتۈن بىر ياز ۋاقىت بار ئىدىغۇ، مۇنداق قاراملىق قىلغىنى نېمىسى؟ بەلكىم ئۇ يىللىقچى سىمېركا بىلەنمۇ ئاشۇ يەردە ئۇچرىشىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. فرانك بۇنى كۆڭلىگە ئالمايدۇ. ھەتتا «چېگرا سىزىقى»دىكى بارلىق ئەرلەر بىلەن ئاشۇ يەردە ئۇچراشسىمۇ كارى يوق، قوش قوللاپ قارشى ئالىدۇ، مۇھىمى ئۇنى مۇنداق دەھشەتلىك ۋەھىمىگە دۇچار قىلمىسىلا بولاتتى.

فرانكىنىڭ كۆز ئالدىغا بىر بۇزۇق ئايالنىڭ ئوبرازى كەلدى. لېكىن ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ماكرىنىڭ شۇنداق ئايال ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ماكرىغا ئۇۋال قىلغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئېتىنى توختىتىپ، بۇ نۇقتىنى رەسمىي بويىنىغا ئالدى، ئۆتكەن ئىشلار توغرۇلۇق ئويدانراق ئويلىنىۋېلىشقا تىرىشتى. ئۇ پۈتۈن

چەكسىز ئازاب ئىچىدە ئاسمانغا قارىدى: «بۇۋى مەريەم ئانا، ئۇنى ئازابلىمىغىن! ئۇ ياخشى قىز. . . ئۇنى ئازاب-لىمىغىن! »

فرانك ئىلگىرى ئۆزىنى ھەرخىل جىددىي مۇھىتلار ئىچىدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى، مانا ئەمدى ئاشلىق ئامبىرى بىلەن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يورۇق بوشلۇقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇگمەنىنىڭ يېنىدا گۈردەك قاراڭغۇ ئىشىككە قاراپ تۇرغاندا، ئۆزىنى پەقەتلا كۆرەلمىدى. ئۇ خۇددى ئوۋ ئىتلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغان توشقاندەك تۇ-راتتى، كىچىككىنە بوشلۇقتا خۇددى توشقاندەك نېرى - بېرى يۈگۈرەيتتى. ئەڭ ئاخىرىدا قاراڭغۇ ئېغىلدىن بىر ئات ئېلىپ چىقىش نىيىتىگە كەلدى. ئېغىلغا كىرىدىغى-نىنى ئويلىغاندا، ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ ئولاشتى. ئۇ ئامى-نىڭ ئېتىنىڭ يۈگىنىدىن تارتىپ ئېلىپ چىقتى. ئۆزىنىڭ ئېتىنى تاپقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا يۈگەن سالغۇدەك ئەھ-ۋالى يوق ئىدى. ئۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم سەكرەپ ئاتقا ئاران مىندى، خانوۋېر تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ئەگەر سائەت بىرنىڭ پويىزىغا ئۈلگۈرسە، ئوكلاخوماغا بېرىۋالغۇدەك خىراجىتى بار ئىدى.

ئۇ گاللىشىپ قالغان كاللىسى بىلەن بۇ ئىشلارنى ئويلايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، تېخىمۇ سەزگۈر ئەزالىرى باغدا ئاڭلىغان ئاۋازنى ئۇنىڭغا قايتا - قايتا ئەسكەرتىپ تۇراتتى. ئۇ بەك قورقۇپ كەتكەچكىلا ئۇنىڭ يېنىغا بار-مىدى، ئۇ ئايالنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتىن قور-قاتتى. بىر ئايال ئۇنىڭ بېغىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، ئۇ قانغا مىلىنىپ ياتماقتا. . . ئۇ بىر ئايال بولغاچقىلا،

فرانك خانوۋىرغا كېتىۋاتقان يولدا، ئات بەك سىلكىپ ماڭغاچقا كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىنىڭ ئېلىشقىنىنى بېسىلغىچە ساقلاپ، ئاندىن يولنى داۋاملاشتۇردى. ھازىر ئۇنىڭ كاللىسى قۇرۇق ئىدى، ئۆزىنىڭ ھالسىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى، خوتۇنىنىڭ كۆيۈنۈشىگە موھتاج ئىكەنلىكىنىلا ئويلايتتى. ئۇ ئۆز كارىۋىتىدا يېتىپ ئارام ئېلىۋېلىشنى شۇنداق ئارزۇ قىلاتتى. ئەگەر خوتۇنى شۇ تاپتا ئۆيدە بولغان بولسا، ئۇ قىلچە ئويلانمايلا ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئۇنىڭ يېنىغا كەتكەن بولاتتى.

8

ئەتىسى سەھەر سائەت تۆت بولغان مەزگىل، قېرى ئافىي بالىخانىسىدىن چۈشۈپ ئامىننىڭ ئېتىنى كۆردى، ئات قارا تەرگە چۆمۈلگەن، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى، چۇلۋۇرىمۇ ئۈزۈلگەن، ئېغىلنىڭ سىرتىغا چېچىلىپ قالغان قۇرۇق ئوتلارنى تېرىشتۇرۇپ يەۋاتاتتى. بوۋاي قاتتىق ئەنسىزچىلىككە چۈشتى. ئاتنى ئېغىلغا ئەكىرىپ، ئالدىغا بىر باغ سۇلۇ تاشلاپ بەردى، ئاندىن ئاقساق پۇتلىرىنىڭ بار قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئەڭ يېقىن قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى.

«ئۇ بالىغا چوقۇم بىر ئىش بولدى، بېشىمىزغا چوڭ بالا ـ قازا كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كاللىسى جايىدا بولغان بولسا، ئاتنى مۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويمىغان بولاتتى. ئۇ ئاتنى ئەزەلدىن مۇنداق قىينىمايتتى.» بوۋاي ھۆل چۆپلەر ئارىسىدا ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى.

گۇناھ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۈچ يىلدىن بېرى، ئۇ ماكرىغا قەستەن روھىي جەھەتتىن زەربە بېرىپ كەل-
دى. ماكرى فرانك ئاجايىپ چوڭ ئىش دەپ قارىغان تەر-
سلەرگە قىلچە ئېتىبار قىلمايتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ مۇ-
شۇنداق ئەخمەق، ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئەتمەيدىغان
ئادەملەر ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقىدىن زارلىنىشىنى ئارزۇ قى-
لاتتى، لېكىن ماكرى بۇ يەردىكى ئادەملەرنى ياقتۇرۇپ
قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەگەر فرانك بېيىپ كەتسە، ماك-
رىغا چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ بەرگەن، ئۇنى كارىۋات-
لىق پويىزغا ئولتۇرغۇزۇپ كالىفورنىيىگە ئېلىپ بارغان،
ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بەرگەن بولاتتى. لېكىن ھازىرقى
ئەھۋالدا ماكرىمۇ فرانكقا ئوخشاش تۇرمۇشنى رەزىل،
ئادالەتسىز ھېس قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا فرانك بىر
ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا تۇرمۇشنى كۆڭۈلسىز ھېس قىلدۇ-
رۇشقا تىرىشتى، ئۇنىڭ شۇنچىكىم خۇشاللىقلىرىغىمۇ
ئورتاقلاشمىدى. ماكرى خۇددى خۇشال بولمىسا بولماي-
دىغاندەك، ئەرزىمەس ئىشلاردىنمۇ خۇشاللىق تاپالايتتى!
ئۇ فرانك بىلەن قوشۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇ-
نىڭغا شۇنداق ئىشىنەتتى، ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتى
(فرانك ئاتنى غەزەپ بىلەن مۇشتلىدى). ئەمدى ماكرى
ئۇنى نېمىشقا مۇنداق كويلارغا سالدى؟ نېمىشقا ئۇنى
مۇنداق كۈنگە قويدى؟ بېشىغا كەلگەن بۇ قارا بالا فرانك-
نى ۋەيران قىلدى. تۇيۇقسىز، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ماكرىنىڭ
ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. ئۇ بۇ ئاۋازنى بىر دەملىك ئېسىدىن
چىقارغانىدى.
— ماكرى! — ئۇ ئېسەدەپ ۋارقىرىدى، — ماكرى!

مىنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتقاندىن كېيىن كىرپىكىنىمۇ قاقمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ تۇتۇپ تۇرغان قولدا قېنىق قان ئىزلىرى قالغانىدى، ئېنىقكى، بۇ ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئىزى ئىدى.

لېكىن قان ئىزلىرى، يېتىپ كەتكەن چۆپلەر ۋە قارىداپ كەتكەن ئۇجمىلەر پەقەت ھېكايىنىڭ يېرىمىنىلا سۆزلەپ بېرەلەيتتى. ماكرى بىلەن ئامىنىڭ بېشى ئۈستىدە فرانكىنىڭ بېدىلىكىدىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر جۈپ ئاق كېپىنەك ئۇچۇپ يۈرەتتى، ئۇلار گاھ پەسلەيتتى، گاھ كۆتۈرۈلەتتى، گاھ جۈپ بولۇپ ئۇچاتتى، گاھ ئايرىلىپ كېتەتتى. چىتلاقنىڭ يېنىدىكى چۆپلەر ئىچىدە بۇ يىلقى ئەڭ ئاخىرقى ياۋا ئەتىرگۈل قىزغۇچ ئېچىلىپ قۇرۇپ قالغانىدى.

ئافې يالغۇز ئاياغ يول بىلەن چىتلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە، فرانكىنىڭ يەردە ياتقان مىلتىقىنى كۆردى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، چىتلاقنىڭ يوپۇرماقلىرىنى قايرىپ ئىچى تەرەپكە قارىدى، قارىدىيۇ، خۇددى پۈتىنى بىرى ئۇتتۇرىدىن ئۈزۈۋەتكەندەك، يەرگە موككىدە ئولتۇرۇپ قالدى. «ئاھ، مېھىر - شەپقەتلىك تەڭرىم! — ئۇ ئىڭرىدى، — مېھىر . . . شەپقەتلىك تەڭرىم!»

ئالېكساندرامۇ شۇ كۈنى ئامىدىن ئەنسىرەپ ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئامىنىڭ ھۇجرىسىدا ئىدى. ئۇ دېرىزىدىن ئافېنىڭ شاراب ئائىلىسىگە تۇتىشىدىغان يولدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇزۇن يۈگۈرۈپ ماغدۇرىدىن كەتكەندەك، ئۆزىنى باشقۇرالماي، ئېگىز - پەس دەسسەپ ئاران

ئافي ئېتىز ئارىلاپ ئالدىراش كېتىۋاتقاندا، ئەك دەس-
لەپكى تاك شەپىقى باغدىكى دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ،
ئۈستۈېشى شەبنەمدە هۆل بولۇپ كەتكەن ئىككى تەننىڭ
ئۈستىگە چېچىلدى. يۈز بەرگەن ۋەقە باغدىكى چۆپلۈك-
كە ئېنىق تامغا باسقانىدى، يەنە كېچىدە شېخىدىن چۈش-
كەن ئاق ئۈجمىلەرمۇ قېنىق تۈسكە كىرگەنىدى. ئامى
ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تولىمۇ قىسقا بىر سەهىپە بولغان-
دى. ئوق ئۈنىڭ يۈرىكىگە تەگكەن، ئوڭدىسىغا ئۆرۈ-
لۈپ جان ئۈزگەنىدى. ئۈنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن،
بېشىغا كېلىدىغان بالانى بالدۇرلا سەزگەندەك كۆرۈنەتتى.
لېكىن بۇ بالا ـ قازا ماكرى شارباتقا يېنىك توختىمايتتى.
بىر پاي ئوق ئۈنىڭ ئۆپكىسىگە، يەنە بىر پاي ئوق بوينىغا
تەگكەنىدى. ئۇ چوقۇم ئورنىدىن تۈرۈپ چىتلاق تەرەپكە
ماڭغان، ئۈزۈن قان ئىزى قالغانىدى. چىتلاق يېنىغا بار-
غاندا يىقىلغان. ئۇ قان ئىزىغا ئۈلانغان يەنە بىر يانداش
قان ئىزى بار ئىدى، بۇ ئىزدا ئاققان قان تېخىمۇ كۆپ،
ئېنىقكى، بۇ ماكرىنىڭ ئامىنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كەلگەن
ئىزى. ئۇ ئامىنىڭ يېنىغا كېلىۋالغاندىن كېيىن جان تالاش-
قاندەك كۆرۈنمەيتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆيگۈنىنىڭ
كۆكرىكىگە قويغان، ئامىنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ تۇت-
قان هالەتتە قانسىراپ ئۆلگەنىدى. ئۇ ئوك تەرىپىنى بې-
سىپ ناهايىتى تەبىئىي ياتاتتى، يۈزى ئامىنىڭ مۈرىسىگە
تىرىلىپ تۈراتتى. چىرايىدا بىر خىل ئۆچمەس رازىمەن-
لىك قېتىپ قالغانىدى. ئۈنىڭ لەۋلىرى ئازراق ئوچۇق،
كۆزلىرى شۈنچىكىم يۇمۇلغان، ئۈخلىماي چۈش كۆرۈ-
ۋاتقاندەك ياكى يېنىك ئۈخلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئا-

# بەشنچى قسم   ئالېكساندرا

## 1

ئافې ئاشلىق ئامبىرىدا موزدۇزنىڭ ئۈزۈن ئورۇندۇ-
قىدا ئولتۇرۇپ، پانۇسنىڭ يورۇقىدا هارۋا شوتىسى ياسا-
ۋاتاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن 101 - قەسىدىنى قايتا - قايتا
يادلايتتى. بۇ ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كۈن
ئىدى، چۈشتىن كېيىن سائەت بەش بولغان مەزگىل.
چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ قاتتىق قارا يامغۇر ياغدى،
شامالنىڭ خېلى جېنى بار، يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغاندەك
تۆكۈۋاتاتتى. بوۋاي ئۈچىسىغا سۇ كالىسىنىڭ تېرىسىدىن
تىكىلگەن چاپان كىيگەن، تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئىشتىن توخ-
تاپ، قوللىرىنى ئىسسىتىۋېلىش ئۈچۈن پانۇسقا يېقىن
ئاپىراتتى. تۇيۇقسىز، خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ كىرگەن-
دەك، بىر قىز ئىشىكتىن بېسىپلا كىردى، ئۈستىۋېشىدىن
يامغۇر چاچرىدى. ئۇ سىگنا ئىدى، ئۈستىگە ئەرلەرنىڭ
چاپىنىنى ئارتىۋالغان، ئايىغىنىڭ ئۈستىگە كالاچ كىيىۋال-
غانىدى. بۇ ئائىلىنىڭ بېشىغا قارا كۈن كەلگەندىن بېرى،
سىگنا بۇ ئۆيگە كېلىپ ئالېكساندراغا هەمراھ بولۇپ
تۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى قىزلارنىڭ ئىچىدە ئالېكساندرا ئۇ-
نىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بەكرەك ياقتۇراتتى. شاربات ئائى-
لىسىدە يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق ۋەقە خۇددى دەھشەت-

كېلىۋاتاتتى. ئافي ئەزەلدىن ئاغزىغا هاراق ئالمايتتى. ئالېكساندرانىڭ كاللىسىغا بىرىنچى بولۇپ كەلگىنى، ئۇنىڭغا يەنە شامال تەگكەن ئوخشايدۇ، دېگەن بولدى، بۇ قېتىم ئەھۋالى خېلى ئېغىردەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ هالىتىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئالېكساندرا پەسكە يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالماقچى بولدى. لېكىن بوۋاي ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بېشىنى يەرگە قىلدى.

— خېنىم، خېنىم، — ئۇ ئۆپكىسىنى باسالمايتتى، — بېشىمىزغا چوڭ بالا - قازا كەپتۇ! گۇناھ ۋە ئۆلۈم ياشلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ! ئاھ، تەڭرىم، بىزنىڭ گۇناھىمىزدىن ئۆتكەيسەن!

— سىزنىڭچە ئۇ قەبرىستانلىقتا كەتكەنمىدۇ؟ — سىگنا داۋاملىق سورىدى، — مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن. ھەي، ئۇنى بۇرۇنقى ئەسلىگە قايتىسكەن دەپ ئارزۇ قىلىمەن. ئالېكساندرا بوگسېننى مۇنداق بولۇپ قالار دەپ ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن. ئۇنىڭ كاللىسى ھازىر ھېچنېمىگە ئىشلىمەيدۇ، قاچان تاماق يەيدۇ، قاچان ئۇخلايدۇ، ھەممىنى مەن ئەسكەرتىپ تۇرىمەن.

— بۇنىڭغا سەۋر قىلايلى، كۆتەيلى، قىزچاق، — دېدى ئافي ئاتىنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى سېلىۋېتىپ، — تەنىنىڭ كۆزى يۇمۇلغاندا، روھنىڭ كۆزى ئېچىلغان بولىدۇ. ئۇ ئۆلگۈچىنىڭ يېنىدىن تەسەللىگە ئېرىشىدۇ، شۇندىلا ئاستا - ئاستا تىنچلىنىدۇ. شۇنىڭغىچە سەۋر قىلىشىمىز كېرەك. ئىككىمىزلا ئۇنىڭغا ئاز - تولا تەسىر كۆرسىتەلىسەك، ئۇ بىزگە ئىشىنىدۇ.

— بۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئۈچ ئاي بولدى، — دېدى سىگنا ئافېغا پانۇس تۇتۇپ بېرىۋېتىپ، — ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق، مۇنداق قارا كۈن نېمىشقا بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشىدۇ؟ ماڭا ئەمدى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشەلمەيدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ.

ئافي ئارتۇق گەپ قىلماي، چوڭقۇر ئۇھ تارتىش بىلەن كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ئېڭىشىپ، بارماقلىرى ئارىسىغا كىرىپ قالغان قۇملارنى چىقىرىۋەتتى.

— ئافي، — سىگنا تۇيۇقسىز سورىدى، — ماڭا ئېيتىپ بېرەمسىز، سىز نېمە ئۈچۈن يالىڭاياغ يۈرىسىز؟ مەن بۇ يەردە چاغدا شۇنچە تەمشىلىپمۇ سورىيالمىغاندىم. گۇناھىڭىزنى يۇيۇش ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەب

لىك يالقۇندەك پۈتۈن «چېگرا سىزىقى»غا تارقىلىپ كەت-
تى، بۇ ئىشقىمۇ مانا ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى. بۇ ئىش
بىلەن، سىگنا ۋە نىلىس ئىككىسى ئالېكساندرانىڭ يېنىدا
قىشقىچە تۇرماقچى بولغانىدى.
— ئافي! — سىگنا يۈز ـ كۆزىدىكى يامغۇر سۈيىنى
سۈرتۈۋېتىپ ۋارقىرىدى، — ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى
بىلەمسىز؟
بوۋاي قولىدىكى ئىشنى تاشلىدى.
— كىم؟ خېنىمنى دەمسىز؟
— ھەئە، ئۇ چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر بىلەن
چىقىپ كەتكەن. دېرىزىدىن قارىسام، ئۇ بەكلا يېڭىلىڭ
كىيىنىۋاپتۇ، بېشىدا چىغ قالپاق، ئېتىز ئارىلاپ كەتكەن،
يامغۇر مۇنداق قاتتىق يېغىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنى شىللېر
خانىمنىڭ ئۆيىدىمىكىن دەپ، چاقماق چېقىش توختىغان
ھامان تېلېفون ئۇردۇم، ئۇ يەردىمۇ يوق. ئەگەر ئۇ سىرت-
تا بولسا، بۇ سوغۇقتا بەك تولۇپ كېتىدۇ!
ئافي شىلەپىسىنى كىيىپ، پانۇسنى ئالدى.
— بولىدۇ، بولىدۇ، ئۇنى ئىزدەپ باقايلى. مەن ئۇ
بالىنىڭ ھارۋىسىنى قاتاي، سىرتلارنى ئىزدەپ باقايلى.
سىگنا بوۋاي ھارۋىنى قېتىپ بولغۇچە ئۇنىڭ يېنىدىن
ئايرىلمىدى. ئۇ سوغۇق ۋە جىددىيلەشكىنىدىن جالاقلاپ
تىترەيتتى.
— سىزنىڭچە ئۇ نەگە بارار، ئافي؟
بوۋاي ھارۋا جابدۇقلىرىنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىۋې-
تىپ:
— مەنمۇ بىلەلمىدىم، — دېدى.

هارۋا لاپاس ئاستىدىن چىققاندا، لاپاس ئۈستىدىن ئىققۇاتقان سۇ ئاتنىڭ بوينىغا قويۇلدى. ئات ئاچچىق بىلەن بېشىنى سىلكىۋېتىپ، يامغۇردا يۇمشاپ كەتكەن يەرگە قەيسەرلىك بىلەن ئاياغ تاشلىدى. دۆڭگە چىقىپ، چوڭ يولغا چۈشكەندە، يول بەك تېيىلغاق بولغاچقا، ئات سەنتۈرۈلۈپ تۇزۇك ماڭالمىدى. زېمىننى قاراڭغۇلۇق باسقان، يامغۇر بولۇشىغا تۆكۈلۈۋاتاتتى، ئافي ئالدى تە. رەپنى ئېنىق كۆرەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بوجىنى ئەركىن تاشلاپ، ئاتنى ئۆز مېڭىشىغا قويۇۋەتتى، پەقەت بارىدىغان نىشانىنىلا توغرىلاپ تۇردى. تۇزلەڭلىككە چىق. قاندا، ئۇ ئاتنى پاتقاقلىق يولدىن تارتىپ چىقاردى، ئەم. دى ئات ئۈششاق قاتراپ مېڭىشقا باشلىدى.

ئافي ئۆيدىن ئۈچ مىل كېلىدىغان قەبرىستانلىققا يې. تىپ بېرىشىغا ئاز قالغاندا، بورانلىق يامغۇر پەسىيىپ، سىم ـ سىم يامغۇرغا ئۆزگەردى. ئاسمانمۇ، يەرمۇ قاپقا. را، خۇددى قوشۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئىككى پار. چە دولقۇندەك كۆرۈنەتتى. ئافي هارۋىنى قەبرىستانلىق ئىشىكىدە توختىتىپ، پانۇسنى قولىغا ئالغاندا، جون بوگسېن ئائىلىسىنىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئاق كىيىملىك بىرەيلەن ئورنىدىن تۇردى.

بوۋاي پەسكە سەكرەپ چۈشۈپ ئۇ تەرەپكە ماڭدى ۋە ۋارقىرىدى:

— خېنىم، خېنىم!

ئالېكساندرا دەرهال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

— سىزمىدىڭىز، ئافي! هېچ ئىش يوق، ئەنسىر.

بارمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، قىزچاق. ئۆز بەدىنىمنى ئەركىن قويۇۋېتىش ئۈچۈن. ياش ۋاقتىمدىن باشلاپلا، مېنىڭ مىجەزىمگە يات ھالدا تېنىم ساغلام، قاۋۇل ئىدى، ھەر خىل ئېزىقتۇرۇشلارغا ئۇچراپ تۇراتتىم. ياشتا چوڭايغاندىن كېيىنمۇ بۇ ئېزىقتۇرۇشلاردىن قۇتۇلالمىدىم. بىرەر ئەزايىمنى بولسىمۇ ئەركىن قويۇۋېتىشىم كېرەك ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، پۈت ئادەم بەدىنىدىكى ئەركىن ئەزا. «ئون پەرز» ئىچىدە پۈت توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ يوق. بىز ئادەمنى ھەۋەس يولىغا باشلايدىغان قول، تىل، كۆز، يۈرەكلەرگە ھېزى بولۇشىمىز كېرەك، لېكىن پۈت ئەركىن نەرسە. مەن ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەممۇ، ھېچقانداق ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلمايدۇ. كاللامغا پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەر كىرىۋالغاندا، مەن ھەتتا پاسكىنا يەرلەرگە دەسسەيمەن، لېكىن پۈتنى تېزلا تازىلىۋالغىلى بولىدۇ.

سىگنا كۈلمىدى. ئۇ خىيالغا پاتقىنىچە ئافېنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، هارۋىنىڭ شوتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇردى، ئافې ئاتنى شوتىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزدى.

— سىز خېنىمنىڭ ياخشى دوستى، ئافې، — دېدى سىگنا پەس ئاۋازدا.

— يەنە سىزمۇ بار، خۇدا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، — ئافې ھارۋىغا چىقىپ، پانۇسنى كىلىونكا قالپاقنىڭ ئاستىغا قويدى، — ئەمدى بىردەم سۇغا چىلىشىدىغان بولدۇق، قىزىم، — دېدى ئۇ بايتالغا قاراپ ۋە بوجىنى قولىغا ئالدى.

بۈگۈن سىرتىمدىنمۇ، ئىچىمدىنمۇ قاتتىق مۇزلىدىم، مې-
نىڭچە بۇنىڭ زىيىنى يوق، بۇنىڭدىن كېيىن ئازابلىرىم
يېنىكلەپ قېلىشى مۇمكىن. سىز ئۆلۈك ئادەملەرگە يې-
قىن تۇرغىنىڭىزدا، ئۇلار سىزگە تىرىك ئادەملەردىنمۇ
ھەقىقىي تۇيۇلىدىكەن. ئۆرپ - ئادەت توغرىسىدىكى خى-
ياللار مەندىن يىراقلاپ كەتتى. ئامى ئۆلۈپ كەتكەندىن
بېرى، يامغۇر ياغسىلا كۆڭلۈم بۇزۇلىدىغان بولۇپ قال-
دى. بۈگۈن مەن سىرتتا ئامى بىلەن بىللە يامغۇرغا چىلان-
دىم، ئەمدى يامغۇردىن قورقمايدىغان بولدۇم. يامغۇر
ئىچىڭىزگىچە ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ سىزگە باشقىچە يېقىم-
لىق تۇيۇلىدىكەن، بوۋاق چاغلىرىڭىزنى ئېسىڭىزگە سا-
لىدىكەن. ئۇ سىزنى تېخى ئاپىرىدە بولمىغان ئەلمىساقتىن
بۇرۇنقى تۇمان ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە باشلاپ كىرىدى-
كەن. سىز ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدىكەنسىز، لېكىن قان-
داق گەپكىن، تاشقى دۇنيادىكى نەرسىلەر سىزگە يېقىن-
لاپ كېلىدىكەن، ئۇلار سىزگە تونۇش، قورقمايدىكەن-
سىز. بەلكىم ئۆلگەن ئادەملەر شۇنداق بولسا كېرەك.
ئەگەر ئۇلاردا سېزىم بولسا، خۇددى كىچىك ۋاقتىدا ئۇخ-
لىغان كارىۋات ئادەمگە تەسەللى بولغاندەك، تۇغۇلۇشتىن
ئىلگىرىكى نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە تەسەللى بولۇۋاتقان-
لىقىنى ھېس قىلغان بولاتتى.

— خېنىم، — دېدى ئافې ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا، —
ئۆلگەنلەر جەننەتكە كىرىپ بولدى، مۇنداق يامان خىيال-
لارنى قىلماڭ.

ئۇ شۇ گەپتىن كېيىن بېشىنى ساڭگىلاتتى. چۈنكى،
ئۇ ئامىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئىشەنمەيتتى.

مەك، ئالدىڭلاردا خىجىلمەن، ھەممىڭلارنى پاراكەندە قىلىپ قويدۇم. ھاۋانىڭ پەيلىگە دىققەت قىلماپتىمەن، يامغۇر تامچىلىغاندىلا ئاندىن سەزدىم، لېكىن بوران بەك كۈچلۈك بولغاچقا قايتالمىدىم. سىزنىڭ كەلگىنىڭىزدىن بەك خۇشالمەن. بەك ھېرىپ كەتكەنىدىم، قانداق كېتىشىمنى بىلەلمەي تۇراتتىم.

ئافي پانۇسنى ئۇنىڭ يۈزىگە تۇتتى.

— ۋاي خۇدايىم، خېنىم! يۈزلىرىڭىز نېمە بولۇپ كەتكەن، ئادەمنىڭ قورقۇسى كەلگۈدەك. خۇددى كەلكۈن ئاستىدا قالغاندەك بولۇپ كېتىپسىز، ھەرقانچە بولسىمۇ مۇنداق قىلامسىز؟

ئافي شۇنداق دېگىنىچە ئۇنى باشلاپ چىقىپ، هارۋىغا يۆلەپ چىقاردى، ئۆزى ئاستىغا سېلىپ كەلگەن قورۇق ئەدىيال بىلەن ئۇنى يۆگەپ قويدى.

ئالېكساندرا ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇنداق ئەتراپلىق كۈتۈپ كەتكەنلىرىنى كۆرۈپ كۈلدى.

— مۇنداق يۆگۈەتكىنىڭىزنىڭ ئانچە پايدىسى يوق، ئافي، كىيىملىرىمنىڭ ھەممىسى ھۆل. هازىر ئۇنچە مۇزلاپ كەتمىدىم، شۇ بېشىم ئېغىرلىشىپ، بەدىنىم كۆيۈشۈپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ كەلگىنىڭىزدىن بەك خۇشالمەن.

ئافي هارۋىنى كەينىگە بۇراپ، ئاتنى ئۇششاق قاتىرىتىپ يۈرۈپ كەتتى، ئات تۇياقلىرىدىن لاي چاچرايتتى. ئۇلار قارا يامغۇردىن كېيىنكى كۆل رەڭ تۇسكە كىرگەن كېچە قوينىدا كېتىۋاتاتتى.

— ئافي، — دېدى ئالېكساندرا سۆز باشلاپ، —

ئۇ يىگىتنىڭ قويىنىدا ھېچقانداق ئاغرىق ھېس قىلمىدى.
يىگىت ئۇنى كارىۋاتقا قايتا ياتقۇزغاندا، ئۇ كۆزلىرىنى
ئاچتى. بۇ قېتىم ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۇنى كۆردى،
ئۆي قاراڭغۇ، ئۇ يۈزىنى نىقابلىۋالغان بولسىمۇ، شۇنداق
ئېنىق كۆردى. يىگىت ئىشىك تۈۋىدە تۇراتتى، ئاق رەڭ-
لىك كىيىمى بىلەن يۈزىنى يېپىۋالغان، بېشىنى ئالدىغا
سەل ئەگكەندى. ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسى دۇنيانىڭ ئۇل
تېشىدەك مەزمۇت ئىدى، جەينىكىگىچە ئۇچۇق تۇرغان
ئوڭ بىلىكى مىستەك پارقىرايتتى. ئۇ بۇ بىلەكنىڭ ئۆزى
سۆيىدىغان ئادەملەر ئىچىدىكى ئەڭ قابىلنىڭ بىلىكى ئى-
كەنلىكىنى دەرھال تونۇۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىمنى كۈتۈ-
ۋاتقانلىقىنى، يىگىتنىڭ ئۆزىنى نەگە ئاپىرىدىغانلىقىنى
ئاخىر بىلىۋالدى. مانا بۇ ياخشى بولدى، دېدى ئۇ ئۆز -
ئۆزىگە ۋە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئالېكساندىرا ئويغاندى، ئۇ زۇكامداپ قال-
غان، ئىككى مۈرىسى ئېغىر ئىدى، باشقا چوڭ چاتاق
يوق ئىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە كارىۋاتتىن چۈشمەي
ياتتى. بۇ جەرياندا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر
لىنكولنىغا بېرىپ، فرانك شارباتنى يوقلاپ كېلىشنى
كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ فرانكنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سوتتا
كۆرگەندىن بېرى، فرانكنىڭ سۇلغۇن چىرايى، خۇنى
ئۆچكەن كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيۋاتاتتى.
سوت ئۈچ كۈنلا داۋاملاشتى. فرانك ئوماخا ساقچى ئىدا-
رىسىگە بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان، ئادەم ئۆلتۈرگەنلى-
كىنى ئىقرار قىلغانىدى. لېكىن بۇ قەستەن ئادەم ئۆلتۈ-
رۈش ئەمەس، يامان نىيەتمۇ ئارىلاشمىغانىدى. لېكىن ھې-

ئۇلار ئۆيگە كەلگەندە، سىگنا ياتاق ئۆيگە ئوت قالاپ ئىسسىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئالېكساندرانىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، پۇتلىرىنى ئىسسىق سۇغا چىلىدى. ئۇنىڭ-غىچە ئافي ئاشخانىغا چىقىپ زەنجىۋىل سېلىپ چاي دەم-لەپ كىردى. ئالېكساندرا كارىۋاتقا چىقىپ ئىسسىق يوتقانغا يۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئافي ئۇنىڭ يېنىغا كى-رىپ چاينى ئىچىپ بولغۇچە قاراپ ئولتۇردى. سىگنا ئىشىك سىرتىدىكى ياتما ئورۇندۇقتا ئۇخلاشقا ماقۇللۇق ئالدى. ئالېكساندرا ئۇلارنىڭ ئەتراپلىق كۈتۈشلىرىگە چىداپ ياتتى. ئۇلار ئاخىر چىراغنى ئۆچۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، ئۆيدە يالغۇز قالغاندا ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆزى يالغۇز يېتىپ، هاياتىدا تۇنجى قېتىم، بەلكىم تۇرمۇشتىن زېرىككەندىمەن، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدى. تۇرمۇشتىكى جىسمانىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى جاپالىق، ئازابلىقتەك قىلاتتى. ئۇ ئۇ-زىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان، ئېغىرلىشىپ كەتكەن تې-نىدىن ئازاد بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. يەنە كېلىپ، ئارزۇ-نىڭ ئۆزىمۇ ئېغىر ئىدى، ئۇ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قۇتۇلۇش-نى تىلەيتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ مۇشۇنداق جىممىدە ياتقان چاغدا، ئۆسمۈر چاغلىرىدىكى خىيالىي تۇيغۇ يەنە پەيدا بولدى، بۇ قېتىمقىسى ئىلگىرىكىلىرىگە قارىغاندا تېخى-مۇ روشەن ئىدى: بەدىنىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان بىر يىگىت ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ يىگىت بىلەن بىللە بولغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن، يىگىت ئۇنى ناھايىتى يىراق يەرگە ئېلىپ كەتتى،

ئالېكساندرا ئۇلارغا قاتتىق دىققەت قىلغان بولاتتى. لې-
كىن ئالېكساندرانىڭ نەزىرىدە، ماكرى توي قىلىپ بول-
غاندىن كېيىن، ھېچقانداق چاتاق چىقمايتتى. ماكرى چى-
رايلىق، ھېسسىياتچان، پەقەت ئامىدىن ئىككى ياش چوڭ
ئىدى. بۇ تەرەپلىرىنى ئالېكساندرا چوڭقۇر ئويلاپ كەت-
مىگەنىدى. ئامى ياخشى بالا ئىدى، توي قىلغان ئاياللار-
نىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم ياخشى ئادەم ئەمەس ئىدى.

ھازىر ئالېكساندرا مەلۇم نۇقتىدىن ماكرىنىڭ يەنىلا
ماكرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا «توي قىلغان ئايال» دەپلا
قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بەزىدە ئالېك-
ساندرا ئۇنى ئەسلەپ قالغاندا، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ
قالاتتى. ئۇ كۈنى ئەتىگەندە، ئالېكساندرا باغقا كىرىپ
ئۇ ئىككىسىنىڭ يېنىغا بىرىپلا ھەممىنى چۈشەندى. ئىك-
كىسىنىڭ چۆپلۈكتە ياتقان ھالىتى، ماكرىنىڭ بېشىنى
ئامىنىڭ مۈرىسىگە تىرەپ يېتىشى ھەممىنى ئېنىق چۈ-
شەندۈرۈپ تۇراتتى. ئالېكساندرا ئەجەبلەندى، ئۇ ئىككى-
سىنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قېلىشى تامامەن
مۇمكىنغۇ، ئۇ مۇنداق بولىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمى-
دى؟ ئامىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن سۈرلۈك چىرايى،
ماكرىنىڭ چىرايىدىكى رازىمەنلىك... ئالېكساندرا ئەڭ
دەسلەپ ئۇلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەندىمۇ، يۈرىكىدە
ئۇلارغا نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغىغانىدى.

ئالېكساندرا كارىۋاتتا يېتىپ ئارام ئالغان مۇشۇ بىر-
نەچچە كۈندە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئوبدانلا ئارام
ئېلىپ قالدى، بىر ئىشلار ئۈستىدە سوغۇق قانلىق بىلەن
پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان بولدى. ئامى ئۆلگەندىن بىرى

لىقى مىلتىق ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ پايدىسىز ئىسپات ئىدى. سوتچىنىڭ ھۆكۈمى ئېغىر بولۇپ كەتتى، ئون يىل كې- سىۋەتتى. ھازىر ئۇنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش ئورنىدا تۇرۇۋاتقىنىغا بىر ئاي بولدى.

ئالېكساندرا ئويلىدى، ھازىر پەقەت فرانكنىلا قۇتۇل- دۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ خاتالىقى ھەر قانداقىمىزنىڭ- كىدىن ئاز، لېكىن ھازىر ئەڭ چوڭ جازاغا ئۇچراۋاتىدۇ. ئالېكساندرا بۇ ئىشتا بىچارە فرانكقا قارىغاندا ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى كۆپ دەپ قارايتتى. شاربات ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۇلارغا قوشنا بولۇپ كۆچۈپ كەلگەندىن بې- رى، ئالېكساندرا پۇرسەت بولسىلا ماكرى بىلەن ئامىنى ئۇچراشتۇرۇپ تۇرغانىدى. فرانك خوتۇنىنىڭ بەزى ئىشى- لىرىغا قارىشىپ بېرىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، ئالېك- ساندرا دائىم ماكرىنىڭ يەر چاغلاش، كۆچەت تىكىش ۋە ياغاچچىلىقتا ئوخشاش ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشكە ئا- مىنى ئەۋەتتى. ئۇ ئامىنىڭ ئۇلارنىڭ قوشنىسىغا ئوخ- شاش زېرەك، شەھەر تەربىيىسى كۆرگەن قىزلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىششىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئامىنىڭ مۇشۇ جەرياندا يۈرۈش ـ تۇرۇش جەھەتتە خېلى ئۆزگەرگەنلى- كىگىمۇ دىققەت قىلغانىدى. ئۇ ئامىنىڭ ماكرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن ئامىنىڭ ھېسسىياتى- نىڭ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئوي- لاپ باقمىغانىدى. ئۇ ھازىر ئۆزىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ، لېكىن بۇ جەھەتتىن بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشىنى ئەزەلدىن خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئەگەر ماكرى توي قىلمىغان بولسا، بۇ باشقا گەپ ئىدى! ئۇ چاغدا

ئۆمرۈمدىمۇ مۇشۇنداق تەنها ئۆتۈپ كەتسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن بەرىبىر ئىدى.

2

ئۆكتەبىرنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئالېكساندرا بوگسېن ئۇچىسىدا باشتىن - ئاخىر قارا كىيىم، بېشىدا ساياھەت شىلەپسى، لىنكولىندىكى بېرلىنتون پويىز ئىستانسىسىدا پويىزدىن چۈشۈپ، ماشىنا بىلەن لىندېر مېھمانخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىككى يىل ئىلگىرى ئامىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا كەلگەندە مۇشۇ مېھمانخانىغا چۈشكەنىدى. ئالېكساندرا سىرتتىن قارىماققا ناھايىتى ئەركىن كۆرۈنگىنى بىلەن، مېھمانخانا دېگەندەك مۇنداق يەرلەردە ئۆزىنى ئەركىن سېزەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ مۇلازىمەت ئورنىدا رەسمىيەت ئۆتەۋاتقاندا، زالدا ئادەم كۆپ ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلدى. ئۇ كەچلىك تاماقتا بالدۇرلا چۈشتى، تاماقتىن كېيىن سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىشكە ماڭدى.

ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ قورۇسى ئالدىغا كەلگەندە، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ تەنتەربىيە مەيدانىغا كىرمەي، تۆمۈر رېشاتكىنىڭ سىرتىدىكى يولدا نېرى - بېرى مېڭىشقا باشلىدى، ئۇ ياتاق بىناسىدىن بۇ ياتاق بىناسىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ياشلارغا، كۇتۇپخانا ۋە مەشىق مەيدانىدىن كېلىۋاتقان چىراغ يورۇقىغا قارىدى.

مۇنداق هالەتكە كېلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئالېكساندرا
ئويلاپ قالدى، بۇ بەختسىز ۋەقەنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى
ئادەملەر ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن فرانكنى ئۆلجىغا قالغان
جان دېيىشكە بولاتتى. ئۇ فرانكنى چوقۇم يوقلاپ كېلى-
شى كېرەك. سوت فرانكقا ھۆكۈم ئېلان قىلغاندىلا،
ئالېكساندرانىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالغاندى. ئۇ
هازىر ياقا يۇرتتا، جان كۆيەر بىرەرى يوق، مۇنداق ئەھ-
ۋالدا هاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈشىمۇ مۇمكىن. فرانكتەك مى-
جەزى بار ئادەمنى ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى.
ئۇ ماكرىغا قارىغاندا فرانكنىڭ ئىشلىرىنى كەچۈرۈۋەت-
كۈسى كېلەتتى. توغرا، لىنكولىنغا بېرىپ فرانك شارباتى-
نى يوقلاپ كېلىش كېرەك.

ئامىنى دەپنە قىلغاننىڭ ئەتىسى، ئالېكساندرا كارل
لىندستروۇمغا بىر پارچە خەت يازدى. خەت بىر بەتلا ئى-
دى، يۈز بەرگەن ۋەقە قىسقىلا يېزىلغانىدى. ئالېكساندرا
مۇنداق ئىشلارنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئېزىپ ئولتۇ-
رىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۆزىنىڭ هېسسىياتىنى بول-
سا ئەزەلدىن ئەينەن ئاشكارىلىمايتتى. ئۇ كارلنىڭ يىراقتا
جىددي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۇ يەرگە
پوچتىخانىنىڭ يىراق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. كارل يولغا
چىقىشتىن ئىلگىرى بارىدىغان يېرى توغرۇلۇق ئۇنىڭغا
خەت يازغانىدى. لېكىن ئالېكساندرانىڭ كاللىسىدا ئال-
ياسكا دېگەن ئۇقۇم خىرە ئىدى. ئارىدىن نەچچە ھەپتە
ئۆتتى، كارلدىن هېچقانداق خەت - خەۋەر بولمىدى،
ئالېكساندرا كارلغا نىسبەتەن يۈرىكىنىڭ سوۋۇپ كېتى-
ۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. ئەڭ ياخشىسى، كېيىنكى

كۆتۈۋاتقاندەك پۈراق چىقىپ تۇراتتى.
— ھە، مەن دىققەت قىلماپتىمەن، — دېدى ئالېك-ساندرا سەممىيلىك بىلەن، — سىز بۇ مەكتەپنىڭ كونا ئوقۇغۇچىسىمۇ؟
— ياق، خانىم، مەن بىرىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇ-چىسى، دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كەلگىنىمگە ئۇزۇن بول-مىدى. چېرى ناھىيىسىدىن بولىمەن. بىرەرىنى ئىزدەمتى-ڭىز؟
— ياق، رەھمەت، سىزگە، مەن. . . — ئالېكساند-رانىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى، — مەن ئىنىمنىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم. ئىنىم ئىككى يىل ئىلگىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن.
— ئۇنداقتا يۇقىرى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بى-لەن كۆرۈشۈپ باقسىڭىز بولغۇدەك. قېنى مەن ئويلاپ باقاي، مەن ئۇلاردىن بىرەرىنى تونۇمىغۇدەكمەن. بىراق ئۇلارنى كۆتۈپخانىدىن تاپقىلى بولىدۇ، ئاۋۇ قىزىل بىنا شۇ، ئەنە ئاۋۇ، — بالا قولى بىلەن كۆرسەتتى.
— سىزگە رەھمەت، مەن ئىزدەپ باقاي، — ئالېك-ساندرا ئايرىلغۇسى كەلمىگەن ھالدا ماڭدى.
— بولىدۇ، خەيرلىك كەچ، — بالا بۆكىنى بېشىغا تاشلاپ، ئون بىرىنچى كوچىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.
ئۇ مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنى ئىچى - قارنى بوشاپ قالغاندەك ھېس قىلدى. «ئۇ بالىنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن يېقىملىق، ئۆزىمۇ شۇنداق قائىدە - يوسۇن-لۇق ئىكەن، ئامىمۇ ئاياللارغا شۇنداق ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلاتتى، — ئۇ ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىپ، قويۇق، ئۇ-

ھەربىي قورال - ياراق ئامبىرى ئارقىسىدىكى مەيداندا ئوقۇغۇچىلار ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ياش ئوفىتسېرنىڭ رىتىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئوفىتسېرنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، گەپلىرى تېز ئىدى، ئالېكساندرا نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ئېگىز بوي، بەستىمۇ خېلى بار ئىككى قىز كۈتۈپخانىدىن چىقىپ، پەلەمپەيدىن چۈشتى ۋە تۆمۈر دەرۋازىدىن چىقتى. ئۇلار ئالېكساندرانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئالېكساندرا ئۇلارنىڭ بوخېمىيە تىلىدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. بىردەم - بىردەم، بىر يىگىت تاشيولنى بويلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، خۇددى قانداقتۇر بىر يېڭىلىقنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىماقچى بولغاندەك، چوڭ كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتەتتى. ئالېكساندرانىڭ يۈرىكىدە ئۇلارغا نىسبەتەن بىر خىل مېھىر - مۇھەببەت قوزغالدى. ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقۇسى، ئامىنى تونۇيدىغان - تونۇمايدىغانلىقىنى سوراپ باققۇسى كېلەتتى.

ئۇ مەكتەپنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە، بۇ ئارزۇسى ئىجابەت بولدى. بېشىغا مەشىقتە كىيىدىغان بۆك كىيگەن، بىر باغلام كىتابنى پۇلاڭلىتىپ كۆتۈرۈۋالغان بىر ئوغۇل بالا ئۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. بالا ئالېكساندرانى كۆرمەي سوقۇلۇپ كەتتى. بالا دەرھال بۆكنى ئېلىپ، ھاسىرىغىنىچە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى:

— كەچۈرۈڭ، دىققەت قىلماپتىمەن، — ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى سۈزۈك، خۇددى ئالېكساندرادىن بىرەر سۆز

قىلمىدى.

— مەن ئۇنىڭغا چوقۇم ياخشى دىققەت قىلىمەن، ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمىز، — دېدى شۋارتىس ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — سىز ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يەردە پاراڭلىشىۋالسىڭىز بولىدۇ. مەن چىقىپ ئاشخانىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقاي. ئۇنى ئادەم چىقارتىپ چاقىرتىپ بېرىمەن. ئۇ بۇ چاغقا ئۆز كامېرىنى تازىلاپ بولدى. سىز بىلىسىز، تازىلىققا دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ.

شۋارتىس ئەپەندى ئىشىك تۈۋىدە توختاپ، بۇلۇڭدىكى ئۈستەلدە قېلىن بىر دەپتەرگە نېمىلەرنىدۇ يېزىۋاتقان، ئۇچىسىغا مەھبۇسلار كىيىمى كىيگەن، چىرايى تاتىراڭغۇ بىر يىگىتكە دېدى:

— بېرتى، 1037 - نومۇرلۇق مەھبۇسنى ئېلىپ كىرگەندە، سەن سىرتقا چىقىپ تۇر، بۇ ئايال ئۇنىڭ بىلەن ئازادە پاراڭلىشىۋالسۇن.

يىگىت بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، يەنە ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇردى.

شۋارتىس ئەپەندى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئالېكساندرا قارىدىن جىيەك تۇتۇلغان قولياغلىقىنى بىر خىل ئالدىراش ئىچىدە سومكىسىغا سالدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىۋاتقاندا، فرانك بىلەن كۆرۈشۈشتىن ھېچقانداق قورقۇنچ ھېس قىلمىغانىدى. مانا ئەمدى بۇ يەرگە كەلگەندە، كاردوردىكى ئاۋاز ۋە پۇراقلار، ئىشخانىنىڭ دېرىزىسى سىرتىدىن نېرى - بېرى ئۇتۇپ تۇرغان مەھبۇسلارنىڭ قىياپىتى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ۋەھىمە سېلىپ قويدى.

زوٗن چاچلىرىنى تاراۋاتقاندا، يەنە ھېلىقى ئوقۇغۇچى بالا ئېسىگە كېلىپ قالدى، — ئۇنىڭكىدەك يېقىملىق ئاۋازنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقماندەك قىلمايمەن. ئۇنىڭ ئوقۇشى ئوتتۇقلۇق بولغاي. چېرى ناھىيىسى، ئۇ يەرنىڭ يەم - خەشىكى بەك ياخشى، ئۇ يەرنىڭ بۆرە كۈچۈكلىرى يەرنى تاتىلاپ سۇ چىقىرىپ ئىچىدۇ.»

ئەتىسى ئەتىگەندە سائەت توققۇزدا، ئالېكساندرا شتاتلىق خاتالىقى ئۇستىدە قايتا ئويلىنىش ئورنىنىڭ نازارەتچىلەر باشلىقى ئىشخانىسىغا كىردى. نازارەتچىلەر باشلىقى گېرمانىيىلىك ئىدى، چىرايى باشقىچە نۇرلۇق، كەيپى چاغ كۆرۈنەتتى، ئۇ ئىلگىرى ئات جابدۇقلىرىنى ياسايدىغان ئادەم ئىكەن. ئالېكساندرا خانۇۋېردىكى گېرمانىيىلىك بانكىردىن بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى ئالغاچ كەلگەنىدى. شۋارتىس ئەپەندى خەتنى كۆرۈپ، غاڭزىسىدىنى بىر چەتكە قويدى.

— ھېلىقى ئېگىز بوي بوخېمىيىلىكقۇ دەيمەن؟ توغرا، ئۇ ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ.

— بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن، ئۇنى جېدەل چىقىرىپ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالىدىكەن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. شۋارتىس ئەپەندى، ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا، فرانك شارباتنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا نېمىشقا كۆڭۈل بۆلۈدىغانلىقىم توغرۇلۇق سىز بىلەن پاراڭلىشاي دېگەنىدىم.

ئالېكساندرا فرانكنىڭ ئۆتمۈشى ۋە مىجەز - خۇلقى توغرۇلۇق قىسقىچە سۆزلەپ بەردى، شۋارتىس ئەپەندى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، لېكىن قانداقتۇر يېڭىلىق ھېس

ئىشەنگۈسى كەلمىدى: چىرايى پۈتۈنلەي كۆكۈچ تۈسكە كىرگەن، لەۋلىرىدە قان دىدارى يوق، سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرى سىرىقداپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالېكساندراغا چىرايىنى ئاچمايلا قارىدى، خۇددى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن هازىرلا چىققاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى، بىر قېتىم توختىماي لىكىلدايتتى. بۇ قېتىمقى پاراڭلىشىشنىڭ فرانك ئۈچۈن ئازابلىق جازالاش بولىدىغانلىقىنى ئالېكساندرا دەرهال هېس قىلدى. فرانكنىڭ چېچى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، قارىسا ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا جىنايەتچىنىڭ ئوبرازى كېلەتتى، سوتتا سوراق قىلىنىۋاتقاندا مۇنداق ئەمەس ئىدى.

ئالېكساندرا ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى.

— فرانك، — ئۇنىڭ كۆزىگە لۆممىدە ياش كەلدى، — ئىككىمىز چىرايلىق پاراڭلىشىۋالساق. سىزنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلغانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن، سىزگە يامانلىق ئويلىمايمەن، بۇ ئىشتا گۇناهنىڭ كۆپرەكى ئۇلاردا.

فرانك يانچۇقىدىن كىرلىشىپ كەتكەن بىر كۆك قولياغلىقنى چىقىرىپ يىغلاپ كەتتى هەم ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئالېكساندراغا دۈمبىسىنى قىلىۋالدى.

— مەن ئۇ ئايالنى بىر نېمە قىلىۋېتىشنى ئەزەلدىن ئويلىمىغان، — دېدى ئۇ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ، — ئۇ يىگىتكىمۇ يامانلىق قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى، ئۇنى ياقتۇراتتىم، بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن ئىككىسىنى. . . — ئۇ گەپتىن توختاپ قالدى، چىرايى ۋە كۆزلىرىنىڭ بىردىنلا خۇنى قالمىدى. ئۇ بىر ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلىدى،

ئىشخانىدىكى سائەت بىر خىلدا چىكىلداپ تۇرىدۇ،
ياش مەھبۇس شىرتىلدىتىپ خەت يېزىش بىلەن ئالدىراش،
تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قاتتىق يۆتەلدىن ئورۇق مۈرىلىرى سىل-
كىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى بىر قاراشتىلا
بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئالېكساندرا ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە نەزەر
تاشلىدى، لېكىن ئۇ بىرەر قېتىممۇ بېشىنى كۆتۈرمىدى.
ئۇ يوللۇق چاپىنىنىڭ ئىچىگە ئاق كۆڭلەك كىيگەن، بوي-
نىغا گالىستۇكنى چىرايلىق قىلىپ باغلىۋالغانىدى، قول-
لىرى ئورۇق ھەم ئاق، تىرناقلىرى پاكىز ئېلىنغان، چىم-
چىلاق بارمىقىدا دۈگىلەك بەلگە بار ئىدى. ئۇ كارىدوردا
بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئور-
نىدىن تۇردى، دەپتەرنى يېپىپ، قەلەمنى جايىغا قويدى،
ئاندىن يەردىن ئۇستۇن قارىماي سىرتقا چىقىپ كەتتى.
ئۇ ئېچىپ قويغان ئىشىكتىن بىر نازارەتچى فرانك شارباتى-
نى ئېلىپ كىردى.

— 1037 ـ نومۇرلۇق مەھبۇس بىلەن كۆرۈشمەكچى
بولغان خېنىم سىز بولامسىز؟ ئۇنى ئېلىپ كەلدىم. سەن
ياۋاشراق بول. سىز ئولتۇرسىڭىز بولىدۇ، خېنىم، —
نازارەتچى ئالېكساندرانىڭ ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ
شۇنداق دېدى، — سىلەر پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن
ئاۋۇ ئاق كۇنۇپكىنى باسسىڭىز، مەن كىرىمەن.

نازارەتچى چىقىپ كەتتى، ئىشخانىدا ئالېكساندرا
بىلەن فرانكلا قالدى.

ئالېكساندرا فرانكنىڭ قورقۇنچلۇق كىيىملىرىگە قا-
رىماسلىققا، بىۋاستە يۈزىگىلا قاراشقا تىرىشاتتى، لې-
كىن بۇ چىراينىڭ فرانكنىڭ چىرايى ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ

— مەن ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر ئايالغا ئۆچمەنلىك
بىلەن قارىمىغان، مەن ئۇنداق ئەرلەردىن ئەمەس، — دېدى
فرانك ھاياجان بىلەن مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، — مەن خوتۇ-
نۇمنى ئەزەلدىن ئۇرۇپ باقمىغان، ياق، ئۇ شۇنچىلىك
چىشىمغا تەگكەندىمۇ قول تەگكۈزمىگەن! — ئۇ نازارەت-
چىلەر باشلىقىنىڭ ئۈستىلىنى قاتتىق مۇشتلىدى، كېيىن
خىيالچان ھالدا ئۈستەلنى بىر خىلدا چېكىپ ئولتۇردى.
ئۇنىڭ بويۇن ۋە يۈزلىرىگە قىزىللىق يۈگۈرۈشكە باشلى-
دى، — ئۈچ يىل بولغان، ئۇنىڭ مېنى كۆڭلىدىن چىقى-
رىۋەتكەنلىكىنى سېزىپ يۈرەتتىم، ئالېكساندرا بوگ-
سېن. ئۇنىڭ باشقا ئەرنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەنلىكى-
نى بىلەتتىم. مەن ئۇنى بىلگەن، ھى. . . ! شۇنداقتىمۇ
ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلمىغان. ئەگەر قولۇمدا مىلتىق
بولمىغان بولسا، ئۇنداق ئىشمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى.
قانداق شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ مىلتىقنى قولۇمغا ئال-
دىمكىنتاك. ئۇ مىلتىق ئېلىشىمغا ئەسلىدىنلا نارازى ئى-
دى. ئەسلىدە ئۇ ئۆيدە بولغان بولسا ياخشى بولاتتى،
ئۆيدە ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ! ھەي، بۇ ئەخمىقانە
گەپلەرنى ئەمدى نېمە قىلىپ يۈرىمەن.

فرانك بايىقىدەكلا بېشىنى سىلاپ قويۇپ گەپتىن
توختاپ قالدى. ئۇنىڭ تازا قىزىپ سۆزلەۋېتىپ، تۇيۇق-
سىزلا مۇنداق توختاپ قېلىشى ئالېكساندراغا بىر ئاز
غەلىتە تۇيۇلدى. خۇددى قانداقتۇر بىر نەرسە يۈرىكىدىن
كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ تەپەككۇر ۋە سېزىش ئىقتى-
دارىنى ئۈزۈپ قويغاندەك ئىدى.

— شۇنداق، فرانك، — دېدى ئالېكساندرا، — بىلى-

خۇنسىز كۆزلىرى يەرگە قادالغان، جانسىز ئىككى قولى تىزلىرى ئوتتۇرىسىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى، قولياغلىقى يوللۇق ئىشتىنىنىڭ تىزىدا يېيىقلىق ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا تەۋرەپ تۇرغان يىرگىنچ تۇيغۇسى پۈتۈن بەدىنىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغاندەك ئىدى.

— مەن سىزنى ئەيىبلىگىلى كەلمىدىم، فرانك، مېنىڭچە ھەقىقىي ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئادەملەر ئۇلار، — ئالېكساندرانىڭ بەدىنىمۇ كۆيۈشكەندەك بولدى.

فرانك تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىشخانىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى.

— مېنىڭ ئۇ يەرلىرىم ئەمدى تۈگەشتى، مەن قان - تەر ئاققۇزغان يەرلەر، — ئۇ ئاچچىق كۈلدى، — ئاناڭنى، تۈگەشسە تۈگەشمەمدۇ، — ئۇ گەپتىن توختاپ، چېچى ئەمدىلەتىن ئۆسۈۋاتقان بېشىنى ئىتتىك - ئىتتىك سىلىدى، — مېنىڭ چېچىم بولمىسا، كاللامغا ھېچنېمە كەلمەيدىكەن، — ئۇ چۈشەندۈردى، — مەن ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۇنتۇدۇم، بىز بۇ يەردە ئادەم تىللاشتىن باشقا گەپ قىلىشمايمىز.

ئالېكساندرا گاڭگىراپ قالدى. فرانك پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئىلگىرىكى كېلىشكەن بوخېمىيىلىك قوشنىسى ھازىر باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭدا ئادەملىك خۇسۇسىيەتمۇ ئازلاپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئالېكساندرا ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى.

— ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىماسىز، فرانك، — سورىدى ئالېكساندرا ئاخىر.

يېتىلەپ چوڭ قىلغان بىچارە تاغىسى جوئې توۋېسكى
هازىر قانچىلىك ئازابلىنىۋاتىدۇ؟ بۇ ئادەمنىڭ ئەقلىگە
سىغمايدىغان ئىش ئىدى. ئادەم بەك ئوچۇق - يورۇق،
قىزغىن بولۇپ كەتسىمۇ سەل چاتىقى بولامدۇ قانداق؟
ئالېكساندرا مۇنداق ئويلاشنى خالىمايتتى، لېكىن نورۋې-
گىيە قەبرىستانلىقىدا ئامى ياتىدۇ، بۇ يەردە بولسا فرانك
شارباتنىڭ ئەھۋالى مۇنۇ. ئالېكساندرا ئورنىدىن تۇرۇپ
فرانكنىڭ قولىنى تۇتتى.

— فرانك شارباتى، مەن قولۇمدىن كېلىشىچە سىز-
نى كەڭچىلىككە ئېرىشتۈرىمەن، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمى-
غىچە ھەرگىز بولدى قىلمايمەن، تۈرمە باشلىقىنىمۇ ئارا-
مىدا قويمايمەن. سىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلى-
شىمگە كۆزۈم يېتىدۇ.

فرانك ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى، كېيىن چى-
رايىدا ئاستا - ئاستا ئىشەنچ پەيدا بولدى.

— ئالېكساندرا، — دېدى ئۇ سەمىمىيلىك
بىلەن، — ئەگەر بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلىسەم، بۇ يەردى-
كىلەرگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيتتىم، يۇرتۇمغا —
ئاپامنىڭ يېنىغا كېتەتتىم.

ئالېكساندرا قولىنى تارتىۋالماقچى بولدى، لېكىن
فرانك ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەيتتى، ئۆزىمۇ سەزمى-
گەن ھالدا ئۇنىڭ قارا چاپىنىدىكى تۈگمىنى سىلايتتى.

— ئالېكساندرا، — دېدى ئۇ تۈگمىگە تىكىلىپ تۇ-
رۇپ پەس ئاۋازدا، — سىز مېنى ئىلگىرى ئۇ قىزنى خار-
لىغان دەپ قارىمايدىغانسىز...

— ياق، فرانك، ھازىر بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەي -

مەن، سىز ماكرىغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلىمىغان.
فرانك ئۇنىڭغا قاراپ غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى، كۆز
چاناقلىرى ياشقا تولدى.
— بىلەمسىز، مەن ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنى ئاساسەن
ئۇنتۇپ كەتتىم. مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى مەۋجۇت
ئەمەس. مەن خوتۇنۇمغا ئەزەلدىن نەپرەتلەنمىگەن، لې-
كىن، مېنى مۇشۇ كويلارغا سالغان خوتۇنغا، تەڭرىم
تۇرۇپتۇ، قاتتىق نەپرەتلىنىمەن! مەن جېدەلخور ئادەم ئە-
مەس، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى خالىمايتتىم، مەيلى ئەر ياكى
ئايال بولسۇن، ئۆلتۈرۈشنى خالىمايتتىم. ئۇ خوتۇن ئاشۇ
دەرەخ ئاستىدا قانچىلىك ئەر بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلسىمۇ
كارىم يوق ئىدى، باشقا ئىشلارنىڭ مەن ئۈچۈن كارى
چاغلىق ئىدى، لېكىن مەن ياخشى بىر يىگىتنىڭ جېنىغا
زامىن بولدۇم، ئالېكساندرا بوگسېن! مەن ئەينى چاغدا
كاللامدىن ئادىشىپتىمەن، چوقۇم شۇنداق بولغان.
ئالېكساندرا ئۆزى فرانكنىڭ كىيىم ئىشكاپىدا كۆر-
گەن ھېلىقى ھاسىنى ئەسلەپ قالدى. فرانك يېڭى كەل-
گەندە ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى چۈشىدىغان، ئاجايىپ سېھ-
رىي كۆچكە ئىگە يىگىت ئىدى. شۇڭا ئوماخادىكى ئەڭ
چىرايلىق بوخېمىيىلىك قىز ئۇنىڭ بىلەن قېچىپ كەتكە-
نىدى. مانا تۇرمۇش ھازىر ئۇنى مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈ-
رۈپ قويدى. بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك — ھە! ئالېك-
ساندرا ئىچىدە ماكرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. شۇنداق ئو-
چۇق — يورۇق، قىزغىن بىر قىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى
سۆيىدىغان شۇنچە ئادەمگە بالايىئاپەت ۋە قايغۇ — ئەلەم
ئېلىپ كېلىدۇ؟ ئۆزىنى كىچىكىدىن نەگە بارسا قولىدىن

بىر خىل بىزارلىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى باستى. ئۇ فرانك بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، بۇ خىل تۇيغۇ فرانك شارباتنى ئىككى قېتىم قاتۇرۇپ قويغانىدى. ئالېكساندرانىڭ ھازىرلا «چېگرا سىزىقى»غا كەتكۈسى كېلىپ كەتتى.

ئالېكساندرا مېھمانخانىغا كىرىشىگە، مۇلازىمەت ئورنىدىكى يىگىت ئۇنى قولى بىلەن شەرەتلەپ چاقىردى. ئۇ بېرىشىغا بىر تېلېگراممىنى ئۇزاتتى. ئالېكساندرا سىرىق كونۋېرتقا خىيالچان قاراپ قويۇپ، ئۇنى ئاچمايلا لىفتقا چىقتى. ئۇ كارىدوردا كېتىۋېتىپ، ئىشقىلىپ ئەمدى قانداق يامان خەۋەر بولسىمۇ مېنى يىقىتىۋېتەلمەيدۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىدى، گىرىم ئۈستىلىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ تېلېگراممىنى ئاچتى. تېلېگرامما خانۇۋېردىن كەلگەن، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

تۈنۈگۈن كەچتە خانۇۋېرغا كەلدىم، مۇشۇ يەردە ساقلايمەن، تېز قايتىڭ.

كارل لىندستروم

ئالېكساندرا بېشىنى گىرىم ئۈستىلىگە تىرىدى، كۆزلىرىدىن ياش ئېتىلىپ چىقتى.

3

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، كارل بىلەن ئالېكساندرا شىللىر خانىمنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى ئېتىزلىقتا ئايلىنىپ

لى، — ئالېكساندرا ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ قويدى، — ئامى ئۇ دۇنياغا كەتتى، ئۇنىڭغا ئامالىم يوق، لېكىن سىزگە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم قىلىمەن. سىز مېنىڭ سىرتلارغا چىقمايدىغانلىقىمنى بىلىسىز. بۇ قېتىم مەخ-سۇس مۇشۇ گەپنى ئېيتقىلى بۇ يەرگە كەلدىم.

نازارەتچىلەر باشلىقى دېرىزە سىرتىدىن سوئال نەزە-رىدە قارىدى، ئالېكساندرا باش لىڭشىتتى. نازارەتچىلەر باشلىقى كىرىپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى ئاق كۈنۈپكىنى باستى. نازارەتچى كىردى. ئۇ فرانكنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئالېكساندرانىڭ يۈرىكى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ شۋارتىس بىلەن قىسقىلا بىرنەچچە ئېغىز پاراڭ-لىشىپ، تۈرمىدىن قايتىپ چىقتى. شۋارتىس تۈرمىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغانىدى، ئۇ قورقۇپ دەرھال رەت قىلدى. ئالېكساندرا ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا ماشىنا بىلەن كېتىۋېتىپ، ئۆزى بىلەن فرانكنىڭ بىر قېتىملىق قاتتىق بوران - چاپقۇننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلى-رى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدى. ئالېكساندرا قۇياش نۇ-رى پارلاپ تۇرغان سىرتقا چىقالىغىنى بىلەن، لېكىن ئۇ-نىڭ تۈرمۇشىنىڭمۇ قىزىقى تۈگىگەنىدى، فرانكنىڭ ئەھۋالىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئوقۇغۇچى-لىق دەۋرىدە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىككى مىسرا شې-ئىرنى ئېسىگە ئالدى:

بۇ جاھان بۇندىن كېيىن
بولۇر ماڭا پايانسىز تۈرمە. . .

ئالېكساندرا چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. تۈرمۇشقا بولغان

تاسادىپىي كۆرۈپ قاپتۇ. خەۋەردە فرانك شارباتنىڭ سوت-
لىنىش ئەھۋالى قىسقىلا تونۇشتۇرۇلغانىدى. كارل گې-
زىتنى قويۇپلا، ئالېكساندرانىڭ يېنىغا دەرھال يېتىپ بې-
رىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ كېچە - كۈندۈز توختىماي يول
مېڭىپتۇ، ئەڭ تېز پويىز ۋە پاراخوتلارغا چىقىپتۇ، ھاۋا
ناچار بولغاچقا، ئۇ ئولتۇرغان پاراخوت ئىككى كۈن كې-
چىكىپ كەپتۇ.

ئۇلار شىللېر خانىمنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن،
ئۈزۈلۈپ قالغان گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— لېكىن ئىشلىرىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماي
مۇنداقلا يوقاپ كەتسىڭىز بولامدۇ، كارل؟ تىجارىتىڭىز
بىلەن كارىڭىز بولمامدۇ؟ — سورىدى ئالېكساندرا.

— ھەممە ئىشنى ئەتراپلىق ئويلايسىز - دە، ئا-
لېكساندرا، — دېدى كارل كۈلۈپ، — بىلەمسىز، مېنىڭ
شېرىكىم ناھايىتى سەمىمىي ئادەم، ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا
تاپشۇرسام بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ تىجارەتنى باشتا ئۇ
باشلىغان، مەن ئۇنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن كېيىن قوشۇلغان.
مەن كېلەر يىلى باھاردا قايتىمەن، شۇنىڭغىچە سىزمۇ
مەن بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇناپ قالارسىز. بىز مىليون-
لاپ پۇل تاپالمىدۇق، لېكىن ئىشلىرىمىزنى بىر قۇر ئى-
زىغا سېلىۋالدۇق. مەن بۇ يىل قىشنى سىز بىلەن بىللە
ئۆتكۈزمەكچى. ئامىنىڭ ئىشى سەۋەبىدىن ئىككىمىزنىڭ
ئىشى كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتمەس، ئالېكساندرا؟

— ئۇنداق بولمايدۇ، كارل، — ئالېكساندرا بېشىنى
چايقىدى، — ئۇنداق بولمايدۇ. ئەمدى سىز رويى بىلەن
ئوسكارنىڭ گەپلىرىگە پىسەنت قىلماسسىز. ئامىنىڭ ئى-

يۈرەتتى. ئالېكساندرا لىنكولىندىن يېرىم كېچىدىن كېيىن بولغا چىققان، كارل سەھەردە خانوۋېر پويىز ئىستانسىسىغا ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانىدى. ئۇلار ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئالېكساندرا ئاۋۋال شىللېر خانىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا شەھەردىن ئالغاچ كەلگەن سوۋغىتىنى بەردى. ئۇلار خانىمنىڭ هويلىسىدىلا بىردەم پاراڭلاشتى، ئاندىن ئىككىسى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ تۇرغان ئېتىزغا چىقىپ، بىر چۈشتىن كېيىننى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى.

ئالېكساندرا قارا رەڭلىك ساياھەت كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. چۈنكى، قارا رەڭلىك كىيىمنى كۆرسە، كارل بىئارام بولاتتى، يەنە بىرى، ئۇ ئۆزىمۇ ئېغىر روھىي بېسىم هېس قىلاتتى. ئۇ قارا كىيىم ئالېكساندرا تونۇغان كۆرگەن تۇرمىگە ئوخشاپ كېتەتتى، بۇ بىپايان دالا بىلەن ماسلاشمايتتى. كارلدا ئۆزگىرىش چوڭ ئەمەس، چىرايى قارىداپ ئۆزى تولۇپ قاپتۇ، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدەك چىرايىدىن هارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئالىمغا ئوخشىمايتتى. لېكىن هازىرمۇ ئۇنى هېچكىم تىجارەتچى دېمەيتتى. ئۇ ئاشۇ يېقىملىق نۇرلۇق كۆزلىرى، چىرايىدا تۇرۇپ ئۆچۈپ، تۇرۇپ پەيدا بولىدىغان تەبەسسۇمى بىلەن «چېكرا سىزىقى»غا قارىغاندا كلۇبىدىكىگە كۆپرەك ماسلىشاتتى. چۈنكى، چېگرا ئەتراپىدا خىيالپەرەسلەر ئاز ئەمەس.

كارل بىلەن ئالېكساندرا ئەتىگەندىن هازىرغىچە مۇڭداشتى. ئالېكساندرانىڭ خەتلىرى ئەۋەتىلمەپتۇ. كارل يېقىندا بىر قاۋاقخانىدا ئولتۇرۇپ، تۆت هەپتە ئىلگىرى چىققان سان فرانسىسكو گېزىتىدىن بۇ بەختسىز خەۋەرنى

— بىلەمسىز، كارل، — دېدى ئالېكساندرا پەس ئاۋازدا، — ھازىر ئاقى بىلەن سىگنادىن باشقا پاراڭلىشىدىغان ئادىمىم يوق، ماڭا پاراڭ قىلىپ بېرىڭا. سىز چۈشىنەمسىز؟ ماكرى توۋېسكىينىڭ شۇنداق ئىش قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ مەن بولسام بەدىنىمنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىشكە رازىمەنكى، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويمىغان بولاتتىم.

كارل ئالدىدا پارقىراپ تۇرغان سۇ يۈزىگە قاراپ گەپ باشلىدى.

— ئۇمۇ ئۆز بەدىنىنى پارچە - پارچە قىلىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئالېكساندرا. ئىشىنىمەن، ماكرى ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ھەر ئىككىسى شۇنداق. ئامى مۇشۇ سەۋەبتىن مېكسىكىغا كەتمەكچى بولغان. گېپىڭىزدىن قارىغاندىمۇ، ئۇ كەلگىنىگە ئاران ئۈچ ھەپتە بولغان بولسىمۇ، قايتىپ كەتمەكچى بولغان. فرانسىيە چېركاۋىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەير - ساخاۋەت يىغىلىشىغا ئامى ئىككىمىز بىللە بارغان ئاشۇ يەكشەنبە ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقىچىرەك ھېسسىيات بارلىقىنى مەن شۇ كۈنىلا سەزگەن. ئەسلىدە سىز بىلەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلاشماقچى ئىدىم، لېكىن يولدا روئې بىلەن ئوسكار ئۇچراپ پەركايىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇلارغا بەك قاتتىقلىق قىلىپمۇ كەتمەڭ، ئالېكساندرا. كېلىڭ، كۆل بويىدا بىردەم ئولتۇرايلى، سىزگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن.

ئۇلار كۆل بويىدىكى چۆپلۈكتە ئولتۇردى. كارل بىر

ـشى بىلەن هازىر ئۇلار سىزگە قارىغاندا ماڭا بەكرەك ئۆچ
بولۇپ كەتتى. ئۇلار هەممە گۇناهنى ماڭا ئارتتى، پۈتۈن
بالا ـ قازانىڭ مەنبەسى ئۇنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقىنىم
بوپتىمىش.

— روئي بىلەن ئوسكار نىمە دىسۇن، ئەمدى كارىم
يوق. بىشىڭىزغا كەلگەن ئىشنى ئۇقۇپلا، يىنىڭىزدا بول-
ـمىسام بولمايدىغانلىقىنى ئويلىدىم، باشقا هىچقانداق
ئىش كاللامغا كىرمىدى. سىز هەرقانداق ئىشتا غالىب
كىلىدىغان قىز، — كارل سەل ئىككىلىنىپ، ئالىكساند-
رانىڭ قاۋۇل، تولغان بەدىنىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارى-
ـدى، — لىكىن سىز هازىر هەقىقەتەن ماڭا موهتاج، شۇن-
ـداقمۇ، ئالىكساندرا؟

ئالىكساندرا قولىنى ئۇنىڭ بىلىكىگە قويدى.

— ئاشۇ ئىش يۈز بەرگەندە، سىزنىڭ يىنىمدا بول-
ـمىغىنىڭىزغا شۇنچىلىك ئىچىندىم، كارل. سىزنى ئوي-
ـلاپ كىچىچە يىغلاپ چىقتىم. كىيىن سىزدىن رايىم قاي-
ـتىپ كەتكەندەك بولدى، سىزنى ئەمدى ئويلىماسمەن،
دەپ ئويلىغانىدىم، لىكىن تۈنۈگۈن سىزنىڭ تىلىگرامىم-
ـىزنى تاپشۇرۇۋالغىنىمدا، هە. . . هەممە نەرسە بۇرۇن-
ـقى هالىتىگە قايتتى. بىلەمسىز، هازىر بۇ دۇنيادا سىزدىن
بۆلەك يۆلەنچۈكۈم قالمىدى.

كارل ئالىكساندرانىڭ قولىنى جىممىدە تۇتۇپ تۇرات-
ـتى. هازىر ئۇلار شاربات ئائىلىسىنىڭ ئادەمسىز ئۆيى
ئالدىغا كەلگەندى. ئۇلار باغ يىنىدىكى يالغۇز ئاياغ يول-
ـدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى كۆلگە
تۇتىشىدىغان يول بىلەن ماڭدى.

كارل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، سالماق كۈلۈمسىرىدى.

— سۆيۈملۈكۈم، ئۇ ئېنىق بولمىغان بىر سېزىم ئىدى، خۇددى سىز باھارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك، ياز كۈنى جۇدۇننىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغاندەك بىر ئىش. ئېنىق بىر ئىشنى كۆرگەن يېرىم يوق. لېكىن ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ئىككى ياشنى كۆرگىنىمدە، بەدىنىمدىكى قانلارنىڭ ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. نېمە دېسەم بولىدۇ؟ تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم. مەن كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىش ماڭا ناھايىتى سىرلىق، مۇرەككەپ تۇيۇلدى، سىزگە خەت يازاي دېسەم، نېمىدەپ يېزىشىمنى بىلمىدىم.

ئالېكساندرا ئۇنىڭغا ئازابلىق نەزەر تاشلىدى.

— مەن بۇ ئىشقا بۇرۇنقىدەكلا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشتىم. ئادەملەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغۇ، دېگەنلەرنىمۇ ئويلاپ باقتىم. لېكىن بۇ ئىش لاۋېر ماسسېر ياكى يونگ سىمېر كالارنىڭ بېشىغا كەلمەي، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئىنىمنىڭ بېشىغا كېلىدۇ؟

— چۈنكى ئۇ بۇ يەردىكى ئەڭ ياخشى يىگىت. ئۇلار ئىككىسى بۇ يەردىكى ياشلارنىڭ ئالدى ئىدى.

ئىككى دوست ئورنىدىن تۇرۇپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ چاغدا قۇياش غەربكە ئوبدانلا قىيسايغان، چۆپلەرنىڭ سايىسى ئۇزارغان، مۇشۇكياپىلاقلار ئۇۋىسىغا قايتقانىدى. ئۇلار ئىككى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ چېگرىسىنىڭ بۇلۇڭىغا كەلگەندە، ئالېكساندرا ئون ئىككى تايچىقنىڭ تاغ قاپتىلىدا ئويناقشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى.

يىلدىن ئوشۇقراق ۋاقىتنىڭ ئالدىدىكى بىر ئەتىگىنى ئامى
بىلەن ماكرىنى مۇشۇ كۆل بويىدا كۆرگەنلىكى، شۇ چاغ-
دا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە شۇنداق ياش، شۇنداق سۆيۈملۈك،
شۇنداق گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— دۇنيادىكى بەزى ئىشلار مانا شۇنداق بولىدۇ،
ئالېكساندرا، — دېدى كارل سەممىيلىك بىلەن، — مۇن-
داق ئىشلارنى مەن ئىلگىرىمۇ ئۇچراتقان. بەزى ئاياللار
ھەممە يەردە بالا - قازا تېرىپ يۈرىدۇ. لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ
سەۋەنلىكى ئەمەس. بۇ ئۇلارنىڭ بەك گۈزەل، ھاياتي
كۈچى ۋە مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىدىن بولغان. بۇ-
نىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ئامالسىز. خۇددى قىشتا ئادەم
ئۆزىنى ئوتقا ئۇرۇپ تۇرغاندەك، كىشىلەر ئۆزىنى ئۇلار-
غا ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ماكرى تېخى كىچىك قىز ۋاقتىدىلا،
ئۇنىڭدا مۇشۇنداق سېھرىي كۈچنىڭ بارلىقىنى سەزگەن-
دىم. ئېسىڭىزدىمۇ، ئاشۇ كۈنى دۇكاندا ماكرى ئامىغا
كەمپۈت بەرگەندە، بوخېمىيلىك يىگىتلەر ماكرىنى قان-
داق ئورىۋېلىشقانىدى؟ ماكرىنىڭ كۆزىدىن سارغۇچ نۇر
چاقناپ تۇرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانمىدىڭىز؟

ئالېكساندرا چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

— راست دەيسىز، ئۇ ھەرقانداق ئادەم ئامراق بولۇپ
قالغۇدەك قىز. مېنىڭچە بىچارە فرانكمۇ ئۇنى ھازىرغىچە
ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن فرانكنىڭ تۇرمۇشى شۇنداق پارا-
كەندىچىلىك ئىچىدە ئۆتتى، شۇڭا، ئۇزۇندىن بېرى ئۇ-
نىڭ مۇھەببىتى نەپرەتتىنمۇ ئازابلىق ئۆتكەن. سىز ئۇ
ئىشلارنى بالدۇرلا سەزگەن بولغاندىن كېيىن ماڭا ئېيتىسى-
ڭىز بوپتىكەن، كارل.

ئاسمىنىغا قارىدى.

— خۇددى ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، سىز تۇپراققا مەنسۇپ، — دېدى كارل، — ھازىر تېخىمۇ شۇنداق.

— راست، ھازىر تېخىمۇ شۇنداق. سىز ئۆز ۋاقتىدا قەبرىستانلىق، ئايىغى ئۈزۈلمەي يېزىلىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى ھېكايىلەر توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ مانا شۇ ھېكايىلەرنى ھازىر بىز يېزىۋاتىمىز، ئەڭ گۈزەل نەرسىلىرىمىز بىلەن يېزىۋاتىمىز.

ئۇلار چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى ئاخىرقى بىر دۆڭ ئۈستىدە توختىدى. پەس تەرەپ بوگسېن ئائىلىسىنىڭ ئۆيلىرى، تۆگمەن ۋە ئات ئېغىللىرى ئىدى. دۆڭنىڭ ئىككى تەرىپى ئېتىزلىق، دولقۇنلىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ جىگەر رەڭ تۇپراق ئۇپۇققا تۇتاشقان.

— روئې بىلەن ئوسكار بۇلارنى ھېس قىلالمايدۇ، — دېدى ئالېكساندرا تۇيۇقسىز، — مەن ۋەسىيەتنامە يېزىپ، بۇ يەرلەرنى ئۇلارنىڭ باللىرىغا قالدۇرسامىمۇ، بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ يەر كەلگۈسىگە مەنسۇپ، كارل. مەن شۇنداق قارايمەن. يەنە ئەللىك يىللاردىن كېيىن ناھىيىنىڭ تىزىملىك دەپتىرىدە قانچىلىك ئادەمنىڭ ئىسمى قالىدۇ؟ مەن ۋەسىيەتنامە تۇرغۇزۇپ، پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنى ئىنىمنىڭ باللىسىغا قالدۇرسام، بۇمۇ ئوخشاشلا بولىۋېرىدىغۇ؟ بىز بۇ يەرگە مېھمان، لېكىن تۇپراق مەڭگۈلۈك نەرسە. ئۇنى ھەقىقىي سۆيگەن، ھەقىقىي چۈشەنگەن ئادەملا ئۇنىڭ خوجايىنى بولالايدۇ. لېكىن ئۇمۇ ۋاقىتلىق.

كارل ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. ئالېكساندرا

— كارل، — دېدى ئالېكساندرا، — مەن ئەتىيازدا سىز بىلەن بىللە ئۇ يەرگە كېتىشكە رازى. دېڭىز - ئوكيانلارنى كېزىپ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى، مەن دې- ڭىز دېگەننى كۆرۈپ باقماپتىمەن. بۇ يەرگە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، دادام ئىشلىگەن دوك دائىم چۆ- شۈمدىن چىقمايتتى. ئۇ يەردە كىچىك بىر قولتۇق بولىدى- غان، ئىچى پۇتۇنلەي ماچتا ئىدى، — ئالېكساندرا سەل ئويلىنىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن مېنى بۇ يەردىن مەڭگۈلۈك ئايرىۋەتمەيسىز، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئۇنداق بولمايدۇ، سۆيۈملۈكۈم. بۇ يەر- گە بولغان ھېسسىياتىڭىزنى خۇددى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش چۈشىنىمەن، — كارل ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىككى قوللاپ تۇتتى.

— شۇنداق، ئامى تۇگەپ كەتكەن بولسىمۇ، مېنىڭ بۇ يەرگە بولغان مۇھەببىتىم قىلچە ئۆزگەرمىدى. بۇگۈن ئەتىگەن پويىز خانوۋېرغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، قورغاق- چىلىق بولۇپ كەتكەن ئاشۇ يىلى ئامى بىلەن دەريا بويى- دىن ھارۋىلىق قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدىكىدەك ھېسسىيات- قا كېلىپ قالدىم. تۇرغان ماكانىڭىزغا قايتىپ كەلسىڭىز باشقىچە خۇشال بولىدىكەنسىز. بۇ يەردە تۇرغىنىمغىمۇ ئۇزۇن بولدى، بۇ يەر ناھايىتى تىنچ، ئەركىن، كارل... فرانك تۈرمىدىن قايتىپ چىققان چېغىمدا، ئۇ- زۇمنى بۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن ھېس قىلالمايمەن، دەپ ئويلىغاندىم، لېكىن بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈمنى يەنە ئەركىن سەزدىم، — ئالېكساندرا چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، قىزىللىققا چۆمۈلگەن غەرب

ئىككىسى «چېگرا سىزىقى»نى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئۆيگە كىردى. گۆگۈم چۈشۈشگە پەيدا بولغان بىر تال يۇلتۇز كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇ نېمىدېگەن ئامەتلىك دالا! ئۇ ئالېكساندراغا ئوخشاش ساداقەت ئىگىلىرىنى كەڭ قۇچاق ئېچىپ قوبۇل قىلدى، ئاندىن ئۇلارنى يەنە كىشىلىك دۇنياغا — ئالتۇن رەڭ بۇغدايلارغا، شار - شار ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىغان قوناقلارغا، ياشلىق باھارنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىگە تەقدىم قىلدى.

تېخىچە غەربكە قاراپ تۇراتتى، چىرايىدا ئاجايىپ بىر ئالىيجانابلىق ۋە خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرەتتى. ھېسسىيات قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭدا مۇشۇنداق ھالەت كۆرۈلەتتى.

— بۇ ئىشلارنى قانداقسىگە ھازىر ئويلاپ قالدىڭىز، ئالېكساندرا؟

— مەن لىنكولىنغا بېرىشتىن ئىلگىرى بىر چۈش كۆرگەن. بۇ چۈشۈمنى كېيىن دەپ بېرىمەن، توي قىلغاندىن كېيىن دەپ بېرەي. ھازىر بۇ چۈشۈم مەن ئەسلىدە ئويلىغاندەك ئەمەلگە ئاشمايدۇ، — ئۇ كارلنى قولتۇقلاپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، — بۇ يولدا ئىككىمىز بىرلىكتە قانچە قېتىملاپ ماڭغان، كارل، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرلىكتە قانچىلىك ماڭىمىز! سىز بۇ قېتىم ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندەك ھېسسىياتتا بولدىڭىزمۇ؟ بۇ مۇھىتتا ئۆزىڭىزنى خاتىرجەم سېزەمسىز؟ مېنىڭچە، بىز بەختلىك ئۆتەلەيمىز. بىزنىڭ قورقىدىغان يېرىمىز يوق. مېنىڭ قارىشىمچە، يېقىن دوستلار ئۆزئارا توي قىلسا بىرقەدەر ئىشەنچلىك بولىدۇ. بىز ئۇ ياشلارغا ئوخشاش ئازابقا دۇچار بولمايمىز، — ئالېكساندرا ئاخىرىدا چوڭقۇر تىنىپ قويدى.

ئۇلار ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئىشىكنى ئېچىشتىن ئىلگىرى، كارل ئالېكساندرانى ئۆزىگە تارتىپ لەۋلىرىگە، كۆزلىرىگە يېنىك سۆيدى.

ئالېكساندرا ئۇنىڭ مۈرىسىگە يۆلەندى.

— مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — مەن يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىنى بەك تارتتىم، كارل.

本书根据人民文学出版社 2001 年 1 月第 1 版北京第 1 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 2001-يىل 1-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى بېيجىڭ 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە تەھرىرى: پەرھات ئىلياس

مەسئۇل مۇھەررىر: ياقۇپ مۇھەممەتروزى

مەسئۇل كوررېكتور: رىشت ۋاھىدى

# بوزدا ئېچىلغان گۈل

تەرجىمە قىلغۇچى: ئارزۇگۈل سابىت

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862

تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى

تور ئادرېسى: http://www.e56.com.cn

باسقۇچى: يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

نەشرى: 2004-يىل 5-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

بېسىلىشى: 2004-يىل 5-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

ئۆلچىمى: 1168x850مم. 32 كەسلەم

باسما تاۋىقى: 9.25

سانى: 0001 — 3000

باھاسى: 12.00 يۈەن